ئەركىن سىدىق يازمىلىرى (تور كىتاب 8-قىسىم)

# دۇنيا چوڭ كېمىسىدىكى جۇڭگو ۋە ئۇيغۇرلار









ئەركىن سىدىق يازمىلىرى (تور كىتاب 8-قىسىم)

# دۇنيا چوڭ كېمىسسىدىكى جۇڭگو ۋە ئۇيغۇرلار

ئاپتور ۋە مۇقاۋىچى: ئەركىن سىدىق (ئامېرىكا)
ئېلخەت: erkinsidiq@gmail.com



**ئاپتور: دوكتور ئەركىن سىدىق (2016. 9. 11)**

# بېغىشلىما

مەن بۇ كىتابنى ۋەتەندىكى ئۆز ئاۋازىنى چىقىرىش ۋە ئۆز بىلىم-ئىقتىدارلىرىنى ئىشقا سېلىش ئىمكانىيىتىدىن ئايرىلغان بارلىق مىللەتپەرۋەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا بېغىشلايمەن.

ئەركىن سىدىق

**2017**-يىلى **15**-دېكابىر

# ئۆزنى ساقلاپ قېلىشنىڭ بىر مۇھىم شەرتى ئۆزنى ۋە ئۆزگىنى چۈشىنىش

**—ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى—**

ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، 2016-يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر دىيارىدا شىددەتلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ يىلنىڭ بېشىغا كەلگەندە ۋەتەندىكى مەن ماقالە چىقىرالايدىغان ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق تاقىلىپ كەتتى. مېنىڭ ۋەتەندىكىلەر بىلەن تور ئالاقىسى قىلىشىم تور كىتابىمنىڭ 7-قىسمىنى ۋەتەندىكىلەرگە 2017-يىلى 16-ئاپرېلدا ئېلخەت ئارقىلىق ماڭدۇرۇش بىلەن ئاخىرلاشتى. مەن بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، ناھايىتىمۇ تىت-تىت بولۇشقا باشلىدىم. مەن ئۆزۈم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئىشلارنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى چۈشىنىپ ياشاشنى ئۆزۈم ئۈچۈن بىر ئادەت قىلىۋالغان بولغاچقا، بۇ يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ سىياسىي جەھەتتىن ئىزدىنىپ، ئۇيغۇر دىيارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دۇنيا ۋە جۇڭگو ۋەزىيىتىنى خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمى نۇقتىسىدىن بىر قۇر چۈشىنىپ بېقىشقا بەل باغلىدىم. ھەمدە ئۇچراتقان ياخشى مەنبەلەر ئاساسىدا ئۇيغۇرچە ماقالە يېزىپ، ئۇلارنى چەت ئەلدىكى تورلاردا «ئەلروھلان» نامىدا ئېلان قىلدىم. بۇ يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە جەمئىي 15 پارچە ماقالە تەييارلىدىم. مەزكۇر تور كىتابقا كىرگۈزۈلگىنى ئەنە شۇ 15 پارچە ماقالىدىن ئىبارەت.

نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلار ئۆز كەسپىدىن باشقا يەنە سىياسەتكە ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمىگە قىزىقىدۇ. مەنمۇ شۇنداق. ئەمەلىيەتتە مەن 1970-يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ، يەنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىلا سىياسىيغا قىزىقىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇنى بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم. مىللەتنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇرۇپ، ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، ۋە ئامېرىكىدا ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز كەسپىمنى تەبىئىي-پەندىن سىياسىي ئىلىمگە ئوخشاش بىر ئىجتىمائىي پەن كەسپىگە ئۆزگەرتىشكە 3 قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتىم. ئەمما ئۇنداق قىلالمىدىم. بۇ ھەقتە مەن ئۆزۈمنىڭ بىر پارچە ماقالىسىدە بىر قىسىم مەزمۇنلارنى يازغان بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلارنى قايتا تەكرارلىمايمەن.

قىسقىسى، ئەگەر سىز ئۇيغۇرلار ھازىر بىر قانداق خەلقئارا ۋە جۇڭگو ۋەزىيىتى ئىچىدە ئىكەنلىكى، ئۇيغۇر دىيارىدا، جۇڭگودا، جۇڭگو-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدە، ئاسىيادا، ۋە دۇنيادا بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى بىر قىسىم نوپۇزلۇق ۋە ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئېرىشىشنى خالىسىڭىز، بۇ كىتابنى چوقۇم بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىڭ.

مەن بۇ كىتابتىكى 1-ماقالىنى تەييارلاشتىن بۇرۇنلا مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن سىياسىي تېمىلارنى مەزمۇن قىلغان ماقالىلەرنى توپلاپ، مۇشۇنداق بىر تور كىتابى تەييارلاپ، ئۇنى چەت ئەلدىكى ۋەتەنداشلار، ھەمدە ۋەتەندىن سىرتتا تۇغقان يوقلاپ ياكى ساياھەت قىلىپ چىققان قېرىنداشلارنىڭ بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشىغا سۇنۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىدىم. بىر يىل ئىچىدىلا ۋەتەندە ئاسمان-زېمىن

**ئۆزگىرىش بولۇپ، ۋەتەندىن سىرتتا چىقىدىغانلارنىڭ يولى ئاساسەن توسۇلۇپ كەتتى. مەن بۇنداق ئەھۋالغا قاتتىق ئېچىنىمەن ۋە غەزەپلىنىمەن. شۇنداقلا چەت ئەلدىكى ۋەتەنداشلار بولسىمۇ بۇ كىتابتىكى مەزمۇنلاردىن خەۋەر تېپىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.**

**ئەركىن سىدىق**
**ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس شەھىرى**
**2017-يىلى 15-دېكابىر**

# مۇندەرىجە


ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى ............................................................................. 5

جۇڭگو ئاسىيادىكى ھۆكۈمران كۈچ بولالامدۇ......................................................... 8

جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشۇش ئېھتىماللىقى قانچىلىك؟ .......................................... 25

ترامپنىڭ پرېزىدېنت بولۇشى جۇڭگو ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ...................................... 33

مىللەت دۆلىتى، مەدەنىيەت دۆلىتى، ۋە ئاسسىمىلياتسىيە .................................................. 48

شى جىنپىڭ جۇڭگونى بۇنىڭدىن كېيىن قايسى تەرەپكە يېتەكلەيدۇ؟....................................... 59

جۇڭگو دۇنيادىكى 1-ئورۇنغا چىققاندا ..................................................................... 70

تارىخ بىلەن سۆھبەت: ئامېرىكا، غەرب، ئاسىيا، ۋە جۇڭگو.................................................. 81

جۇڭگو نېمىشقا تىنچ يول بىلەن تەرەققىي قىلالامدۇ؟ ....................................................... 95

نېمىشقا لىدېرلار يالغانچىلىق قىلىدۇ؟................................................................ 115

جۇڭگونىڭ بىر بەلۋاغ، بىر يول پىلانى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........................................ 124

جۇڭگونىڭ ئۇيغۇر دىيارى ۋە پاكىستاندىن ئۆتىدىغان يېڭى يىپەك يولى................................ 130

پاكىستان پارچىلىنىپ كېتەمدۇ؟................................................................... 139

جۇڭگو «يۇمشاق كۈچ» تە دۇنيادىكى 1-ئورۇنغا چىقالامدۇ؟............................................ 148

زېرەك كۈچ (Smart Power) ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە............................................. 160

پرېزىدېنت ترامپ، مىللەتچى ئاق تەنلىكلەر ۋە مۇسۇلمانلار............................................ 169

# جۇڭگو ئاسىيادىكى ھۆكۈمران كۈچ بولالمايدۇ

**2016-يىلى 12-ئاينىڭ 18-كۈنى**

## 1. كىرىش سۆز

يېقىنقى بىر مەزگىل ۋاقىتتىن بۇيان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ياخشى خەۋەرلەرنى ئاساسەن ئاڭلىغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ساھەلەردە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، خەلقئارا جەمئىيەتلىرىنىڭ ئىنسان ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىشى، غەرب ئەللىرىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ مىللەتچىلىك ئېڭىنىڭ يېڭىدىن كۈچىيىشى، ۋە بۇرۇنقى ئامېرىكا پرېزىدېنتلىرىغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان دونالد ترامپنىڭ ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولۇپ سايلىنىشى چەت ئەلدىكى كۆپلىگەن ۋەتەنداشلارنى يېڭىۋاشتىن چوڭقۇر ئويلاندۇرۇشقا باشلىدى، دەپ ئويلىساق، خاتا بولماسلىقى مۇمكىن. شەخسەن مەن يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى قانداق قىلغاندا توغرا، ئىلمىي ۋە تولۇق چۈشەنگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا باشلىدىم. مەن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر قىسىم چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ھەققىدىكى مۆلچەرلەر يېزىلغان بىر قانچە پارچە كىتابلارنى سېتىۋېلىپ ئوقۇپ باقتىم. ئەمما ئۇنىڭ نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمىدى—ئۇ كىتابلاردىكى بەزى قىياسلارنىڭ ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ پەرەزلەر راست بولۇپ چىقمىدى. نۆۋەتتىكى يۈزلىنىشلەردىن ئۇ پەرەزلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن راست بولۇپ چىقىشىغىمۇ ئاساسەن ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئىزدىنىشنى بىر قىسىم خەلقئارادا تونۇلغان مۇتەخەسسىسلەر ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە سۆزلىگەن ئىلمىي دوكلاتلىرى ۋە ئىلمىي لېكسىيىلىرىگە، ھەمدە رەسمىي ۋە نوپۇزلۇق ئورۇنلار ئىشلەپ يۇتيۇبقا چىقارغان ھۆججەتلىك فىلىملارغا قاراتتىم. مېنىڭ مەقسىتىم تۆۋەندىكىدەك سوئاللارغا ئۆزۈم قايىل بولغۇدەك جاۋاب تېپىش:

--ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردە، جۇڭگو يېقىن كەلگۈسىدە ئاسىيا ياكى دۇنيادىكى 1-ئورۇندىكى ھۆكۈمران كۈچكە ئايلىنالامدۇ؟

--ھازىر دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىمپېرىيىلەردىن قايسىلىرى بار؟

--دۇنيا تارىخىدا 2 ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ چوڭ ئىمپېرىيىلەر تەڭ مەۋجۇت بولغاندا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغان؟

--ھازىرغىچە جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا قانداق كۈچ سىناشلار يۈز بەرگەن؟

--جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئۇرۇشامدۇ؟ ئۇرۇشسا ئۇنىڭ قانداق خەۋپلىرى بار؟

--جۇڭگو ئىقتىسادىدا چوڭ مەسىلە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسىي ئامىللار قايسى؟

--ھازىر جۇڭگودا يۈز بېرىۋاتقان ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

--دونالد ترامپنىڭ پرېزىدېنت بولۇشى جۇڭگو ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ئۆزۈم هازىرغىچە تاپقان ئىلمىي ئۇچۇر ۋە سانلىق مەلۇماتلاردىن باشقا ۋەتەنداشلارنىمۇ خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇش يۈزىسىدىن، مەن مۇشۇ ماقالە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە پارچە ماقالىلەردە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەنبەلەردىن ئېلىنغان ئىلمىي كۆز-قاراشلار ۋە سانلىق مەلۇماتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. مەن تالللىغان مۇتەخەسسسلەرنىڭ كۆپىنچىسى جۇڭگوغا پات-پات بېرىپ تۇرىدىغان ئاكادېمىكلەر، چەت ئەل هۆكۈمەتلىرىنىڭ جۇڭگو ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىش ئورگانلىرىدا ئىشلىگەن ياكى ئىشلەيدىغان كەسپىي ئەمەلدارلار، ياكى بولمىسا بۇرۇن جۇڭگودىكى چەت ئەل هۆكۈمەتلىرىگە تەۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلاردا ياكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەردە كونسۇل، مەسلىھەتچى ياكى پروفېسسور بولۇپ ئىشلەپ باققان كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەن بۇ قېتىم خېلى كۆپ تېمىلار ئۈستىدە توختىلىدىغان بولۇپ، ئۇ تېمىلارنى بىرەر ئالاھىدە تەرتىپ بويىچە تىزىپ ئولتۇرىغا قويمايمەن. ئۇ تېمىلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا ۋە جۇڭگو ۋەزىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى جۇڭگودا بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەر بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، دۇنيا ۋە جۇڭگونىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار بولغان ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىش ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن ئۆزۈم توختىلىدىغان تېمىلار ئۈستىدە ئۇزۇن مۇددەت تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە ئاكادېمىيىلىك تەتقىقات ئېلىپ بارغان كەسىپ ئەھلى ئەمەس. ئەمما مەن بۇ قېتىم يېڭى ماقالىلەرنى تەييارلاش ئۇچۇن ئاشۇ ساھەدە ئۇزۇن مۇددەت تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە ئاكادېمىيىلىك تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغان كەسىپ ئەھلىلىرى ۋە چەت ئەل ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلىدىكى بىر قىسىم ئىلمىي دوكلاتلىرى ۋە ئىلمىي لېكسىيىلىرىنى قايتا-قايتىلاپ ئاڭلىدىم. شۇنداقلا ئىلىم ۋە كەسىپ ئەھلىلىرى ئىشلىگەن بىر قىسىم يۇتيۇب ھۆججەتلىك فىلىملىرىنى قايتا-قايتا كۆرۈپ چىقتىم. مېنىڭ ماقالىلىرىمدىكى مەزمۇنلار ئەنە شۇ ئىلمىي دوكلات، ئىلمىي لېكسىيە ۋە نوپۇزلۇق ھۆججەتلىك فىلىملاردىن كەلگەن. يەنى مېنىڭ ماقالىلىرىمدىكى ئىدىيىلەرنىڭ ھەممىسى ماقالىدە كۆرسىتىلگەن مەنبەلەرنىڭ ئىگىلىرىگە تەۋە بولۇپ، ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ ئىدىيىسىنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى چوقۇم «ئىلاۋە» قىلىپ ئايرىم ئابزاستا يازىمەن. شۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ ئوينايدىغان رولۇم بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ رولىغا ئوخشاپ كېتىدۇ: ئوقۇتقۇچىلار باشقىلارغا يالغۇز ئۆزلىرى بايقىغان يېڭى بىلىملەرنىلا يەتكۈزۈپ قالماستىن، بەلكى ئاساسىي جەھەتتىن باشقىلار بايقىغان ۋە پۈتۈن دۇنيا بويىچە توپلانغان بىلىملەرنى يەتكۈزىدۇ.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، چەت ئەلدىكى جىددىي ھايات ئىچىدە تۇرۇپ، ئىلمىي دوكلات ۋە لېكسىيىلەرنى ئاڭلاپ، ھەمدە ھۆججەتلىك فىلىملارنى كۆرۈپ، ئۇلاردىكى مەزمۇنلارنى خەنزۇ تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ھەمدە ئۇلارنى قىسقارتىپ ۋە قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇرچە ماقالە قىلىپ يېزىپ چىقىشتا ئىنتايىن كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. يەنى، ماقالە يېزىش ئىنتايىن كۆپ ئەجىر تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما تەنقىد قىلىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى ھەممە ئادەم قىلالايدىغان ئەڭ ئاسان ئىشلارنىڭ بىرى. يەنى، باشقىلارنى تەنقىد قىلىش ئۈچۈن خەت يازالىسا ياكى گەپ قىلالىسىلا كۇپايە. بىرەر ئۆلچەم قوللانماي تۇرۇپ باشقىلارنى ئۆز خاھىشى بويىچە تەنقىد قىلىش ھېچ قانداق بىلىم ۋە ئىقتىدار تەلەپ قىلمايدۇ. ئەمما مەن تەييارلايدىغان ماقالىلەردىكى مەزمۇنلارنىڭ سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان بىر سەۋىيىدە ئىنكاس ۋە پىكىر يېزىش خېلى كۆپ بىلىم ۋە خېلى يۇقىرى ئاكادېمىيىلىك سالاھىيەت تەلەپ قىلىدۇ.

شۇڭلاشقا مەن ماقالىلەرگە ئىنكاس يازىدىغان قېرىنداشلارنىڭ بۇ نۇقتىلارنى ئەستىن چىقارماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن. ئوقۇرمەنلەردىن تايىنى يوق ئىنكاسلار بىلەن بۇ تېمىنى قالايمىقانلاشتۇرماسلىقنى ئۆتۈنىمەن.

مەندىن كىشىلەر داۋاملىق «مەن مىللىتىم ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيمەن؟» دەپ سورايدۇ. بۇگۈنكى زاماندا مىللەت ئۈچۈن قىلىپ بەرگىلى بولىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش. «ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، مەن ئاشۇ تېما ئۈستىدە كېيىنچە ئايرىم توختىلىشىم مۇمكىن. مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم، ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش يولىدا قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى كۆپلەپ بىلىم ئېلىش. مەن ئۆزۈم ھازىردىن باشلاپ تەييارلايدىغان ماقالىلەرنىڭ ھەر بىر ئۈيغۇرنىڭ كۆپلەپ بىلىم ئېلىشىدا بىر قىسىم مۇھىم رولىنى ئوينىيالىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

### مەزكۇر ماقالە ھەققىدە

مېنىڭ مەزكۇر ماقالىدە تونۇشتۇرىدىغىنىم «نېمە ئۈچۈن جۇڭگو ئاسىيانى سورايدىغان ھۆكۈمران كۈچ بولالمايدۇ؟» دېگەن تېمىدىكى بىر ئىلمىي لېكسىيە بولۇپ، ئۇ لېكسىيەنى پول دىب (Paul Dibb) ۋە جون لى (John Lee) ئىسىملىك ئىككى نەپەر مۇتەخەسسىس 2015-يىلى ئاۋستىرالىيەدىكى بىر داڭلىق ئالىي مەكتەپتە سۆزلىگەن. بۇ ئىككى نەپەر ئەپەندى يۇقىرىدىكى تېمىدا بىر پارچە ئىلمىي دوكلاتمۇ تەييارلىغان بولۇپ، مەن بۇ قېتىم تورلارنى ئىزدەپ، ئۇ دوكلاتنىمۇ تاپتىم. لېكسىيەنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ دوكلات ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈن تەييارلانغاندەك قىلىدۇ.

دوكتور جون لى ئەپەندى لېكسىيە بىلەن دوكلاتنىڭ ئىقتىسادىي ساھەگە تەۋە قىسمىغا، پول دىب ئەپەندى بولسا ھەربىي ساھە قىسمىغا مەسئۇل بولغان بولۇپ، مەن ئالدى بىلەن يۇقىرىدىكى لېكسىيە بىلەن دوكلاتنىڭ ئىقتىسادىي ساھەگە دائىر مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن.

ئىقتىسادقا ئائىت مەزمۇننىڭ ئىگىسى بولغان دوكتور جون لى ئاۋستىرالىيەدە خەلقئارالىق ئىقتىسادىي ۋە بىخەتەرلىك ئىشلار ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاكادېمىك بولۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونلىرىنى ئاساس قىلىدىكەن. ئۇ ئاۋستىرالىيە مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى (Australian National University) نىڭ ئىستراتېگىيە ۋە ھەربىي مۇداپىئە تەتقىقات مەركىزىنىڭ ياردەمچى پروفېسسورى، سىدنېي ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا بىخەتەرلىك تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى، ھەمدە ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندىكى خۇدسون ئىنستىتۇتى (Hudson Institute) نىڭ ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى ئىكەن. شۇنداقلا ئۇ ئاۋستىرالىيە رايونلۇق بىخەتەرلىك ئىنستىتۇتىنىڭ دىرېكتورلىرىنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇنىڭ يەنە سىنگاپوردىكى شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ۋاقىتلىق ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى، ۋە كوكودا فوندى جەمئىيىتىنىڭ دىرېكتورى بولۇشتەك ۋەزىپىلىرىمۇ بار ئىكەن. جون لى ھازىر ئامېرىكا ۋە ياپونىيە ھۆكۈمەتلىرىگە ئاسىيانىڭ ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىك جەھەتتىكى ئىستىقبالى توغرىسىدا مەسلىھەتچىلىكمۇ قىلىدىكەن.

## 2. جۇڭگو ئىقتىسادى ھەققىدە

بەزىلەر بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە زور دەرىجىدە كۈچىيىشى ۋە ئاجىزلىششى بىلەن ئۇنىڭ

ھەربىي جەھەتتىمۇ كۈچىيىشى ئاجىزلىششى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار، دېگەن كۆز-قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگوغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش مەسىلىسىدە ئۆز-ئارا قارىمۇ قارشى بولغان 2 خىل ئىدىيە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ بىرى، جۇڭگو ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلىپ مېڭىپ، ئەڭ ئاخىرى دۇنيادىكى ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئامېرىكىمۇ يول قويمىسا بولمايدىغان ئەھۋال ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، دېگەن ئىدىيىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ يەنە بىرى بولسا، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ھازىرقىدەك تېز تەرەققىي قىلىشى مەڭگۈ داۋاملىشىۋەرمەيدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ ھەربىي كۈچى خۇددى ھازىرقىدەك ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۈچ سەۋىيىسىدىن كۆپ ئارقىدا قېلىپ ماڭىدۇ، دېگەن ئىدىيىدىن ئىبارەت. بىز، يەنى ئەسلىدىكى مەنبەنىڭ ئاپتورلىرى 2-خىل ئىدىيىنى توغرا دەپ قوبۇل قىلىمىز. يەنى، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە جۇڭگو ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتە توختاۋسىز تەرەققىي قىلىپ، ئاسىيانى سورايدىغان ھۆكۈمران كۈچكە ئايلىنالمايدۇ. ئۇنداق بولۇشىغا جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ھەر خىل چەكلىمىلەر سەۋەبچى بولىدىغان بولۇپ، تۆۋەندە بىز ئاشۇ سەۋەبلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئانالىز قىلىپ ئۆتىمىز.

ئىقتىسادشۇناسلىق ئىلمى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان مۇنداق 3 ئامىلنى ئېتىراپ قىلىدۇ: (1) كاپىتال (ياكى پۇل) مەبلىغىنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتىش، (2) ئەمگەك كۈچى مەبلىغىنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتىش، ۋە (3) كاپىتال ۋە ئەمگەك كۈچى مەبلەغلىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش. گەرچە ئوخشىمىغان ئەللەر ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا قوللىنىدىغان ئۇسۇللار ئۆز-ئارا ئازراقتىن پەرقلەنسىمۇ، يۇقىرىدىكى ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بارلىق سىياسىي-ئىقتىساد قۇرۇلمىلىرىغا ماس كېلىدىغان بولۇپ، ھېچ قانداق بىر ئەل ئىقتىسادىنى ئاشۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرالمايدۇ.

ياپونىنىڭ ئىقتىسادى 1960-يىلىدىن 1980-يىلىغىچە بولغان 20 يىل ۋاقىت ئىچىدە ھەر يىلى 10 پىرسەنتتەك ئۆسۈپ ماڭغان. ئەمما 1995-يىللىرىغا كەلگەندە ياپون ئىقتىسادىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى ئاساسەن نۆل پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى. بەزى مۇتەخەسسىسلەر ياپون ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆرۈلگەن ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇلار كاپىتال ۋە ئەمگەك كۈچى مەبلىغىنىڭ مىقدارىنى ئۆستۈرۈشتە خېلى كۈچىگەن بولسىمۇ، بۇ ئىككى خىل مەبلەغنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ ماڭغانلىقى ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەپ چىقتى. يەنى كاپىتال ۋە ئەمگەك كۈچى مەبلىغىنىڭ مىقدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىپ ماڭالمىغان ئىقتىساد چوقۇم تەرەققىياتتىن توختاپ قالىدۇ.

### (1) جۇڭگو ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ كاپىتال مەبلەغ مىقدارى جەھەتتىكى چەكلىمىسى

كۆپلىگەن ئوبزورچىلار جۇڭگونىڭ ئېكسپورت سانائىتى ۋە ئۇنىڭ «دۇنيا زاۋۇتى» غا ئايلىنىشى جەھەتتىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە كۆپرەك توختىلىدۇ. ئېكسپورت سانائىتى ھەقىقەتەنمۇ جۇڭگو ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھازىر 50 مىليوندەك ئادەم بىۋاسىتە، يەنە 100 مىليوندەك ئادەم ۋاستىلىك ئىشلەيدۇ. ئەمما جۇڭگو ئىقتىسادىغا چوڭراق تۆھپە قوشقىنى ئېكسپورت ئەمەس، بەلكى دۆلەت ئىچىدە ئىشقا ئاشۇرۇلغان مۇقىم مەبلەغ (ئەلروھلان: مەن «مۇقىم مەبلەغ» نى «كاپىتال مەبلىغى» نىڭ بىر تۈرى، دەپ چۈشەندىم) دىن ئىبارەت. 1980- ۋە 1990-يىللاردىكى جۇڭگو ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ 40 پىرسەنتى ئەنە شۇنداق

مۇقىم مەبلەغ ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلغان. 2009-يىلىغا كەلگەندە ئىقتىسادىي ئۆسۈشنىڭ 70 پىرسەنتى مۇقىم مەبلەغ ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

يۇقىرىدىكى سانلارنى تۆۋەندىكى پاكىتلار ئارقىلىق ياخشىراق چۈشەنگىلى بولىدۇ: 1950- ۋە 1960-يىللىرىدىكى ياپون، جەنۇبىي كورىيە ۋە تەيۋەننىڭ تېز سۈرئەتتە سانائەتلىشىش دەۋرىدە مۇقىم مەبلەغ دۆلەت يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ پەقەت 30 پىرسەنتىنىلا ئىگىلىگەن (ئەلروھلان: دۆلەت يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئىنگلىزچە «Gross Domestic Product» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، مەن تۆۋەندە ئۇنىڭ قىسقارتىلمىسى «GDP» نى ئىشلىتىمەن). ئەمما جۇڭگودا بۇ قىممەت 1980-يىللىرى 35 پىرسەنت بولغان بولسا، 1999-يىلى 38 پىرسەنتكە ۋە 2004-يىلى 45 پىرسەنتكە ئۆستى. ھازىر بولسا بۇ قىممەت 49 پىرسەنتكە چىقتى. مۇقىم مەبلەغنىڭ GDP نىڭ 49 پىرسەنتىنى ئىگىلىشى پەقەت جۇڭگودىلا يۈز بەرگەن ئىش بولۇپ، جۇڭگو بۇ ئىشتا ھازىر دۇنيادىكى چوڭ ئىقتىسادىي دۆلەتلەر ئىچىدە 1-ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۇ قىممەتنى تۆۋەندىكىدەك چۈشىنىشمۇ مۇمكىن: ئالدىنقى 10 يىل ئىچىدە جۇڭگو ئىقتىسادى 162 پىرسەنت ئۆستى. بۇ 162 پىرسەنتلىك ئۆسۈشنىڭ 6 پىرسەنتى يېڭىدىن قوشۇلغان ئەمگەك كۈچىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ 135 پىرسەنتى مۇقىم مەبلەغدىن كەلدى. يەنى، 162 پىرسەنتلىك GDP ئۆسۈشىنىڭ ئاران 19 پىرسەنتى كاپىتال مەبلىغى بىلەن ئەمگەك كۈچى مەبلىغىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىدىن كەلدى. بۇ دېگەنلىك ئالدىنقى 10 يىل ئىچىدە جۇڭگو GDP سىنىڭ ئۆسۈشىنىڭ 80 پىرسەنتى مۇقىم مەبلەغدىن كەلدى، دېگەنلىك بولىدۇ.

مۇشۇنداق يۇقىرى مىقداردىكى مۇقىم مەبلەغكە تايىنىپ ئىقتىسادنى ئۆستۈرۈش دۇنيا تارىخىدا بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش. شۇڭلاشقا، ھازىر كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قارىشىچە جۇڭگونىڭ ھازىرقىدەك مۇقىم مەبلەغكە تايىنىپ ئىقتىسادنى ئۆستۈرۈپ مېڭىشى ئانچە ئۇزۇنغا بارمايدۇ.

يۇقىرىدىكى يەكۈننىڭ دەلىللىرى ناھايىتىمۇ كۆپ. مەسىلەن، 1980-يىللىرى جۇڭگو 2 دوللار مەبلەغ سېلىپ بىر دوللار پۇل تاپالايتتى. 1990-يىللىرى 4 دوللار مەبلەغ سېلىپ بىر دوللار پۇل تاپالايدىغان بولدى. 2011-يىلىغا كەلگەندە 5 دوللار مەبلەغ سېلىپ ئاندىن بىر دوللار پۇل، 2012-يىلى بولسا 5.5 دوللار مەبلەغ سېلىپ بىر دوللار پۇل تاپالايدىغان بولدى. شەرقىي-ئاسىيادىكى باشقا ئەللەرنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، مەبلەغ بىلەن پايدا مۇشۇنداق 5.5:1 نىسبەتكە چۈشۈپ قالغان ئىقتىساد ئېغىر دەرىجىلىك ئىسراپچىلىقتا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنداق ئىقتىسادنىڭ ئۆمرى ئانچە ئۇزۇنغا بارمايدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئېغىر دەرىجىكى ئىسراپچىلىق تۈپەيلىدىن، جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ قەرزى 2008-يىلى GDP نىڭ 147 پىرسەنتىگە توغرا كەلگەن بولۇپ، 2014-يىلىغا كەلگەندە GDP نىڭ 250 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتتى. دوللار قىممىتى بويىچە چۈشەندۈرگەندە، جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ قەرزى 2008-يىلى 9 – 10 تىرىللىيون دوللار بولۇپ، 2014-يىلى 20 – 25 تىرىللىيون دوللاردىن ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكىدىكى بارلىق سودا بانكىلىرىنىڭ بايلىقىنى قوشقاندىمۇ 20 تىرىللىيون دوللارغا بارمايدۇ.

يۇقىرىدىكىسى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئەھۋال. ئاشۇنداق زور مىقداردىكى كاپىتال مەبلىغىنى قەرز ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ھازىر جۇڭگو ئىقتىسادىدا بىر قىسىم ئېغىر مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا باشلىدى. 2011-يىلى جۇڭگونىڭ قەرزى ئۇنىڭ ماددىي بايلىقىنىڭ 105

پىرسەنتتگە توغرا كەلگەن بولۇپ، بۇ سان دۇنيادىكى ئىقتىسادتا ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان 20 دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى سانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھازىر جۇڭگونىڭ قەرزگە بەرگەن ئەمما ھېچ قانداق پايدا ئەكەلمەيدىغان پۇلىنىڭ قىممىتى 2 تىرىللىيون دوللارغا باراۋەر كېلىدۇ.

1990- ۋە 2000-يىللىرى جۇڭگونىڭ ئېكسپورت ئىقتىسادى GDP نى ئۆستۈرۈشتىكى ئاساسىي كۈچ بولغان. ئەمما ھازىر ئۇنداق بولالمايدىغان بىر ئەھۋال مەيدانغا كەلدى. شۇڭلاشقا جۇڭگو ئىقتىسادى بۇنىڭدىن كېيىن 1990- ۋە 2000-يىللىرىدىكىدەك تېز تەرەققىي قىلالمايدۇ.

يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ بىر ئۇسۇلى كاپىتال مەبلەغ بىلەن ئېكسپورتقا تايىنىپ ئىقتىسادنى ئۆستۈرۈشنى دۆلەت ئىچىدىكى ئىستېمالغا تايىنىشقا ئۆزگەرتىش. ئەمما، بۇ ئۇسۇلدىمۇ 2 مەسىلە بار. ئۇنىڭ بىرى، پەقەت دۆلەت ئىچىدىكى ئىستېمالغىلا تايىنىپ GDP نى 5 – 10 پىرسەنتتىن ئۆستۈرۈپ مېڭىش تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش بولۇپ، ئۇ ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ يەنە بىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار (د ئى ك) ئېكسپورت مەھسۇلاتىنى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار ھازىرغىچە مەبلەغ پۇلى ۋە مەھسۇلات پۇرسەتلىرى جەھەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى (ج ك پ) نىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىغا ئېرىشىپ كەلدى. ئېكسپورتنى ئازايتىش د ئى ك غا بېرىلىدىغان مەبلەغ پۇلى بىلەن پۇرسەتلەرنى كېمەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. د ئى ك نى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ئازايتىش بولسا جۇڭگو ئىقتىسادىي سىستېمىسىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، ئۇ يەنە ج ك پ نىڭ جۇڭگو ئىقتىسادىي سىستېمىسىدىكى ھۆكۈمران ئورنىنىمۇ تەۋرىنىلتىۋېتىدۇ.

GDP نىڭ ئۆسۈش نىسبىتى بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭ بىر مىسالى ياپونىيەدىن ئىبارەت. ياپونىيە GDP سىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتىمۇ 1980-يىللىرى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئەمما كېيىن توختاپ قالدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىمۇ 1950-يىلدىن 1973-يىلغىچە 3 قاتلانغان ياكى 3 ھەسسە چوڭايغان، ئەمما ئۇنىڭ ئىقتىسادىدا ئېغىر مەسىلە بارلىقى كېيىن ئىسپاتلاندى. دېمەك، GDP بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئۈنۈمى ۋە پايدىسى جەھەتتە ھېچنېمىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

جۇڭگو بۈگۈنگىچە مۇقىم مەبلەغ تەرىقىسىدە نۇرغۇنلىغان ئادەم ياشمايدىغان بىنالار، ئادەم ماڭمايدىغان يوللار، ۋە ھېچنېمە ئۆتمەيدىغان كۆۋرۈكلەرنى ياسىۋەتتى. ھېچ كىم ئىشلەتمەيدىغان پولاتلارنىمۇ زور مىقداردا ئىشلەپ چىقىرىپ، ساقلاپ قويىۋۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئۈنۈمسىز، پايدىسىز، لازىمسىز ۋە تولۇق پايدىلىنىلمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى GDP نۇقتىسىدىن قارىغاندا «ئىقتىسادىي ئۆسۈش» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەمدە ئۇلار بىر قىسىم ئوبزورچىلار تەرىپىدىن كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ نەرسىلەر ھەرگىزمۇ جۇڭگونىڭ دۆلەت كۈچىنىڭ ئېشىپ مېڭىشىغا ھېچ بىر ئىجابىي تۆھپە قوشالمايدۇ.

بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈشىنى نېمە كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدۇر. جۇڭگو ئالدى بىلەن ئىقتىسادنى ئۆستۈرۈشنىڭ بىر مەجبۇرىي نىشانىنى بېكىتىپ، ئاندىن سودا-سانائەت لوگىكىسى ۋە پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىگە ئەمەس، بەلكى ئاز ساندىكى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە قوغدالغان ۋە ئىنتايىن كۆپ ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا ئىگە قىلىنغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا تايىنىپ ئاشۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىنى تۇتىۋاتىدۇ. بۇنداق قىلىش مۇقەررەر ھالدا دۆلەت ئىچىدىكى كۆپلىگەن قىيىن ئۆتكەللەرنى يېڭەلمەيدىغان ناچار ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. ئاشۇنداق قىيىن ئۆتكەللەر ئۈستىدە ئانالىز يۈرگۈزۈش جۇڭگونىڭ ئاسىيادا ھۆكۈمران كۈچكە

ئايلىنىش-ئايلانماسلىقى ئۈستىدە ئانالىز يۈرگۈزۈشكە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم.

## (2) جۇڭگو باي بولۇشتىن بۇرۇن قېرىپ بولىدۇ

گەرچە ھازىر ياپونىيە شەرقىي-ئاسىيانىڭ «بوۋىسى» دەپ قارالسىمۇ، بۇ رايوننىڭ كەلگۈسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقى مەسىلىسىگە كەلگەندە جۇڭگوغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈنۈشى كېرەك. جۇڭگودا ھازىر 1.35 مىليارد نوپۇس بار بولۇپ، 2030-يىلغا كەلگەندە بۇ سان كىچىكلەشكە باشلايدۇ.

بۇ مەسىلىدە خىزمەت يېشىدىكى كىشىلەر (يەنى 15 – 64 ياشلىق كىشىلەر) ياكى «ئەمگەكچىلەر» بىلەن يېشى 65 ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولۇپ دەم ئېلىشقا چىققان كىشىلەر ياكى «ياشانغانلار» نىڭ نىسبىتى ناھايىتى مۇھىم. 1980-يىللىرى جۇڭگودىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇستىكى نىسبىتى 73 پىرسەنت ئىدى. ئۇ ھازىر 68 پىرسەنت. بۇ نىسبەت 2020-يىلى 65 پىرسەنتكە، ۋە 2035-يىلى 60 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالىدۇ. 2015-يىلى خىزمەتتىن ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ سانى خىزمەتكە يېڭى كىرگەن ئادەملەرنىڭ سانىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

ئەمگەكچىلەر بىلەن ياشانغانلارنىڭ نىسبىتىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يۇقىرىدىكى سانلارنى تېخىمۇ ئېنىقراق چۈشەنگىلى بولىدۇ. جۇڭگو 1979-يىلى ئىسلاھات دەۋرىنى يېڭى باشلىغاندا ھەر 7 ئەمگەكچىگە بىر ياشانغان ئادەم توغرا كېلەتتى. ھازىر ھەر 5.5 ئەمگەكچىگە بىر ياشانغان كىشى توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى مۆلچەرچە، 2035-يىلغا بارغاندا ھەر 2 نەپەر ئەمگەكچىگە بىر ياشانغان كىشى توغرا كېلىدۇ. يەنى، كېيىنكى 20 يىل ۋاقىت ئىچىدە ياشانغانلارنىڭ ئەمگەكچىلەر بىلەن بولغان نىسبىتى بىر ھەسسىدىن جىقراق كۆپىيىدۇ. بۇ نىسبەت ئىنتايىن مۇھىم. ئادەتتە 20 – 45 ياشلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئىش ئۈنۈمى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بەزى مۆلچەرلەرگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگونىڭ 1980 – 2010-يىللىرىدىكى GDP سىنىڭ 15 – 25 پىرسەنتىنى ئىشقا ئاشۇرغىنى ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمگەكچىلىرى بولغان.

ھازىر جۇڭگودا 120 مىليون ياشانغان نوپۇس بار بولۇپ، 2035-يىلغا بارغاندا بۇ سان 320 مىليونغا كۆپىيىدۇ. ئومۇمىي نوپۇس سانى بولسا ھازىرقىدىن ئاران 100 مىليونلا ئارتۇق بولىدۇ. 2035-يىلغا بارغاندا ھەر بىر 15 – 50 ياشتىكى ئەمگەكچىگە 51 – 64 ياشتىكى قېرىغان ئەمگەكچىدىن 1.5 ئادەم توغرا كېلىدۇ. بۇ ھازىرقى ئەھۋالنىڭ دەل ئەكسىدۇر.

يۇقىرىدىكى ئەھۋالنى بىرەر ئامال بىلەن ئۆزگەرتىش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. بۇ ساھەدە قوللانغىلى بولىدىغان بىرەر تەدبىرمۇ مەۋجۇت ئەمەس. بىر بالا سىياسىتىنى سەل بوشاتقان ياكى ئەمەلدىن قالدۇرغان تەقدىردىمۇ، جۇڭگو نوپۇسىنىڭ قېرىپ مېڭىشىنى كېيىنكى 10 – 20 يىل ئىچىدە ئارقىغا ياندۇرغىلى بولمايدۇ.

ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئامېرىكىنىڭ نوپۇس ستاتىستىكىسى 2050-يىللىرىغا بارغىچە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق ھالەتتە ساقلىنىپ ماڭىدۇ.

ئەپسۇسكى، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان ئەللەر ئىچىدە، جۇڭگو تارىختا تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەن «باي بولۇشتىن بۇرۇن قېرىپ بولىدىغان دۆلەت» بولۇپ قالىدۇ.

## (3) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار (د ئى ك) مەسىلىسى

جۇڭگودىكى د ئى ك سىياسىي-ئىقتىسادقا تەۋە بولۇپ، جۇڭگودا ھازىر 140000 د ئى ك بار. ئەڭ

**ياخشى ئىقتىسادىي پۇرسەتلەر ئاشۇ د ئى ك غا ئاتا قىلىنغان بولۇپ، بانكىلار قەرزگە بېرىدىغان پۇلنىڭ تەخمىنەن 75 پىرسەنتىمۇ ئاشۇ د ئى ك غا بېرىلىدۇ. خۇسۇسىي كارخانىلار بۇ 2 خىل پايدىلىق شارائىتنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىدىنلا بەھرىمەن بولالايدۇ.**

**ھۆكۈمەت بەرگەن مەبلەغ قەرز پۇلنى ئىشلىتىشتە د ئى ك ئېكسپورت سانائىتىدىن باشقا ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا د ئى ك نىڭ كىرىمىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى GDP نىڭ ئۆسۈش نىسبىتىدىن كۆپ ئۈستۈن بولۇپ، ئائىلىلەر ۋە بىر قېتىم ئىشلىتىپ تاشلىۋېتىدىغان نەرسىلەر ئۈچۈن خەجلەيدىغان كىرىمىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى GDP نىڭكىدىن كۆپ تۆۋەن تۇرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، 1979 – 1989-يىللىرى تەرەققىياتنىڭ پايدىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى خۇسۇسىي ئائىلىلەر كۆرگەن بولسا، ئالدىنقى 15 يىل ئىچىدە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ پايدىسىنى د ئى ك ئەڭ كۆپ كۆردى. شۇڭلاشقا ھازىر ئائىلىلەر ئىستېمال قىلىدىغان پۇلنىڭ مىقدارى GDP نىڭ ئاران 33 پىرسەنتىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، بۇ سان دۇنيادىكى چوڭ ئىقتىسادلىق ئەللەر ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. جۇڭگودا ھازىر كۈنلۈك خىراجەت پۇل مىقدارى 2 دوللاردىن تۆۋەن بولغان نوپۇسنىڭ سانى 400 مىليون بولۇپ، مۇشۇنداق بىر دۆلەتنىڭ خۇسۇسىي ئائىلىلىكلەرنى ئەمەس د ئى ك نى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشى ياشانغانلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى بىر ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھالەتكە ئاپىرىپ قويىدۇ.**

**ئىقتىسادشۇناسلىق ئىلمىدە ئىشلىتىلىدىغان «گىنى نىسبىتى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر نىسبەت بار. كىرىم تەقسىماتى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەڭشەلگەن دۆلەتنىڭ گىنى نىسبىتى نۆلگە تەڭ بولۇپ، كىرىم تەقسىماتى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەڭشەلمىگەن دۆلەتنىڭ گىنى نىسبىتى بىرگە تەڭ بولىدۇ. جۇڭگونىڭ گىنى نىسبىتى 1980-يىللىرى 0.25، ۋە 1990-يىللىرى 0.38 بولغان بولۇپ، ھازىر بولسا 0.5 بولۇپ بولدى. ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھازىر ھىندىستان، ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە رۇسىيەنىڭ گىنى نىسبەتلىرى 0.34، 0.43، 0.38 ۋە 0.42 بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.**

**بىر تەرەپتىن خۇسۇسىي ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى تۆۋەنلىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن كىرىم تەڭسىزلىك نىسبىتىنى بىر خەتەرلىك دەرىجىگە ئاپىرىپ قويۇش چوقۇم ئېغىر دەرىجىدىكى ناچار ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماي قالمايدۇ. ھازىر جۇڭگودا مىليونلىغان خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە ئون مىليونلىغان غەيرىي رەسمىي كارخانىلارنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە 140000 د ئى ك ئىقتىسادىي پۇرسەت ۋە كاپىتال مەبلىغىنىڭ ئاساسىي قىسمىغا ئىگە بولۇۋاتىدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھازىر ناھايىتى ئاز ساندىكى ج ك پ ياكى د ئى ك بىلەن يېقىن سىياسىي مۇناسىۋىتى ياكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى بار كىشىلەر ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىن ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە پايدا كۆرۈۋاتىدۇ.**

**كىرىم ۋە دۆلەت بايلىقى تەقسىماتىدىكى تەڭسىزلىك ناھايىتى كۆپ ساندىكى ياشانغانلارنى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ. ھازىر شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئاران 33 پىرسەنتى ۋە يېزا ئاھالىسىنىڭ ئاران 5 پىرسەنتىنىڭ مەلۇم شەكىلدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ياكى يەرلىك ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن پېنسىيە مائاشى بار. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، جۇڭگونىڭ 2013-يىلى پېنسىيە پۇلى ئۈچۈن ئاجراتقان خامچوت مىقدارى 2.9 تىرىللىيون دوللار بولغان بولۇپ، يەنە 20 يىلدىن كېيىن بۇ سان 10.8 تىرىللىيون دوللارغا كۆپىيىدۇ. ئەگەر جۇڭگونىڭ GDP سى كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە ھەر يىلى 6 پىرسەنتتىن ئۆسۈپ ماڭىدۇ، دەپ پەرەز قىلساق، 10.8 تىرىللىيون**

دوللار پۇل 2030-يىللىرىدىكى GDP نىڭ 40 پىرسەنتىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال جۇڭگونىڭ دۆلەت كۈچى تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

### (4) جۇڭگونىڭ مىللىي ۋە ئىچكى ئاجىزلىقى

كۆپلىگەن ئەللەر تۆۋەن-كىرىم سەۋىيىسىدىن كىشى بېشىغا 15000 دوللاردىن توغرا كېلىدىغان ئوتتۇراھال كىرىم سەۋىيىسىگە ئۆتۈپ بولدى. ئەمما جۇڭگو ھازىرمۇ كىشى بېشىغا 10000 دوللاردىن ئاز توغرا كېلىدىغان بىر سەۋىيىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرغىچە ئاران 30 دەك دۆلەت ئوتتۇراھال كىرىم سەۋىيىسىدىن يۇقىرى-كىرىم سەۋىيىسىگە ئۆتەلىدى. ھېلىقى 30 دەك دۆلەتنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئورتاق خاراكتېرى بار بولۇپ، ئۇ خاراكتېر جۇڭگودا يوق. ئۇ بولسىمۇ دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، كۈچلۈك مال-مۈلۈك ۋە ئەقلىي مۈلۈك قانۇنلىرى بار بولۇش ھەمدە ئۇلارنى قاتتىق ئىجرا قىلغان بولۇش، ھەمدە بىر مۇستەقىل ئەدلىيە قۇرۇلمىسى بار بولۇپ، بۇ قۇرۇلما ھەر خىل سودا ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ماجىرالىرىنى ھەر دائىم ئۈنۈملۈك ھەل قىلالايدىغان بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئەللەر يەنە ئىقتىسادىي پۇرسەت ۋە مەبلەغنى كارخانىلارنىڭ ئارتۇقچىلىق-ئاجىزلىقلىرىغا ئاساسەن تەقسىم قىلىدىغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ سىياسەتكە ۋە كارخانىلارنىڭ سىياسىي سالاھىيىتىگە ئاساسەن تەقسىم قىلمايدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ھەرگىزمۇ يۇقىرى-كىرىملىك بولۇشنى كاپىتال مەبلىغى ۋە ئەمگەك كۈچى مەبلىغىنى توختاۋسىز كۆپەيتىپ مېڭىشتا تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرمايدۇ.

ھازىر ج ك پ ھۆكۈمەت ئىقتىسادىنىڭ خېلى زور مىقدارىنى ھەربىي ئىشلار، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوشۇمچە مۇنتىزىم ئەسكەرلەر ۋە قوراللىق ساقچىلارنىڭ خىراجىتىنى ھەر يىلى 10 – 20 پىرسەنتتىن ئۆستۈرۈپ مېڭىشتا سەرپ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق دۆلەت كۈچى ۋە تەسىر دائىرىسىنى كۈچەيتىشكە تىرىشىۋاتىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگو 2014-يىلى 241.5 مىليارد دوللار پۇلنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن قوراللىق ساقچىلار ئۈچۈن خەجلىگەن بولۇپ، ئۇ ئومۇمىي خامچوتنىڭ 11.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بەزى نوپۇزلۇق ئورگانلارنىڭ ھېسابلاپ چىقىشىچە، جۇڭگو شۇ يىلى دۆلەت مۇداپىئەسى بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن سەرپ قىلغان پۇل ئومۇمىي خامچوتنىڭ 14.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

ئاستا سۈرئەتلىك ئىنسان پاجىئەسى يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەسلىدە 2014-يىللىق دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ 10.5 پىرسەنتىنى ئىجتىمائىي كاپالەتلىك ۋە ئىشسىزلار پاراۋانلىقى قاتارلىق ئىشلارغا، يەنە 6.1 پىرسەنتىنى ساقلىقنى-ساقلاش ئىشلىرىغا خەجلىگەن بولسا توغرا بولاتتى. بۇ چىقىم تېخى پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ مائاشى قاتارلىق بىر قاتار ئاممىۋى چىقىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، پېنسىيىگە چىققان نوپۇسنىڭ كىرىمنى ئۆستۈرۈش ھەمدە ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىدىن ۋە ئائىلىسىدىن ئۆزى خەۋەر ئالالايدىغان قىلىش ئۈچۈن دۆلەت ئىقتىسادى بىلەن ئىقتىسادىي پۇرسەتلەرنى كەڭ-كۆلەمدە د ئى ك دىن خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە ئاھالىلەرگە يۆتكەشكە توغرا كېلىدۇ. جۇڭگونىڭ بىر-بالا سىياستى 4-2-1 مەسلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى: ھازىر كۆپ ساندىكى ئائىلىلەردە بىر بالا بىر جۈپ ئاتا-ئانا ۋە ئىككى جۈپ بوۋا-موملاردىن خەۋەر ئالمسا بولمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى. شۇڭلاشقا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ سىياسىي-ئىقتىسادىدا غايەت زور ۋە مۇقىمسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىماللىقىمۇ بار بولغان دەرىجىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ

بارمىسا بولمايدۇ. ئۇنداق ئىسلاھات د ئى ك نىڭ دۆلەت ئىقتىسادىدا ئوينايدىغان ھازىرقى رولىنى تەدرىجىي ھالدا ئاجىزلاشتۇرىدىغان بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ج ك پ نىڭ دۆلەت كۈچى بىلەن دۆلەت غايىسىنى يۈكسەلدۈرۈش قابىلىيىتىنىمۇ تەدرىجىي ھالدا ئاجىزلاشتۇرۇپ ماڭىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ج ك پ نىڭ بىر قانۇنلۇق گەۋدە بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى جۇڭگو گىراجدانلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ مېڭىشىغا باغلىق. شۇڭا كۈچلۈك ھەربىي قابىلىيەت بەرپا قىلىش ۋە كېڭەيمىچىلىك تۈسىنى ئالغان چەت ئەل سىياسىتىنى يولغا قويۇش جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي ئىپتىخارىنى ئۆستۈرىدىغان بولسىمۇ، جۇڭگو دائىرىلىرى يۈقىرىقىدەك ئىشلارنى دۆلەت ئىچىدىكى جىددىي مەسىلىلەرنى ۋە كۈندىن-كۈنگە ناچارلىشىپ مېڭىۋاتقان باشقا مۇھىم تەرەپلەرنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇش بەدىلىگە ئېلىپ بارالمايدۇ. گەرچە ج ك پ ھازىرغىچە ئۆزىنى ساقلاپ كېلەلىگەن بولسىمۇ، 2011-يىلى جۇڭگودا 180000 قېتىم چوڭ-كىچىك نامايىش يۈز بەرگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. بۇ سان 1990-يىللىرى ئاران بىر قانچە مىڭ چىقاتتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، جۇڭگودىكى تېز سۈرئەتلىك تەرەققىيات دۆلەت مۇقىمسىزلىقىنى ياخشىلىماي، ئۇنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋەتتى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىشى، ھەمدە ھەر خىل قۇرۇلمىلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاجىزلىقلىرىنىڭ تېخىمۇ ناچارلىششىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو بىر چوڭ ئەمما ئاجىز دۆلەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. جۇڭگونى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ج ك پ مۇ ھېچ قانداق بىر چوڭ ئىقتىسادىي ياكى تاشقى سىياسەت ئاپىتىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئاسانلا يىقىلىپ چۈشىدىغان بىر پارتىيىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاسىيادىكى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتمەكچى بولغان بىر دۆلەت ئۈچۈن پايدىلىق ئاساس بولالمايدۇ.

## 3. ھەربىي ساھە: جۇڭگو ئاسىيادىكى يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقان يېتىم كۈچ

تۆۋەندە جۇڭگونىڭ ھەربىي ساھەدىكى ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئەسلىدىكى مەنبەلەرنىڭ ھەربىي مەسىلىلەر قىسمىنى پول دىبب (Paul Dibb) ئەپەندى تەييارلىغان. پول دىبب ئاۋسترالىيە مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان ئىنستىتۇتى ئىستراتېگىيە تەتقىقاتى بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورى. ئۇ يەنە ئاۋسترالىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مۇئاۋىن سېكرېتارى، بىرلەشمە ئاخبارات تەشكىلاتىنىڭ دىرېكتورى، ھەمدە مەملىكەتلىك ئاخبارات كومىتېتىنىڭ بىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىكەن.

جۇڭگونىڭ ئاسىيادا كۈچلۈك ياكى تەسىرى بار دوستلىرى ئاساسەن يوق. گەرچە ئۇ نوپۇسى ئەڭ كۆپ ۋە ئىقتىسادتا دۇنيادا 2-ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەت بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىككى تەرەپلىمىلىك مۇناسىۋەتلىرى كۆپ ئەمەس. جۇڭگو يالغۇز ئىچكى جەھەتتە ئاجىز بولۇپلا قالماي، ئاسىيادىكى تەسىرىگە كەلگەندە ئۇ يەنە ئىنتايىن يالغۇز قالغان بىر دۆلەت. جۇڭگونىڭ ئاسىيادا كۈچلۈك مۇناسىۋىتى بار دۆلىتىدىن پەقەت ئىككىسىلا بار. ئۇلار شىمالىي كورېيە بىلەن پاكىستان. ئەمما جۇڭگو شىمالىي كورېيەنىڭ جەنۇبىي كورېيە بىلەن ئۇرۇشمايدىغانلىقىغا ئانچە ئىشەنچ قىلالمايدۇ. شۇنداقلا پاكىستان بىر مەغلۇپ بولغان دۆلەت بولۇپ، ئۇمۇ ھىندىستان بىلەن ئۇرۇشۇشقا ئارانلا تۇرىدۇ. ئۇنداق ئۇرۇشمۇ جۇڭگونىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق ئەمەس.

بۇرۇنقى نەچچە ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە ئاسىيادىكى باشقا ئەللەرنىڭ جۇڭگودىن ئەنسىرەپ ۋە ئۇنىڭغا باش ئېگىپ ئۆتكەنلىكى راست. ئەمما ئۇ بىر قەدىمكى دەۋردىكى ئىش بولۇپ، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى ئاسىياغا كېلىشتىن بۇرۇن ئاسىيادا جۇڭگو بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان باشقا بىرەر

دۆلەت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بىراق جۇڭگو ھازىر ئەتراپىنى رىقابەتچىلەر قورشىۋالغان بىر شارائىت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ ئاساسلىق رىقابەتچىلىرىدىن ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ھىندىستان بار. يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيادىكى كۆپلىگەن ئەللەر جۇڭگونىڭ كۈرەڭلىشىدىن ئەنسىرەش ھالىتىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئامېرىكىغا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك يېقىنلاشتى. رۇسىيەمۇ جۇڭگونىڭ ئۇزۇن-مۇددەتلىك دوستى بولالمايدىغان بولۇپ، ئۇ ئىككىسىنى ئىتتىپاقداش ئەل ھېسابلاش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

## گېئوپولىتىكىلىق ئەھۋاللار

(1) شەرقىي-شىمالىي ئاسىيادا جۇڭگو ئۈچۈن كورېيە يېرىم ئارىلى بىلەن ئۇرۇشۇش خەۋپى بار بولۇپ، كىچىلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە ياپونمۇ ھازىر جۇڭگونى ئۆزى ئۈچۈن بىر تەھدىت ھېسابلايدۇ. ئامېرىكىنىڭ ياپون ۋە جەنۇبىي كورېيەدە ناھايىتى كۈچلۈك ھەربىي بازىسى بار. جۇڭگونىڭ ياپون بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىندىن بۇيان جىددىيلىشىشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا خاتا ھۆكۈم چىقىرىش، ھەتتا ئۇرۇشۇش خەۋپىمۇ مەۋجۇت. جۇڭگونىڭ ئاسىيادىكى كېڭەيمىچىلىك قىلمىشلىرىغا قارىتا ھازىر ياپون ئۆزىنىڭ دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىلىرىنى كۈچلەندۈرۈشكە باشلىدى. شۇنداقلا ياپون ھازىر ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيە بىلەن بولغان ھەربىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ۋيېتنام ۋە فىلىپپىنغا ياردەم قىلىپ، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدىكى بەزى يەرلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ھەرىكەتلىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ.

جۇڭگو ھازىر ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ دېڭىز ئۈستىدىكى ئىش-ھەرىكەتلىرىنى توسماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمما، ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا ھازىر جۇڭگونىڭ شەرقىي جۇڭگو دېڭىزىدىكى ئىش-ھەرىكەتلىرىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىپ، جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ چوڭ دېڭىزلارغا چىقىپ كېتىشىنى پۈتۈنلەي توسۇپ قويالايدۇ. ياپونىيەنىڭ باش مىنىستىرى شىنزو ئابې ياپونىيە ئاساسىي قانۇنىغا يېڭى چۈشەنچە بېرىپ، ياپونغا يېقىن ئىتتىپاقداش بولغان ئامېرىكا ھەربىي ھۇجۇمغا دۇچ كېلىپ قالىدىكەن، ياپونىيە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە قايتۇرما زەربە ئۇرۇشى ئېلىپ بارسا بولىدىغان بىر ھالەتنى ئىشقا ئاشۇردى. يەنى، جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچ تەھدىتى ياپونىيە ھەربىي كۈچىنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۈچىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەڭ ناچار ئەھۋالدا، ۋە ياپونىيە ئامېرىكىغا ئىشەنچ قىلالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ ناھايىتى تېزلا يادرو بومبىسى ئىشلەپ چىقىرالايدىغان بولۇپ، بۇمۇ جۇڭگونىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق ئەمەس.

(2) مەزكۇر ماقالىنىڭ «ئىقتىساد» قىسمىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ھازىر جۇڭگو دۇچ كەلگەن كۆپلىگەن چەكلىمىلەر مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ھازىرقىدەك تەرەققىيات سۈرئىتىنى ھەرگىزمۇ مەڭگۈ ساقلاپ ماڭالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە ئامېرىكا يەنىلا دۇنيادىكى ھۆكۈمران كۈچ بولۇش ئورنىنى ساقلاپ ماڭىدۇ. شۇڭلاشقا «دۇنيا جۇڭگوغا باش ئېگىشكە مەجبۇرى بولىدۇ» دېگەندەك قىياسلارنىڭ ئانچە ئاساسى يوق.

(3) جۇڭگونىڭ ھازىرقى پىلانى شىمالىي كورېيە بىلەن بولغان دوستلۇقنى ساقلاپ، ئامېرىكىنىڭ دوستى بولغان جەنۇبىي كورېيە شىمالىي كورېيەنى ئۆزىگە قوشۇۋالماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەنۇبىي كورېيەنىڭ ياپونغا بولغان ئۆچمەنلىكىدىن پايدىلىنىپ،

جەنۇبىي كورىيە ئارقىلىق ياپونغا تاقابىل تۇرۇش. ئەمما، ئەگەر جۇڭگو شىمالىي كورىيەنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى باشقۇرالمايدىكەن، ئۇ ھالدا جەنۇبىي كورىيە يەنىلا ئامېرىكىغا تايىنىپ شىمالىي كورىيەنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرىدۇ.

(4) ئامېرىكىنىڭ نۇۋەتتىكى خەلقئارالىق تەرتىپلەردىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا تاقابىل تۇرۇشتا ھازىر جۇڭگو بىلەن رۇسىيەنىڭ مۇناسىۋىتى بىر يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئامېرىكا ۋە غەربكە بولغان گۇمانلىرىدا ھازىر ئۇ ئىككى دۆلەت بىرلەشتى. غەرب ئىجاد قىلغان خەلقئارالىق ئۆلچەملەر ۋە ئىش-ھەرىكەت قائىدىلىرىگە ئىشەنمەسلىك جەھەتتە ئۇ ئىككى دۆلەت ئورتاق مەيدان تۇتۇۋاتىدۇ. ئۇلار يېقىندا بۇرۇنقىدىن بەكرەك كېڭەيمىچىلىك قىلىدىغان بولۇپ قالدى. جۇڭگو ھازىر ھەربىي كۈچ تەھدىتىدىن پايدىلىنىپ، سېنكاكۇ ئارىلى مەسىلىسىدە شەرقىي جۇڭگو دېڭىزىدا ياپونىيەگە، جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدا ۋيېتنام بىلەن فىلىپپىننىڭ چىشىغا تېگىۋاتىدۇ. كېيىنكى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئىككى دىكتاتورچى دۆلەت خەلقئارا سىستېمىنى مۇقىمسىزلاشتۇرۇش تەھدىتىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە رۇسىيەنىڭ جۇڭگو ياردىمىگە ئېھتىياجى بار بولۇپ، جۇڭگونىڭ بولسا رۇسىيەنىڭ ئېنېرگىيە ۋە باشقا بايلىقلىرىغا ئېھتىياجى بار. ئەمما، بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق، بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئورتاق چېگرا، ھەمدە ئۇلاردىكى ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت پەرقلىرى بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

(5) شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئەللەر 1000 يىلدەك ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگونىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە تۇرۇپ كەلدى. ھازىر بولسا ئۇ ئەللەر جۇڭگونىڭ سودا جەھەتتىكى ھەمكارلاشقۇچىلىرىغا ئايلاندى. ۋيېتنام ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇلار ئىنگلىزچە «ASEAN, Association of Southeast Asian Nations» دەپ ئاتىلىدىغان «شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى بىرلىكى» نى قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ساقلانماقچى بولدى. ھازىر ئۇنىڭدا 10 دۆلەت ۋە 650 مىليون نوپۇس بار بولۇپ، ئۇلار تاكى يېقىنغىچە بىر-بىرىنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىپ، قارارلارنى ھەممە ئەزا ئەللەرنىڭ ماقۇللىشى بىلەن ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما ئۇلار يېقىندا بارغانسېرى كۈرەڭلەپ كېتىۋاتقان جۇڭگونىڭ ئۇ ياقتىن بۇ ياقتا ئىتتىرىپ يۈرۈش ئەھۋالىغا دۇچ كەلدى. ھەمدە جۇڭگونىڭ بۇ چوڭچىلىقى ASEAN غا ئەزا بىر قىسىم ئەللەرنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

جۇڭگو دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدىن ئېنېرگىيە ۋە باشقا بايلىقلارنى دېڭىز يولى بىلەن ئىمپورت قىلىپ ئېلىپ كېلىشتە چوقۇم شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىسا بولمايدۇ. ھازىر جۇڭگونىڭ 84 پىرسەنت نېفت ئىمپورتى مالايسىيا بوغۇزى ۋە جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزى يوللىرى ئارقىلىق كىرىدۇ. جۇڭگو GDP سىنىڭ 50 پىرسەنتى ئىمپورت ۋە ئېكسپورت ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان بولۇپ، ئۇ جۇڭگو ئىقتىسادىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمما خەلقئارا سودا جۇڭگو ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ خەۋپىنىمۇ پەيدا قىلىدۇ: ئەگەر ئۇ ئامېرىكا بىلەن ئۇرۇشۇپ قالىدىكەن، ئامېرىكا جۇڭگونىڭ بارلىق دېڭىز يوللىرىنى توسىۋېتىدۇ.

جەنۇبىي ئاسىيادا جۇڭگونىڭ ھىندىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس بولۇپ، ئۇ ھازىر ھىندىستان ئەتراپىدىكى پاكىستان، بېنگال ۋە سىرىلانكا بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتتى.

ئەمما، جەنۇبىي ئاسىيادا ھىندىستاننىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى جۇڭگونىڭكىدىن كۆپ كۈچلۈك بولۇپ، جۇغراپىيە، ئىقتىسادىي يوشۇرۇن كۈچ ۋە قابىلىيەتلىك دۆلەت رەھبەرلىكى جەھەتتە ھىندىستاننىڭ بۇ ئورنى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۈچىيىپ ماڭىدۇ. ھىندىستان كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشنى ئىستەيدىغان بولۇپ، جۇڭگونى ئۆزىنىڭ ئەڭ كەپسىز رەقىبى ھېسابلايدۇ. ھىندىستان بىر دېموكراتىك دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي تۈزۈمى جۇڭگونىڭكىدىن ئەۋزەل، ئۇنىڭ نوپۇس ستاتىستىكىسىمۇ جۇڭگونىڭكىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ، بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرقلەر بار. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چېگرا توقۇنۇشىمۇ مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەتلىرىمۇ بىر-بىرىنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. جۇڭگونىڭ ھەربىي جەھەتتە كۈچىيىشى ھىندىستاننى ئامېرىكا بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى، ھەمدە ئۇنىڭ ASEAN ئەللىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنىمۇ كۈچەيتتى. قىسقىسى، جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك دەرىجىدىكى سۈركىلىش ۋە ئىشەنمەسلىك مەۋجۇت.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ھىندىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ناچارلىقى ئۇنىڭ ئاسىيادىكى كۈچلۈك دۆلەت بولالىشى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز. ئۇنىڭ يېقىندا يولغا قويغان ئاسىيادىكى كېڭەيمىچىلىكى چۈچۈرىنى خام ساناش ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلىش خەۋپىنى پەيدا قىلىدۇ.

### جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچى كۆپتۈرۈۋېتىلدىمۇ؟

(6) ئامېرىكىنىڭ 1991-يىلىدىكى ئىراق ئۇرۇشى جۇڭگونى قاتتىق چۆچۈتكەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ئالدىنقى 20 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇردى. بۇ ئىشتا جۇڭگو تەيۋەن بوغۇزىدىكى توقۇنۇشنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويدى. گەرچە جۇڭگو يېڭىدىن قولغا كەلتۈرگەن ھەربىي تەرەققىياتلار ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو ئەتراپىدا ھەربىي ئىش-ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن بىر قىسىم خەتەرلەرنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، جۇڭگو ھازىرىمۇ تەيۋەننى تولۇق قورشاۋ ئىچىگە ئالالمايدۇ، ھەمدە ئۇنىڭغا تولۇق دائىرىدە ھۇجۇم قوزغىيالمايدۇ. يەنى، جۇڭگونىڭ ھازىرقى ھەربىي كۈچى تەيۋەننى قورال بىلەن ئىگىلىۋېلىشقا يېتىشمەيدۇ. ئارقا سەپ ياردىمىنىڭ كەمچىل بولۇشى جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسىنى جەنۇبىي ئاسىيانىڭ سىرتىغا بېرىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو تېخىچە توغرا نىشانلاش ئۈچۈرلىرىنى توپلاپ، ئۇلارنى ھەربىي قوشۇنلارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىپ، جۇڭگونىڭ قېشىدىكى 1-ئارال زەنجىرىنىڭ، يەنى ياپونىيە، تەيۋەن ۋە فىلىپپىننىڭ سىرتىدىكى دېڭىزدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس.

ئومۇمىي بايلىق، تېخنولوگىيە ۋە ئۇرۇش تەجرىبىسى جەھەتتە جۇڭگو ھازىرمۇ ئامېرىكىدىن خېلىلا ئارقىدا. يۇقىرى تېخنولوگىيەلىك قوراللار ۋە سەزگۈچلەر جەھەتتە جۇڭگو ئامېرىكىدىن كەم دېگەندە 20 يىل كېيىن تۇرىدۇ.

جۇڭگو دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك دۆلەت ئەمەس. دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك دۆلەت بولۇشنىڭ ئىككى شەرتى بار. ئۇنىڭ بىرى، ھەر قانداق ۋاقىتتا ۋە دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە كەڭ-كۆلەملىك يادرو بومبىسى ۋەيرانچىلىقى پەيدا قىلالايدىغان بولۇش. ھازىر ئۇنداق ئىشنى قىلالايدىغان دۆلەتتىن دۇنيادا پەقەت ئىككىسىلا بار. ئۇنىڭ بىرى ئامېرىكا، يەنە بىرى بولسا رۇسىيە. جۇڭگونىڭ ئۇنداق ئىقتىدارى يوق. ئۇنىڭ يەنە بىرى بولسا، ئەنئەنىۋى ھەربىي قوشۇنلارنى ئىنتايىن

**يۇقىرى توغرىلىق بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىگە يۆتكەپ، ئۇلارنى شۇ يەردىكى ھەربىي توقۇنۇشقا قاتناشتۇرۇش ئىقتىدارى بار بولۇش. مەيلى بىز قوللايلى-قوللىمايلى، ئامېرىكىلىقلار بۇنداق ئىشلارنى ئىزچىل تۈردە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. يەنى، ھازىر پەقەت ئامېرىكىلا ئاشۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئۇنداق ئىمكانىيىتى يوق.**

**ھازىرچە جۇڭگو پەقەت بىر يەرلىك ھەربىي كۈچ بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچ قانداق ھازىرقى زامان ئۇرۇش تەجرىبىسى يوق. ئۇنىڭ ھەربىي تەلىمات، ئىنسان مەبلىغى ۋە ھەربىي مەشىق ساھەلىرىدە ئېغىر دەرىجىدىكى ئاجىزلىقلىرى بار بولۇپ، بىرلەشمە ئۇرۇشنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە ئەمەلىيىتىنىمۇ تولۇق بىلمەيدۇ. جۇڭگو ئارمىيىسى ئۆزىنىڭ 25 پىرسەنت ۋاقتىنى ماركسىزم-لېنىنىزم ئاساسىدىكى سىياسىي ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، قىممەتلىك مەشىق ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىدۇ. ھەربىي قوماندانلار ئۇلارنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى مۇستەقىللىقى ۋە ئىجادكارلىقىغا ئاساسلىنىپ ئەمەس، ئۇلارنىڭ پارتىيىگە بولغان سادىقلىق دەرىجىسىگە ئاساسەن ئۆستۈرۈلىدۇ. جۇڭگونىڭ ھەربىي تېخنولوگىيە سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، ھەمدە ئۇنىڭ چەت ئەل قورال مەنبەسى پەقەت رۇسىيە بىلەنلا چەكلەنگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەربىي تەرەققىياتىدا ھازىرمۇ ئېغىر دەرىجىدىكى چەكلىمىلەر مەۋجۇت.**

**(7) جۇڭگودا پارتىيىنىڭ ھەربىي ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىش مەسىلىسى ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت. ئاۋستىرالىيەدە دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دۆلەتنى قوغداش. ئەمما جۇڭگودا ئۇنداق ئەمەس. جۇڭگودا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ج ك پ نى قوغداش. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ پارتىيىدىكى رولى بىلەن تەسرى ھەرگىزمۇ جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭكىدەك چوڭ ۋە كۈچلۈك بولۇپ باققان ئەمەس. 1989-يىلى جۇڭگو رەھبىرى دېڭ شياۋپىڭ تيەنئەنمېنگە تانكىلىق ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلارنى باستۇرغاندا، مەن ئامېرىكىنىڭ مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى (CIA) نىڭ باش شتابىدا ئىدىم. ئۇ يەردە ھەممە ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇردۇم. شۇ چاغدىكى بۇيرۇقنىڭ بىۋاستە دېڭ شياۋپىڭدىن كەلگەنلىكى بىر ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچ قانداق گۇمان يوق. ئۇ چاغدا دېڭ شياۋپىڭ دۆلەت رەئىسى سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس، پارتىيە سېكرېتارى سالاھىيىتى بىلەنمۇ ئەمەس، بەلكى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بۇيرۇق چۈشۈردى.**

**(8) جۇڭگونىڭ سۇ ئاستى پاراخوتى ئۇرۇشىدا دۈشمەن ئۈچۈرنى تونۇش ئىقتىدارى ھازىرمۇ ناھايىتى تۆۋەن سەۋىيىدە. گەرچە جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسى ھازىر سۇ ئاستى سەزگۈچ، تۇراقلىق قاناتلىق ئايروپىلان، تىك ئۇچار ئايروپىلان ۋە سۇ ئۈستى پاراخوتى قاتارلىق دۈشمەن سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ ئۈچۈرنى يىغىش تېخنىكىسىغا مەبلەغ سېلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتى ئۇرۇشى سەۋىيىسىدە ئېغىر دەرىجىدىكى ئاجىزلىقلار بار. بۇ ساھەدە ئامېرىكا باشقا بارلىق دۆلەتلەردىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغان بولۇپ، باشقىلار ئامېرىكىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنى بايقاشتا ئىنتايىن قىينىلىدۇ. جۇڭگو سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ ئاۋازى بەك يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى ئاسانلا بايقىغىلى بولىدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ سۇ ئاستىدا ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى تۆۋەن. شۇڭلاشقا جۇڭگونىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرى ئامېرىكا ۋە ياپونىيە دېڭىز ئارمىيىلىرى ئۈچۈن ئوڭايلا بىتچىت قىلىۋەتكىلى بولىدىغان نىشان بولۇپ قالىدۇ. دېڭىز ئۇرۇشىدا ھاۋا ۋە دېڭىز ئارمىيىلىرى ھەمكارلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىش جەھەتتە جۇڭگو ھازىرمۇ ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، بۇ ساھەدە خېلى كۆپ يېڭى تېخنولوگىيىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرماي تۇرۇپ، جۇڭگو بىرلەشمە ئۇرۇش ئېلىپ بارالمايدۇ. ھازىر ئامېرىكا ئادەمسىز سۇ**

ئاستى پاراخوتلىرىنىمۇ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ پاراخوتلار ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىلىك سۇ ئاستىنى تەكشۈرۈش، كۆزىتىش، ۋە سۇ ئاستىدا ئۇرۇش قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە. بۇ جەھەتتە جۇڭگو ھەرگىزمۇ ئامېرىكىغا يېقىن كېلەلمەيدۇ.

جۇڭگونىڭ ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارلىرىدىمۇ خېلى كۆپ نۇقسانلار بار. ئۇنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە يوشۇرۇنچە ئۇچىدىغان ئايروپىلانلارنى بايقاش ۋە توسۇش ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى چەكلىك. ئامېرىكا ھازىر بايقاش ناھايىتى قىيىن بولغان بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە ناھايىتى ئۇزۇنغا ئىنتايىن يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئۇچۇپ بېرىپ، ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدىكى توغرىلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتەلەيدىغان ھەربىي ئايروپىلانلارنى ياساۋاتقان بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئۇلاردىن مۇداپىئەلىنىشى ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ. ئاشۇنداق ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئاكتىپ ۋە پاسسىپ تەدبىرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جۇڭگو ھەربىي خىراجەتنى ھازىرقىدىن يەنىمۇ كۆپ ئۆستۈرمىسە بولمايدۇ.

جۇڭگونىڭ ئامېرىكا ئاۋىئاماتكا پاراخوتلىرىنى تېپىش ۋە نىشانلاشقا ئىشلىتىدىغان رادار سىستېمىسىنىڭ ئانتېنناسى ناھايىتى چوڭ ۋە ئاجىز. ئۇنىڭدا تېخى ئۆزىنىڭ پاراخوتلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنى ئۇنۇملۈك قورالغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەپسىلىي ۋە نەق مەيدان نىشانلاش ئۇچۇرلىرىنى يىغىدىغان ئىقتىدار يوق. جۇڭگونىڭ يەنە دېڭىز ئۈستىدىكى ئاۋىئاتسىيە، ھەمدە قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئۈستى ۋە ئاسماندا ماي قاچىلاش ئىقتىدارى بولمىغاچقا، ئۇ تېخىچە بىرەر رايوننى دۈشمەن ھۇجۇمىدىن قوغداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس. مانا بۇلار جۇڭگو بۇنىڭدىن كېيىن تولدۇرمىسا بولمايدىغان بوشلۇقلاردۇر.

جۇڭگو بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكا ئۇرۇش قىلىش مەدەنىيىتى، ۋە ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك تاكتىكىلىق ۋە ئىستراتېگىيىلىك يادرو بومبىسىغا ئىگە بولۇپ، نوپۇس زىچلىقى ۋە يادرو بومبىسى ھۇجۇمىغا كەلگەندە جۇڭگو دۇنيادىكى ئەڭ ئاجىز دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىكى، جۇڭگو ھازىرچە ھەربىي ساھەدىكى بىر ھۆكۈمران كۈچ ئەمەس بولۇپ، شۇنداق بولۇشقا ئۇرۇنسىمۇ ئۇنىڭدا كۆپلىگەن يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت. گەرچە جۇڭگو ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك دائىرىسىنى كېڭەيتمەكچى بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ دۇنيا مىقياسىدا ئەمەس، ھەتتا ئاسىيانىڭ ئۆزىدىمۇ ئامېرىكىنىڭ رىقابەتچىسى بولالمايدۇ. ئەگەر بىرەر چوڭ ئۇرۇش پارتلاپ قالىدىكەن، جۇڭگو ئامېرىكا، ياپون، ئاۋستىرالىيە ۋە ھىندىستان ئارمىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر چوڭ بىرلەشمە ئارمىيىگە تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇرى بولىدۇ. بىرەر چوڭ ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن تەقدىردىمۇ، جۇڭگوغا قارشى بىر ناھايىتى كۈچلۈك ۋە تەڭپۇڭلاشقان تاشقى كۈچنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھازىر ئاسىيادىكى، بولۇپمۇ شەرقىي-شىمالىي ئاسىيادىكى بىر ئۆلچەم بولۇپ قالدى.

(9) جۇڭگو ئارمىيىسى ھازىر بىر قۇرۇقلۇقتىكى ھەربىي كۈچ بولۇپ، ئۇنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى كۆپلىگەن چەكلىملەرگە دۇچ كەلدى. جۇڭگونىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىمۇ ھازىر ناھايىتى ئېغىر ئىچكى خەۋپكە دۇچ كەلگەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېڭىز ئارمىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئېغىر دەرىجىدىكى ئىقتىساد چەكلىمىسىگە ئۇچراۋاتىدۇ. جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىغا قانچىلىك مەبلەغ ئاجراتقان بولسا، دۆلەت ئىچى بىخەتەرلىكىگىمۇ شۇنچىلىك مەبلەغ ئاجرىتىشقا مەجبۇرى بولۇۋاتىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئەينى زاماندا ئامېرىكا بىلەن بولغان ھەربىي كۈچ مۇسابىقىسىدە ئوخشاش مەسىلىگە دۇچ كەلگەن ئىدى. جۇڭگونىڭ دېڭىز ئارمىيىسى ھاۋا ئارمىيە مۇداپىئەسىگە ئىگە ئەمەس

بولۇپ، ئۇنىڭ يادرو-ماتورلۇق سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ ئاۋازىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى. جۇڭگونىڭ قۇرۇقلۇقتىن ھاۋاغا قارىتىلغان ھەربىي كۈچىمۇ شەرقىي ئاسىيادىن ئىبارەت ئۆزىگە ناھايىتى يېقىن دېڭىز رايونلىرىدا ئۈنۈملۈك ئۇرۇش قىلىشقىمۇ يېتىشمەيدۇ. جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ دېڭىز يوللىرىدىكى ئۈستۈنلۈكىگە تەھدىت سالغىدەك ۋە ئامېرىكىنىڭ شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالغىدەك ئىقتىدارغا ئىگە ئەمەس.

(10) جۇڭگو يېمەكلىك ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسى جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا خەلقئارا سودىغا تايىنىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇنى دېڭىز ئارمىيىسىنى كۈچەيتىشكە قىستايدۇ. ئەمما جۇڭگو قۇرۇقلۇقتا باشقا جەمئىي 14 دۆلەت بىلەن چېگرىداش بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان چېگرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى دۇنيا بويىچە 1-ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا جۇڭگو يالغۇز دېڭىز ئارمىيىسىلا ئەمەس، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرمىسا بولمايدۇ. ئاشۇنداق ئىككى خىل ئارمىيىنى كۈچەيتمەيدىكەن، جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئىشلاردا ئوينايدىغان رولى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. جۇڭگونىڭ دېڭىز ئارمىيىسىگە بولغان ئېھتىياجى ئەينى ۋاقىتتا فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە رۇسىيەنىڭ بېشىغا كەلگەن ئەھۋال بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئامېرىكا جۇڭگوغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا ھەربىي ئىشلار ئۈچۈن خەجلەيدىغان پۇلنىڭ مىقدارىنى تەڭشەپ، دېڭىز ئارمىيىسىگە ئاجرىتىدىغان پۇلنىڭ مىقدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئاسىيادىكى تەرتىپنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ. بۇ پۈتۈنلەي ئامېرىكىنىڭ تېخنولوگىيە ياكى يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى دائىرىسى ئىچىدىكى بىر ئىش.

## 4. خۇلاسە

جۇڭگو ھازىر قۇرۇلما جەھەتتىكى يېتەرسىزلىك ۋە نوپۇس ستاتىستىكىسى جەھەتتىكى توسالغۇغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ دۆلەت كۈچى پات يېقىندا تەرەققىياتتىن توختايدۇ. بۇ جۇڭگونىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان يۇقىرى تېخنولوگىيەلىك قورال مۇسابىقىسىدە دۆلەت مۇداپىئەسى ئۈچۈن ئاجرىتىدىغان خىراجىتىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىپ، ئۇ مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقالمايدۇ. دۆلەت ئىچىدە كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ مېڭىۋاتقان ئىچكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جۇڭگو دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشى بولۇپ قېلىپ، ئاشۇ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن خەجلەيدىغان پۇلمۇ داۋاملىق ئۆسۈپ مېڭىپ، ئۇ پۇل دۆلەت ئىقتىسادىي سەرپىياتى ۋە دۆلەت بايلىقىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ج ك پ رەھبەرلىكى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ مېڭىۋاتقان خەلق نارازىلىقى بىلەن كۈرەش قىلىدىغان بولۇپ، ئاشۇنداق نارازىلىق ج ك پ نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغىمۇ بىر خىل تەھدىت بولۇپ قالىدۇ. جۇڭگو ئىقتىسادىي ساھەدە باي بولدى، ئەمما ئۇنىڭ باي بولۇشى جۇڭگونىڭ ئىچكى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئىچكى مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. يەنى، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۇنىڭ ئىچكى مەسىلىرىنى ھەل قىلمايلا قالماي، بەلكى ئۇلارنى بارغانسېرى يامانلاشتۇرۇۋاتىدۇ.

جۇڭگو ئاسىيادا ناھايىتى يالغۇز قالغان بىر دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئاسىيادا ئاساسىي جەھەتتىن باشقا دوستى يوق. تارىخىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن، جۇڭگو ئۆزىنى ئاسىيا پىرامىداسىنىڭ ئەڭ چوققىسىدىكى بىر دۆلەت، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمما ئاسىيادا جۇڭگونىڭ ئۆزى ئۈچۈن تىكلىۋالغان بۇنداق ھۆكۈمران ئورنىنى ئېتىراپ قىلىدىغان دۆلەتلەر ئاساسەن يوق. ھەقىقەتەنمۇ كېڭەيمىچىلىكنى بارغانسېرى كۈچەيتىپ مېڭىۋاتقان جۇڭگوغا تاقابىل تۇرۇش يولىدا ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەر

بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

ھەربىي ساھەدىكى مۇھىم تېخنولوگىيىلەر جەھەتتە جۇڭگو ئامېرىكىدىن كەم دېگەندە 20 يىل كېيىن تۇرىدۇ. جۇڭگو يۇقىرى سۈپەتلىك ئۇرۇش ئايروپىلانى ماتورىنى ياساپ چىقىش يولىدا تىرىشۋاتقىلى 35 يىل بولدى. ئەمما ئۇنداق ماتورلارنى ياساپ چىقىش بىر ئىنتايىن قىيىن ئىش. شۇڭا جۇڭگو تېخىچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. ئۇ ھازىرغىچە ئاشۇنداق ئايروپىلانلارنىڭ ماتورلىرىنى رۇسىيەدىن ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ماتورلار ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس. جۇڭگونىڭ زامانىۋى ئۇرۇش جەھەتتە پۈتۈنلەي تەجرىبىسىز ئىكەنلىكى، ھەمدە ئۇنىڭ ھەربىي كادىرلارنى ئۆستۈرۈشتە پەقەت پارتىيىگە بولغان ساداقەتنى ئۆلچەم قىلىدىغانلىقى جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ ئەمەلىي ئۇرۇشلاردا قەھرىمانلىق كۆرسىتەلەيدىغانلىقىغا نىسبەتەن ناھايىتى كۈچلۈك گۇمان پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگونىڭ ھەربىي ساھەدە كۈچىيىشى ياپونىيە، ھىندىستان ۋە شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيادىكى باشقا بىر قىسىم ئەللەرنىڭ دېڭىز ئارمىيىلىرىنى كۈچەيتىپ، شۇ ئارقىلىق جۇڭگوغا تاقابىل تۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

قىسقىسى، جۇڭگو غەربنىڭ بازىرىغا ئېھتىياجلىق، ئۇنىڭ قوشنىلىرى جۇڭگونىڭ ئاسىيادا بىر ھۆكۈمران كۈچ بولۇشىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە ئامېرىكا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئورنىنى ساقلاپ، ھەربىي ۋە دىپلوماتىك ساھەلەردە جۇڭگونى توسۇپ تۇرىدۇ.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] Why China Will Not Become the Dominant Power in Asia
https://www.youtube.com/watch?v=_AvNT3vyzr0

[2] Why China Will Not Become the Dominant Power in Asia
http://www.regionalsecurity.org.au/Resources/Documents/SC10-3DibbLee.pdf

# جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشۇش ئېھتىماللىقى قانچىلىك؟

**2017-يىلى 1-ئاينىڭ 8-كۈنى**

مەن مەزكۇر ماقالىدە پروفېسسور پول دىبب (Paul Dibb) نىڭ «جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئۇرۇشۇشنىڭ ئېھتىماللىقى قانچىلىك؟» دېگەن تېمىدىكى بىر قېتىملىق ئىلمىي دوكلاتىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن [1]. بۇ دوكلات يۇتيۇب (YouTube) قا 2013-يىلى 27-مايدا چىقىرىلغان. مەن بايان قىلىدىغان ئىدىيىلەرنىڭ ھەممىسى پول دىببقا مەنسۇپ بولۇپ، ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ سۆزلىرىنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە ئايرىم ئابزاس قىلىپ يازىمەن. مەن پول دىببنى ئالدىنقى قېتىم توردا ئېلان قىلغان «جۇڭگو ئاسىيادىكى ھۆكۈمران كۈچ بولالمايدۇ» دېگەن يازمامدا ئازراق تونۇشتۇرغان. پول دىبب ئاۋستىرالىيە مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان ئىنستىتۇتى ئىستراتېگىيە تەتقىقاتى بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورى. ئۇ يەنە ئاۋستىرالىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مۇئاۋىن سېكرېتارى، بىرلەشمە ئاخبارات تەشكىلاتىنىڭ دىرېكتورى، ھەمدە مەملىكەتلىك ئاخبارات كومىتېتىنىڭ بىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىكەن. پول دىبب بىر ئالىي دەرىجىلىك ئاخبارات ئەمەلدارى ۋە بىر ئاكادېمىك بولۇش سۈپىتى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى 20 يىل تەتقىق قىلغان، ھەمدە «سوۋېت ئىتتىپاقى—تەلتۆكۈس بولمىغان دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ» ناملىق بىر كىتابنى يازغان. بۇ كىتاب 1986-، 1987- ۋە 1988-يىلى 3 قېتىم نەشر قىلىنغان. پول دىبب ئاشۇ كىتابىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە يىقىلىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلغان بولۇپ، ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغۇدەك، ئۇنىڭ پەرىزى توغرا چىقتى.

پروفېسسور پول دىبب مەزكۇر دوكلاتنى بەرگەن سورۇندا ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مۇھىم ئەمەلدارلىرى، ئاۋستىرالىيە ئاخبارات ئىدارىلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى، يۇقىرى ئۇنۋانلىق ئاكادېمىكلەر، بىر قانچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە چەت ئەل ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلارنىڭ خادىملىرى ۋە بىر قانچە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرى بار ئىكەن. ئاۋستىرالىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بۇ يىغىنغا كېلەلمىگەن بولۇپ، پولدىن نۇتۇق تېكىستىنى سوراپتۇ.

تۆۋەندىكىسى پول دىببنىڭ دوكلاتىنىڭ ئۆزۈم تاللىغان ئاساسىي مەزمۇنلىرى.

مەن 1978-يىلى جۇڭگوغا تۇنجى قېتىم بارغان. مېنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەكلىپ قىلغان بولۇپ، ئۇ چاغدا مەن ئاۋستىرالىيەنىڭ دۆلەت ئاخبارات ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئىدىم. شۇ چاغدا مەن جۇڭگو تەكلىپ قىلىپ، شاڭخەيدىكى سۇ ئاستى پاراخوت قورۇسىنى كۆرسەتكەن بىرىنچى چەت ئەللىك بولۇپ قالغان ئىدىم. شۇ قېتىملىق سەپەردە مەن بادالىڭدىكى تانكا ئارمىيىسى 6-دىۋىزىيىسىنىمۇ زىيارەت قىلدىم. مەن ئۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىدا خېلى ئۇزۇن ئىشلەپ، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئاخبارات توپلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلدىم. مەندە ئۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەخپىي ئاخبارات ئۇچۇرلىرىنى كۆرەلەيدىغان سالاھىيەت بار ئىدى.

**مەن بۈگۈن بىر قانچە تېما ئۈستىدە توختىلىمەن. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلامدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. تۆۋەندە مەن بۇ سوئالغا بىر نەزەرىيىچى سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاۋستىرالىيە دۆلەت مۇداپىئە سىياسىتى ساھەسىدە ئۇزۇن مۇددەت ئەمەلىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان بىر كىشى بولۇش سۈپىتىم بىلەن جاۋاب بېرىپ ئۆتىمەن.**




What are the risks of war between China and the US?

**1-رەسىم: پول دىبب ئەپەندى دوكلات بېرىۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.**

## 1. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلامدۇ؟

**مەن چوڭ كۈچلەرنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش نەزەرىيىسىگە ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر كىشى. دۇنيادىكى چوڭ كۈچلەر ئامېرىكا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپتىن تەركىب تاپقاندا، چوڭ كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى بىر خىل مۇقىمسىز ھالەتتە تۇرغان. ئەمما چوڭ كۈچلەر كۆپ-قۇتۇپلۇق بولغاندا، بىر خىل مۇقىم ھالەت ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بۇ ئىشتا قانداق كۆز-قاراشتا بولۇش ھەر بىر ئادەمنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ئۇسۇلىغا باغلىق. ھازىر ئاۋستىرالىيەدىكى بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر جۇڭگو-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە «ئىككى قۇتۇپلۇق مۇناسىۋەت»، دەپ قارايدۇ. ئەمما، مېنىڭچە ئەمەلىي ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. ھازىر ئاسىيادا باشقا بىر قىسىم يېڭى كۈچلەر ۋۇجۇدقا كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ھىندىستان، ھىندونېزىيە، ۋيېتنام، ۋە شىمالىي كورېيە قاتارلىقلار. تەرەققىي قىلىپ بولغان ئاساسلىق كۈچلەردىن يەنە ياپونىيەمۇ بار. شۇنداقلا كەلگۈسىدە ئاساسىي كۈچلەر قاتارىغا كىرىش ئېھتىماللىقى بار دۆلەتلەردىن يەنە رۇسىيەمۇ بار. دېمەك، ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھالەت بىر مۇرەككەپ ۋە كۆپ-قۇتۇپلۇق ھالەتتۇر.**

**يازغۇچىلار تارىختا ھەر خىل دۆلەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرگەنلىكى ۋە يىمىرىلگەنلىكى ھەققىدە كۆپلىگەن ئەرسىلەرنى يازدى. ھەممە نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغانلىقى ھەققىدە ئۆز پەرەزلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئوخشىمايدىغان كۆز-قاراشلار مەۋجۇت. ئالدىنقى 10 يىل ئىچىدە نەشر قىلىنغان مەزكۇر تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ياخشى كىتابلارنىڭ بىرى پول كرۇگمان (Paul Krugman) نىڭ كىتابى بولۇپ، ئاشۇ ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىر دۆلەتنىڭ كۈچىيىشى ياكى ئاجىزلىشىشىدىكى ئاساسىي ئامىل؛ ئەگەر بىر ئەلنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي**

قىلمايدىكەن، ئۇ بىر كۈچلۈك ئارمىيىنى بەرپا قىلالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەسىرىمۇ چوڭ بولمايدۇ. بۇ بىر تالاش-تارتىش پەيدا قىلىدىغان ھۆكۈمدۇر. پول كرۇگمان كىتابىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر بابتا مەخسۇس مېنىڭ كىتابىم ئۈستىدە توختالغان. شۇڭلاشقا مەن ئۇنىڭ كىتابىغا «بىر خېلى ياخشى يېزىلغان كىتاب»، دەپ قارايمەن. ئەمما كرۇگمان دۆلەتنىڭ ئىچكى مەسىلىرى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە سىياسىي مەسىلىلەرگە بىر ئاز سەل قارايدىغاندەك قىلىدۇ. مەن جۇڭگونىڭ ئاشۇنداق مەسىلىلىرى ئۈستىدە بىر ئازدىن كېيىن ئازراق توختىلىمەن.

ئىلاۋە: پول كرۇگمەن يەھۇدىي مىللىتىدىن بولۇپ، ئۇ بۇرۇن ئامېرىكىدىكى MIT ۋە پرىنستون قاتارلىق داڭلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئىقتىساد كەسپىنىڭ پروفېسسورى، ھەمدە بەزى داڭلىق گېزىتلەرنىڭ ئوبزورچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 2008-يىلى ئىقتىساد كەسپىنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن [2].

### (1) ئىستراتېگىيىلىك سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشتا كۆزدە تۇتۇشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار

ئىستراتېگىيىلىك سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشتا كۆزدە تۇتۇشقا تېگىشلىك ئىككى مۇھىم ئۇقۇم بار. ئۇنىڭ بىرى، ھازىر ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيادىكى ئوخشىمىغان ئەللەر تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئۆز-ئارا باغلىنىپ كەتتى. بەزىلەر پەقەت 19-ئەسىرنىڭ بېشىدىلا دۇنيادىكى ئوخشىمىغان ئەللەر ئىقتىسادىي ساھەدە بىر قېتىم ئۆز-ئارا قاتتىق باغلىنىپ باققان، ھازىر بولسا ئۇنداق ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئەمما ھازىر ئوخشىمىغان ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىش ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس. مەسىلەن، بىر ئايفون (iPhone) ۋە ئايپەد (iPad) لەرگە قاراپ باقايلى. ئۇلارنى ھازىر جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى ئىشلىتىدۇ. ئەمما ئۇلار جۇڭگودا ئەمەس، ئامېرىكىدا ئىجاد قىلىنغان. ئايفون ۋە ئايپەدتىكى رەڭلىك مېتاللارنى ئىشلىتىدىغان بىر قىسىم زاپچاسلار ياپونىيەدە ئىشلەپ چىقىرىلغان. ھەمدە ئايفون بىلەن ئايپەدلەر جۇڭگودا قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، قۇراشتۇرۇش جەريانى ئۇلارغا 15 پىرسەنتلىك قىممەت قوشىدۇ. سىز بىر نەرسە سېتىۋالغاندا ئۇ قەيەردە ئىجاد قىلىنغانلىقى، ۋە ئۇنى ئىشلەپ چىقىرىشقا قانچە دۆلەت قاتناشقانلىقىغا قاراپ بېقىڭ. مەن دۆلەت مۇداپىئە سىياستى ۋە دۆلەت مۇداپىئە ئۈسكۈنىلىرى ساھەسىدە خىزمەت قىلىمەن. شۇ ساھەلەردىكى بۇيۇملارنى ئىشلەپ چىقىرىشقىمۇ دۇنيادىكى ناھايىتى كۆپ دۆلەتلەر قاتنىشىدۇ.

1910-يىلى نورمان ئەنجېل (Norman Angell) دېگەن بىر داڭلىق پروفېسسور «چوڭ خاتا چۈشەنچە» ناملىق بىر كىتابنى يېزىپ، ئۇنىڭدا گېرمانىيە بىلەن ئەنگلىيە ئىقتىساد، تېخنولوگىيە ۋە قاتناش قاتارلىق ساھەلەردە ئۆز-ئارا چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئۇرۇش پارتلايدۇ، دېيىش كاللىسىدىن كەتكەنلىك بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان [3]. ئەمما، شۇ كىتاب چىقىپ 4 يىلدىن ئۆتۈپلا بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى.

ئەمما ئۇ بۇرۇنقى ئىش. ھازىرقى ئەھۋال ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئوخشىمىغان ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر-بىرىگە يۆلىنىشى ھازىر 10 ھەسسە، ھەتتا بىر قانچە 10 ھەسسە كۈچىيىپ كەتتى.

ئىستراتېگىيىلىك سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشتا كۆزدە تۇتۇشقا تېگىشلىك 2-مۇھىم نۇقتا يادرو بومبىسى ئىشلىتىشنى توسۇش. بۇ چارە يېقىنقى 70 يىلدىن ئۇزۇنراق ۋاقىتتىن بۇيان ياخشى ئۈنۈم بەردى. 1962-يىلى ئامېرىكا بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا يادرو-بومبىسى ئۇرۇشى يۈز بەرگىلى تاس قالدى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال 1983-يىلى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاندى. ئاشۇ 2 قېتىم

بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى يۈتۈنلەي يوق قىلىۋەتمەكچى بولدى. ھازىرقى زامان ئۇقۇمى بويىچە ئېيتقاندا، ھەر ئىككى تەرەپ نورمال ھەربىكەتلىنىپ تۇرۇۋاتقان زامانىۋى جەمئىيەتلەردىن ئىدى. ئامېرىكىنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى پىلانى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى 24 سائەت ۋاقىت ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى نوپۇسىنىڭ 50 پىرسەنتىنى يوق قىلىۋېتىش ئىدى. ئۇنى «زامان ئاخىرى» دېيىشكە بولاتتى. ئۇ چاغدا بىز «يادرو زىمىستانى» ئۇستىدە پاراڭلىشاتتۇق. لېكىن ھەقىقىي ئۇرۇش يۈز بەرمىدى. يەنى، يادرو ئۇرۇشىمۇ يۈز بەرمەي، ئەنئەنىۋى ئۇرۇشىمۇ يۈز بەرمىدى.

بەزىلەر «ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئۇرۇشۇپ قالسا، ئالدى بىلەن جۇڭگو گۇئامغا يادرو بومبىسى تاشلايدۇ. ئۇنىڭغا قارىتا ئامېرىكا ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. سەۋەبى، ئەگەر ئامېرىكا قايتۇرما زەربە بەرسە، لوس ئانژېلىس بىلەن نيۇ يورك خەۋپ-خەتەر ئاستىدا قالىدۇ»، دېيىشىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇنداق گەپلەرنى دەۋاتقان كىشىلەر ئامېرىكىنى زادىلا چۈشەنمەيدىكەن. ئامېرىكا بىر دۆلەت بىلەن ئۇرۇشۇش قارارىغا كېلىدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايدۇ. ئىشەنمىسىڭىز ئىراققا قاراپ بېقىڭ. ياپونىيەنىڭ خىروشىما ۋە ناگاساكى رايونلىرىدا نېمە ئىش بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ. «دېموكراتىك ئەللەر ئۇرۇش قىلغاندا ھەرگىزمۇ ئۇرۇشنى ۋەھشىيلەرچە ئېلىپ بارمايدۇ، ھەمدە قارشى تەرەپتىن شەرتسىز تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ»، دېيىش، بىر خىل ئەپسانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## (2) ئۇرۇش يۈز بېرىشىنىڭ باشقا ئېھتىماللىقلىرى

بىز ئالدى بىلەن 2013-يىللىق جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئە ئاق تاشلىق دوكلاتىغا قاراپ باقايلى: «تەيۋەن بوغۇزىدىكى مۇناسىۋەتلەردە ھازىر تىنچلىق ئاستىدىكى بىللە تەرەققىي قىلىش جەريانى ساقلىنىۋاتىدۇ.» بۇ بايان ناھايىتىمۇ توغرا. ئەگەر تەيۋەن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىق جاكارلايدىكەن، جۇڭگو ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم ئۇرۇشىدۇ. ئامېرىكا ئۇنداق بىر ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى ئىستىمەيدۇ. ئەگەر جۇڭگو بىلەن تەيۋەن ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ، ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالى يۈز بېرىدىكەن، ئامېرىكا-ئاۋسترالىيە ھەربىي كېلىشىمى ئىشقا سېلىنىپ، ئاۋسترالىيەنىڭ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىسى ئامېرىكىغا ياردەم قىلىشقا ئۆتىدۇ. ئەمما ئەسلىدىكى ئۇرۇشنى تەيۋەننىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىق جاكارلاشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، ئۇ ھالدا ئاۋسترالىيە ناھايىتى مۇرەككەپ دىپلوماتىك مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاشۇنداق بىر ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىشى بىر خىل خىيالىي ئەھۋال بولۇپ، ھازىرچە ئۇنداق بىر ئەھۋال ئۈستىدە بەك باش قاتۇرۇپ كېتىشنىڭ ھېچ بىر ھاجىتى يوق. ھازىرچە ئامېرىكىنىڭ تەيۋەن بوغۇزىدىكى بىر ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى، ياكى تەيۋەن بوغۇزىدا بىرەر ئۇرۇشنىڭ پارتلاپ قېلىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن تۆۋەن.

شىمالىي كورىيەنىڭ ئەھۋالى تەيۋەننىڭكىدىن كۆپ خەتەرلىك. شىمالىي كورىيەنىڭ 28 ياشلىق ھەربىي باشلىقى ھاماقەتلىك قىلىپ ۋە چۈچۈرىنى خام ساناپ، بىر يادرو-بومبىسى ئۇرۇشى باشلاپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار. كورىيە يېرىم ئارىلىدا بىرەر ئۇرۇشنىڭ پارتلاپ قېلىشى جەنۇبىي كورىيە بىلەن ئامېرىكا ئۈچۈن پايدىلىق ئەمەس. جۇڭگو ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىسىز. شۇڭا جۇڭگومۇ يېقىندىن بۇيان شىمالىي كورىيەدىن ئاستا-ئاستا يىراقلىشىۋاتىدۇ. ئەگەر شىمالىي كورىيە جەنۇبىي كورىيەگە يادرو-بومبىسى بىلەن ھۇجۇم قىلىدىكەن، ئامېرىكا شىمالىي كورىيەگە قاتتىق زەربە بېرىدۇ. بۇنى مەلۇم كىشىلەر شىمالىي كورىيەگە دەپ قويۇشى كېرەك. شىمالىي كورىيەنىڭ جەنۇبىي كورىيەگە ھۇجۇم قىلىشى

بىر ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋال، ئەمما ئۇنداق بىر ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشمۇ ئېھتىماللىقتا يېقىن ئەمەس.

يېقىندا شەرقىي جۇڭگو دېڭىزى، سېنكاكۇ ئارىلى ۋە جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزلىرىدا يۈز بەرگەن ئىشلار ئىنگلىزچە «ASEAN, Association of Southeast Asian Nations» دەپ ئاتىلىدىغان «شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى بىرلىكى» گە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يىرىكلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشىلىدى. يېقىنقى خەۋەرلەردە ئاڭلىغىنىمىزدەك، يېقىندا 8 كېمىلىك جۇڭگولۇقلار سېنكاكۇ ئارىلىغا كەلگەندە، ياپونىيە باش مىنىستىرى «بۇ ئارالغا كەلگەن ھەر قانداق جۇڭگولۇق قوغلاندى قىلىندۇ»، دېدى. يەنى، ياپونلۇقلار ئاشۇنداق جۇڭگولۇقلارنى «قانۇنسىز پاناھلانغۇچىلار» دەپ ھېسابلايدىغانلىقىنى ئوچۇق بىلدۈردى. قىسقىسى، سېنكاكۇ ئارىلى رايونىدا چۆچۈرنى خام ساناش سەۋەبىدىن كىچىك كۆلەملىك توقۇنۇشنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار.

يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر دوكلات بۇنىڭدىن كېيىنكى 30 يىل ئىچىدە جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇقىرىدىكى 3 خىل ئېھتىماللىقلارمۇ تىلغا ئېلىنغان. ئۇ دوكلات ئاخىرىدا بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاش ئېھتىماللىقىنىڭ ئاساسەن يوق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## 2. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى

ئىلاۋە: پول دېبب دوكلاتىنىڭ بۇ قىسمىدا ئوتتۇرىغا قويغان بىر قىسىم مەزمۇنلار مەن ئالدىنقى قېتىمقى «جۇڭگو ئاسىيادىكى ھۆكۈمران كۈچ بولالمايدۇ» دېگەن ماقالىدە تونۇشتۇرغان مەزمۇنلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، مەن ئۇلارنى بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمەن. بۇ يەردە پەقەت بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان يېڭى مەزمۇنلارنىلا بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

يېقىندا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ياردەمچى سېكرېتارى (deputy assistant secretary of State) ۋە جۇڭگو ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى سۇزان شىرك (Susan L. Shirk) خانىم «جۇڭگو—ئاسان ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ» (China: Fragile Superpower) ناملىق بىر كىتابنى يازدى [4]. يەنى، مەن «سوۋېت ئىتتىپاقى—تەلتۆكۈس بولمىغان دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ» دېگەن كىتابنى يازدىم، سۇزان بولسا «جۇڭگو—ئاسان ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ» دېگەن كىتابنى يازدى. سۇزان ئاشۇ كىتابىدا جۇڭگو سىرتقا قارىتا كۈچىيىپ مېڭىپ، ئىچكى جەھەتتە ئاجىزلىشىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مېنىڭچە بۇ بىر ھەقىقەت. ھەربىي جەھەتتە جۇڭگو ئامېرىكىدىن كۆپ ئارقىدا تۇرىدۇ. ھازىرقى مۆلچەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىنىڭ يىللىق ھەربىي خىراجىتى پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى ھەربىي خىراجەتلىرىنىڭ 50 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ مۆلچەرىدە، ئامېرىكىنىڭ ھەر يىلى ئىلغار ھەربىي قوراللىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا خەجلەيدىغان پۇلىنىڭ مىقدارى پۈتۈن دۇنيا سەرپ قىلىدىغان پۇلنىڭ 80 پىرسەنتىگە يېتىپ بارىدۇ. ھازىر بۇ ساھەدە ئازراقتىن تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەللەردىن جۇڭگو، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە رۇسىيە قاتارلىقلار بار. ئەمما رۇسىيەنىڭ دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنىڭ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تۆۋەنگە قاراپ مېڭىۋاتقىنىغا ھازىر 20 يىلدىن ئاشتى.

ھازىر GDP جەھەتتە جۇڭگو ئىقتىسادى ياپونىيەنى بېسىپ چۈشتى. كىشىلەر جۇڭگو پۇلىنىڭ

نىسپىي قىممىتى ياكى جۇڭگو پۇلىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى بويىچە مۆلچەرلەپ، 2020-يىلى دەمدۇ ياكى 2028-يىلى دەمدۇ جۇڭگو ئامېرىكىنى بېسىپ چۈشىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ. ئەگەر ئاشۇنداق مۆلچەر راست بولۇپ چىقتى، دېگەندىمۇ، جۇڭگو ھەرگىزمۇ ئامېرىكىدەك باي دۆلەت بولالمايدۇ. جۇڭگونىڭ مائارىپ سىستېمىسى ئىنتايىن قاتمال بولۇپ، تەتقىقات، تەرەققىيات ۋە يېڭىلىق يارىتىش جەھەتلەردە ھەرگىزمۇ ئامېرىكىغا يېقىن كېلەلمەيدۇ. مېنىڭ مۆلچىرىمچە، بىر-بالا سىياسىتىنىڭ نەتىجىسىدە، 2015-يىلى جۇڭگو ئەمگەك كۈچىنىڭ سانى تۆۋەنلەپ مېڭىشنى باشلايدۇ. بۇ جەھەتتە جۇڭگو قوللىنالايدىغان بىرەر تەدبىر مەۋجۇت ئەمەس. 2040-يىلىغا بارغاندا جۇڭگونىڭ 380 مىليون نوپۇسى 60 ياش ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشقا كىرىدۇ. مۇشۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان پاكىتلارنىڭ ئۆزىدىنلا جۇڭگونىڭ يېقىن كەلگۈسىدە بىر ئىنتايىن ئېغىر گېئو-سىياسىي مەسىلىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جۇڭگودىكىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئالىلقاچان ئۆسۈشكە باشلاپ بولدى. بىر قىسىم شىركەتلەر پات يېقىندا ۋېيېتنام، ھىندىستان ۋە ھىندونېزىيە قاتارلىق ئەللەرگە كۆچۈشكە باشلايدۇ. 400 مىليونغا يېقىن نوپۇسنىڭ يېشى 60 تىن يۇقىرى بولۇپ، يەنە كېلىپ بىر ياخشى ساقلىقنى-ساقلاش سىستېمىسى، ياشانغانلاردىن خەۋەر ئېلىش سىستېمىسى ۋە سالامەتلىكنى ياخشىلاش سىستېمىسى يوق بولغاندا، ۋاقتى كەلگەندە ئاشۇ ئىشلارغا كېتىدىغان پۇل بىر ئېغىر مەسىلە بولىدۇ. بۇنى بىز ھەممىمىز ناھايىتى ياخشى بىلىمىز.

جۇڭگودا ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىقلار كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتىدۇ. جۇڭگونىڭ دېڭىز قىرغىقى رايونلىرى بىلەن ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات پەرقى ناھايىتىمۇ چوڭ بولۇپ، ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىدا ناھايىتى كەمبەغەل رايونلار ھازىرمۇ ناھايىتى كۆپ. جۇڭگودا ھازىر چىرىكلىششمۇ بىر ناھايىتى ئېغىر مەسىلە بولۇپ قالدى.

ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە، جۇڭگو بىر زامانىۋى ئۇرۇشنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش سەۋىيىسىگە يېتىش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن يېڭى قوراللارنى ياساپ چىقىشى ۋە نۇرغۇن يېڭى ئىقتىدارلارنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بۇ ھەربىي خىراجەت مىقدارىنى ھازىرقىدىنمۇ خېلىلا كۆپ ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما باشقا تاشقى ۋە ئىچكى ئىشلارمۇ ھازىر خىراجەت مىقدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتقان بولغاچقا، ھەربىي ساھە ئۈچۈن زۆرۈر بولغان خىراجەتنى چىقىرىشتا جۇڭگو ھازىر خېلى ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. جۇڭگونىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىي تەرەققىياتىنىڭ كۆلىمى بىلەن تېزلىكى دۆلەتنىڭ ساغلاملىقى بىلەن دۆلەت بايلىقىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق.

جۇڭگونىڭ ھازىرقى ھەربىي مۇمكىنچىلىكى ۋە كۈچى ھەققىدە مېنىڭ سەپداشلىرىم بىر قانچە پارچە ناھايىتى ياخشى دوكلاتلارنى تەييارلىدى. مەن بۇ يەردە ئۇلارغا قوشۇمچە قىلىپ بىر قانچە ئىشنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىمەن.

جۇڭگونىڭ سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ ئاۋازى ناھايىتى چوڭ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى رۇسىيەدىن كەلگەن بولۇپ، جۇڭگو ھازىرمۇ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنى رۇسىيەدىن ئېلىۋاتىدۇ. ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە جۇڭگونىڭ ئۇنداق سۇ ئاستى پاراخوتلىرىغا ناھايىتى ئاسانلا تاقابىل تۇرالايدۇ. جۇڭگو ئەڭ يۇقىرى تېخنولوگىيەلىك سەۋىيىگە ئىگە ئۇرۇش ئايروپىلانى ياساش يولىدا تىرىشىۋاتقىلى 55 يىلدەك ۋاقىت بولدى، ئەمما تېخىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىدى. ئۇلار ھازىر ئاشۇنداق ئىلغار ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ ماتورىنى رۇسىيەدىن ئېلىۋاتىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، رۇسىيەنىڭ دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە چېكىنىۋاتقىنىغا ھازىر 20 يىلدىن ئاشتى. جۇڭگو تېخى يېقىندا رۇسىيەدىن بىر

1970-يىللىرى ياسالغان ئاۋئاماتكا پاراخوتنىڭ بەدىنىنى سىتۇۋېلىپ، ئاۋئاماتكا پاراخوتى ياساپ چىقىش جەريانىنى شۇنىڭدىن باشلىدى. ئامېرىكىنىڭ بۇ ئىشنى قىلىۋاتقىنىغا ھازىر 70 يىل بولدى. بۇ ساھەدە جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمەيدۇ. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگونىڭ زامانىۋى ئۇرۇش تەجرىبىسى نۆلگە تەڭ. كورىيە ئۇرۇشىدا جۇڭگونىڭ دېھقانلاردىن تەركىب تاپقان ئەسكەرلىرى ئۇرۇشنى ئانچە قامالاشتۇرالمىدى. مەن ئۇ چاغدا ئاۋسترالىيە دۆلەت مۇداپىئە ئاخبارات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، ھەممە ئىشلارنى كۆرۈپ تۇردۇم. 1978-يىلى جۇڭگو ۋيېتنامغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بېرىپ قويماقچى بولدى. ئەمما جۇڭگو ئۇلاردىن ئۆزى دەككە يەپ، ۋيېتنامدىن قايتىپ چىقتى.

### 3. خۇلاسە

قىسقىسى، ھەممە ئەھۋاللارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىدىغان بولساق، بىز تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كېلىمىز:

(1) جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلامدۇ؟

--ياق، ئۇرۇش قىلمايدۇ. ئەمما كىچىك كۆلەملىك توقۇنۇشلاردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

(2) جۇڭگو توختىماي تەرەققىي قىلىپ مېڭىۋېرەمدۇ؟ ئامېرىكا چوقۇم ئارقىغا چېكىنەمدۇ؟

--ياق، جۇڭگو تەرەققىي قىلىپ مېڭىۋەرمەيدۇ، ھەمدە ھازىر ئامېرىكا ھەرگىزمۇ بىر ئارقىغا چېكىنىش يولىغا كىرىپ قالغىنى يوق.

(3) بىر قىسىم ئىستراتېگىيىلىك ساھەلەردە ئامېرىكا چوقۇم جۇڭگوغا يول بېرىشى كېرەكمۇ؟

--ياق، ئامېرىكا بولسۇن، ياكى باشقا ئەللەر بولسۇن، ھەرگىزمۇ ئۆز رازىلىقى بىلەن شەرقىي-جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدەك رايونلاردا جۇڭگوغا تەسىر كۆرسىتىش زېمىنى ھازىرلاپ بەرمەسلىكى كېرەك. يېقىندا ئاۋسترالىيەدىكى بەزى كىشىلەر جۇڭگوغا يۇقىرىقىدەك ئىشلاردا يول بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. يېقىندا بىر ئامېرىكىلىق ئاپتورمۇ «ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش» (**Survival**) دېگەن ژۇرنالدا ماقالە ئېلان قىلىپ، شۇنىڭغا ئوخشاش پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، ئۇنداق قىلىشنىڭ قەتئىيلا ھاجىتى يوق.

(4) ئاۋسترالىيە جۇڭگو بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييارلىق كۆرۈشى كېرەكمۇ؟

--ياق، ئۇنداق قىلىشىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئاۋسترالىيەنىڭ 2009-يىلىدىكى دۆلەت مۇداپىئە ئاق-تاشلىق دوكلاتىدا جۇڭگو بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كېرەكلىكى تەۋسىيە قىلىنغان. ئەمما ئۇنداق قىلىش پۇتۇنلەي ئارتۇقچە. ئاۋسترالىيە ھازىر ھەربىي خىراجەت ئۈچۈن GDP نىڭ 1.5 پىرسەنتىنى ئاجرىتىۋاتىدۇ. ئاۋسترالىيەنىڭ ئىقتىسادىي ياخشىلانغاندا، بۇ پۇلنىڭ مىقدارىنى سەل ئۆستۈرۈش كېرەك. ئەمما ئۇ ھازىرلا جىددىي قىلمىسا بولمايدىغان ئىش ئەمەس. ھازىر ئاۋسترالىيە بىر ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلگەن ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس.

### پايدىلىنىش ماتېرىيالى:

**[1] What are the risks of war between China and the US?**
https://www.youtube.com/watch?v=YsrzvkG5_KI

**[2] Paul Krugman**
http://books.wwnorton.com/books/Paul-Krugman/

**[3] The Great Illusion, by Norman Angell**
http://www.barnesandnoble.com/w/great-illusion-norman-angell/1101128329?ean=9781540707871&st=PLA&sid=BNB_DRS_Core+Shopping+Books_00000000&2sid=Google_&sourceId=PLGoP62465

**[4] Susan L. Shirk, China: Fragile Superpower**
https://www.amazon.com/China-Superpower-Susan-L-Shirk/dp/0195373197/ref=sr_1_1?ie=UTF8&qid=1483578534&sr=8-1&keywords=China%3A+The+fragile+superpower

**ئاپتور پول دىبب ھەققىدىكى ئىنگلىزچە ئۇچۇر:**

Paul Dibb is Emeritus Professor of strategic studies and Chairman of the Strategic and Defence Studies Centre at The Australian National University. He was head of the Strategic and Defence Studies Centre from 1991 to 2003. His previous positions include: Deputy Secretary of the Department of Defence, Director of the Defence Intelligence Organisation, and Head of the National Assessments Staff (National Intelligence Committee).

He is the author of five books and four reports to government, as well as more than 120 academic articles and monographs about the global strategic outlook, the security of the Asia-Pacific region, the US alliance, and Australia's defence policy. He wrote the 1986 Review of Australia's Defence Capabilities (the Dibb Report) and was the primary author of the 1987 Defence White Paper. He also published a book in 1986, which was reprinted in 1987 and had a second edition in 1988, entitled TheSoviet Union: The Incomplete Superpower (London: The International Institute for Strategic Studies).

At the request of the Foreign Minister, he has represented Australia at six meetings of the ASEAN Regional Forum's Experts and Eminent Persons Group between 2006 and 2012 with the most recent one being in Bangkok in February 2012. Under the Howard Government, he was a member of the Foreign Minister's Foreign Policy Council for 9 years.

# ترامپنىڭ پرېزىدېنت بولۇشى جۇڭگو ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

**2017-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى**

دونالد ترامپنىڭ ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولۇپ سايلىنىشى بىر قىسىم كىشىلەرنى خۇشال قىلدى. بىر قىسىم كىشىلەرنى ئەنسىرەتتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى بولسا «بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر؟» دېگەندەك خىياللار ئىچىدە، ياكى بولمىسا بىر خىل قاراڭغۇلۇقتا قويدى. بۇ مەسىلىدە بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى «ترامپنىڭ پرېزىدېنت بولۇشى جۇڭگو ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟» دېگەن مەسىلە، دېسەك، مېنىڭچە خاتالاشمايمىز. مېنىڭ كاللامدىمۇ ئاشۇ سوئال ئىزچىل تۈردە جاراڭلاپ تۇرغان بولغاچقا، مەن ئىنتېرنېتتىكى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەلەيدىغان مەنبەلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ كەلدىم. ھەمدە ئۆزۈم ياقتۇرغان مەنبەدىن بىرىنى تاپتىم. مەزكۇر يازمىدا مەن ئەنە شۇ مەنبەدىكى ئۆزۈم تاللىغان مەزمۇنلارنى تونۇشتۇرىمەن. مەن بايان قىلىدىغان ئىدىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى مەنبەگە تەۋە بولۇپ، ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ سۆزلىرىنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى «ئىلاۋە» شەكلىدە بىر ئايرىم ئابزاس قىلىپ يازىمەن. بۇ يەردە ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، بۇ يەردە تونۇشتۇرۇلغان كۆز-قاراشلارنىڭ ھەممىسىگە مەن ئۆزۈم تولۇق قوشۇلۇپ كەتمەيمەن، ھەممىسىنى تولۇق قوبۇل قىلىپمۇ كەتمەيمەن. مېنىڭ مەقسىتىم ئۆزۈمنى ۋە باشقا ئوقۇرمەنلەرنى يېڭى مەلۇمات ۋە يېڭى بىلىم بىلەن تەمىنلەش بولغانلىقى ئۈچۈن، يازمىدىكى مەزمۇنلارغا مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقى ۋە ئۇلارنى ئۆزۈمنىڭ قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقى مۇھىم ئەمەس، ھەمدە مەزكۇر يازما بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ ئەمەس. ئەمما مەن تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەلۇمات ۋە بىلىملەر ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىمەن.

مېنىڭ بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغىنىم دوكتور چېن شياۋپىڭ (明鏡新闻执行综编陳小平博士») دوكتور شيا يېلياڭ (夏業良, 夏业良) بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئۆتكۈزگەن تېلېۋىزور سۆھبىتىنىڭ ئۆزۈم تاللىغان مەزمۇنلىرى [1]. شيا يېلياڭ بىر تونۇلغان ئىقتىسادشۇناس بولۇپ، ئۇ بۇرۇن جۇڭگودىكى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شاڭخەي ئۇنىۋېرسىتېتى، شاڭخەي ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى، ۋە شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردە پروفېسسور بولغان، ھەمدە باشقا بىر قىسىم مۇھىم ئىقتىسادى تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ ليۇ شياۋبو يېزىپ چىققان «8-نومۇرلۇق ئاساسىي قانۇن» غا ئىمزا قويغان جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ئوچۇق-ئاشكارا تەنقىد قىلىپ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن ئاخىرى جۇڭگودا تۇرالماي، ئامېرىكىغا كېلىۋالغان. ئۇ 2014-يىلى 2-ئايدىن باشلاپ ۋاشىنگتوندىكى ئەقىل-ئامبىرى ئورگىنى «كاتو ئىنستىتۇتى» (Cato Institute) دا «مېھمان تەتقىقاتچى» بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ [2].

تۆۋەندە مەن مەزكۇر سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى سوئال-جاۋاب شەكلىدە بايان قىلىمەن.

**1-سوئال: خېلى كۆپ جۇڭگولۇقلار «ھىلارى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ترامپ سىياسىيغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ پرېزىدېنت بولۇشى ھىلارىغا قارىغاندا جۇڭگو ئۈچۈن تېخىمۇ**

**پايدىلىق»، دەپ قارىغان. چەت ئەلدىكى خەنزۇلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، 50 پىرسەنتتىن كۆپرەك جۇڭگولۇقلار ترامپنىڭ پرېزىدېنت بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان ئىكەن. سىز ھازىر بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟**

**جاۋاب: ترامپنى قوللىغان جۇڭگولۇقلار ئەھۋالنى خاتا مۆلچەرلىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ترامپ بىر سودىگەر ئادەم بولغاچقا، ئۇ سىياسىيغا، قىممەت قارىشىغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بىر قىسىم چوڭقۇر مەسىلىلەرگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. سايلام پائالىيەتلىرى جەريانىدا ترامپ جۇڭگودىن ئالىدىغان باجنى كۆپەيتىش ۋە جۇڭگونى ئىقتىسادىي جەھەتتىن چەكلەش مەسىلىلىرى ئۈستىدىلا سۆزلەپ، سىياسىي جەھەتتە جۇڭگونى ئەيىبلىمىدى. ھەمدە بۇرۇن 89-يىلىدىكى 4-ئىيۇن ۋەقەسى ئۈستىدە توختالغاندا، جۇڭگو رەھبەرلىرىنى «ئوقۇغۇچىلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشتا جۇڭگو رەھبەرلىرى ناھايىتى كەسكىن چارە قوللاندى» دېگەندەك گەپلەر بىلەن جۇڭگو رەھبەرلىرىنى مەدھىيىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەردە «ترامپ دېموكراتىيىلىشىشكە قارشى تۇرىدىكەن، كىشىلىك ھوقۇققا قارشى تۇرىدىكەن، دىكتاتور ھاكىمىيەتنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ پۇتىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى ئىكەن»، دېگەندەك كۆز-قاراش پەيدا قىلدى. ترامپ بۇرۇن پۇتىننىمۇ ماختاپ كەلگەن، ھەمدە «رۇسىيە بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىيالايمەن»، دېگەن. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەممە ئىشلاردا خۇددى سودا مۇناسىۋىتىدىكىگە ئوخشاش قارشى تەرەپ بىلەن كېلىشكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ترامپ ھەر قانداق دىكتاتورچى دۆلەت رەھبىرى بىلەن كېلىشىش ئېلىپ بارالايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن تەسىرى، ئىقتىسادىي جەھەتتە پايدىسى بار ھەر قانداق ئىشتا ترامپ باشقىلار بىلەن سۆزلىشىپ، بىر ئىشنى ھەل قىلالايدىغان ئادەم بولۇپ، قىممەت قارىشى قاتارلىق باشقا ساھەلەردە ئۇ بىر ئۆلچىمى يوق ئادەم.**

**ترامپ سايلامدا ئۇتقاندىن كېيىن، ئۇ ئۆز ئەتراپىدا خىزمەت قىلىشقا تاللىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا بىر قىسىم يېڭى ئەقىللەرنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ھەمدە ئۇ ئۆزىمۇ سايلامدىن بۇرۇنقى ۋەدىلىرىدە تۇرمايدىغان بىر ئادەمدەك قىياپەتنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو پۇقرالىرى بۇرۇن ترامپنى ئۆز ئارزۇلىرى بويىچە چۈشەنگەن بولسا، ئۇلار ھازىر ترامپنىڭ ئىقتىساد، سودا، سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار ساھەسىدىكى جۇڭگوغا قاراتقان قاتتىق پوزىتسىيىسىنى كۆردى. ترامپ يېقىندا تەيۋەن پرېزىدېنتى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەندىن كېيىن، بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى ئەيىبلىدى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بىر خىل دەككە-دۈككە ئىچىگە پاتتى. بۇنىڭغا قارىتا ترامپ «ئامېرىكا تەيۋەنگە ھەر يىلى نەچچە مىليارد دوللار قىممەتتىكى زامانىۋى ھەربىي قوراللارنى ساتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا مېنىڭ بىر قېتىم تەيۋەن پرېزىدېنتى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ قويغىنىم قانچىلىك ئىشتى؟» دېدى. مېنىڭچە كۆپىنچە كىشىلەر ترامپنىڭ بۇ گېپىدىن خاتالىق تاپالمايدۇ. چۈنكى تاشقى ئىشلار مۇناسىۋىتىدە بۇنداق تېلېفوننى قوبۇل قىلىش بىر خىل نورمال ئىش.**

**1979-يىلى ئامېرىكا پرېزىدېنتى كاتو (Cato) جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، بىر قىسىم كېلىشىملەرنى تۈزگەندىن كېيىنكى ئۇزۇن مۇددەت ۋاقىت ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ ھېچ قانداق بىر پرېزىدېنتى شۇ چاغدىكى بىرلەشمە ئاخباراتنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا پېتىنىپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا ترامپنىڭ بۇ قېتىمقى ئىشى جۇڭگو تاشقى ئىشلار ئەمەلدارلىرىنى ناھايىتى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى.**

ئىقتىسادىي جەھەتتە، ترام سايلام جەريانىدا جۇڭگودىن كىرىدىغان ماللارغا 45 پىرسەنتكىچە باج قوشۇش قاتارلىق بىر قىسىم تەدبىرلەرنى قوللىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ بىر يېڭى يۈزلىنىشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئەمما مېنىڭچە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىنتايىن قىيىن، بەزىدە ھەتتا مۇمكىنمۇ ئەمەس. ھازىر ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا-سىنىپ خەلقلىرى جۇڭگودىن كىرگەن ئەرزان ماللارنىڭ پايدىسىنى ناھايىتى كۆپ كۆرۈۋاتىدۇ. ئەگەر ترامپ جۇڭگو ماللىرىغا 45 پىرسەنت باج قوشىدىغان بولسا، يالغۇز جۇڭگو ئىقتىسادىي چوڭ زىيانلارغا ئۇچراپلا قالماي، ئامېرىكا خەلقىنىڭ تۇرمۇشىمۇ ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئامېرىكا ئىقتىسادى ئالدىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە ھەر يىلى ئاران 1 – 2 پىرسەنتتىن ئۆسۈۋاتىدۇ. ئۆسۈش نىسبىتى بىر پىرسەنتتىن تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ۋاقىتمۇ بار. ئامېرىكىلىقلارنىڭ مائاشىمۇ 10 نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە ئانچە كۆپ ئۆسمىدى. شۇ سەۋەبتىن ھازىرقى ئامېرىكىلىقلارنىڭ بەخت كۆرسەتكۈچىسى بۇرۇنقى ئەۋلادلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ. شۇڭا ئامېرىكا خەلقى ھازىر ناھايىتى ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى كانادا ۋە ياۋروپادىكى بىر قىسىم ئەللەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا خېلىلا ناچار. ئامېرىكىنىڭ داۋالاش سىستېمىسىمۇ ناھايىتى ئارقىدا. ئۇنى ئوباما ئۆزگەرتىپ باققان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىدى. شۇڭلاشقا ھازىر كىشىلەر بىر يېڭى پرېزىدېنت چىقىپ، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ.

بۇ ئىشتا ئامېرىكىدىكى بايلارنىڭ چىشىغا تېگىشكىمۇ بولمايدۇ. سەۋەبى بايلار سىنىپىنىڭ ئامېرىكىغا قوشىدىغان تۆھپىسى ناھايىتى چوڭ. بىز ئادەتتە ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسى ئاساسىدا بايلار بىلەن كەمبەغەللەرنى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىمىز، بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلىپ قويىمىز. بۇ بىر ئىنتايىن خەتەرلىك يۈزلىنىش. ئەمەلىيەتتە كەمبەغەللەر بىلەن بايلار مەلۇم دەرىجىدە بىر-بىرىنى يۆلەپ-تۆلەيدۇ، ئۆز-ئارا بىرلىشەلەيدۇ. ئاشۇنداق بولۇش ئۈچۈن چوقۇم بىر ياخشى تۈزۈم، بىر ياخشى جەمئىيەت ۋە بىر ياخشى قىممەت قارىشى بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن كەمبەغەللەر بىلەن بايلار ئۆز-ئارا دۈشمەنلىشىپ قېلىپ، جەمئىيەت پارچىلىنىپ كېتىپ، بىر ئىنتايىن ناچار ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، جۇڭگودىن كىرىدىغان پولات ۋە باشقا مېتال بۇيۇملىرىنىڭ بېجىنى ئۆستۈرۈشمۇ بار. پولات ئېكسپورتى جەھەتتە ھازىر جۇڭگو دۇنيا بويىچە 1-ئورۇندا تۇرىدۇ. ھازىر ناھايىتى زور مىقداردىكى 1-دەرىجىلىك پولات جۇڭگودىن ئامېرىكىغا كىرىۋاتىدۇ. ئامېرىكا شىركەتلىرى ئاشۇ پولاتنى ئىشلىتىپ ياسىغان مەھسۇلاتلار ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس. شۇڭا ئامېرىكا جۇڭگونى مۇشۇ جەھەتتە جازالىماقچى بولۇۋاتىدۇ. ھازىر جازالىماقچى بولغان ساھەلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرى تېخنولوگىيەلىك مەھسۇلاتلار، مەسىلەن، خۇاۋېي (Hua Wei) شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىمۇ بار. ھازىر جۇڭگونىڭ بەزى چوڭ كۆلەملىك دۆلەت ئىگىلىدىكى كارخانىلار ئامېرىكىدىكى بەزى مەھسۇلاتلىرىنى دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىغىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدىغان شىركەتلەرنى سېتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ئىش يۈز بېرىدىكەن، ئۇ ئامېرىكىنىڭ تېخنولوگىيە جەھەتتە دۇنيادىكى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنىنى ساقلاش سالاھىيىتىگە، ھەمدە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شۇڭلاشقا ترامپ ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار تەدبىرلەر ئامېرىكا ئۈچۈن خېلىلا پايدىلىق. ئەگەر ترامپ ئوتتۇرىغا قويغان تەدبىرلەر سۆز بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىكەن، ئۇلار چوقۇم بىر قىسىم ساھەلەردە جۇڭگونى ھەقىقىي تۈردە زىيانلارغا ئۇچرىتىدۇ. شۇڭلاشقا جۇڭگو رەھبەرلىرى بۇرۇن ترامپنى

خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقنى، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىۋاتىدۇ. جۇڭگو رەھبەرلىرى ئەسلىدە تىرامپقا ئوخشاش ئىقتىساد كەسپىدىن چىققان، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ھېچ بىر تەجرىبىسى يوق ئادەمگە ئاسان تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئازراق ئىقتىسادىي پايدا بەرسىلا، ئۇ ياۋاشلىق بىلەن گەپ ئاڭلايدۇ، دەپ ئويلىغان. ئەمەلىيەت بولسا ئۇنداق بولۇپ چىقمىدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان جۇڭگونىڭ چەت ئەللەرگە سىڭىپ كىرىشى، بولۇپمۇ ئامېرىكىغا سىڭىپ كىرىشى ئىنتايىن كۈچلۈك بولدى. جۇڭگو سىڭىپ كىرگەن ساھە يالغۇز ئىقتىسادىي ساھەلا بولۇپ قالماستىن، يەنە سىياسىي قاتلام، كېڭەش پالاتا ۋە ئاۋام پالاتا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات ئورۇنلىرى، ۋە ئەقىل ئامبىرى قاتارلىقلارمۇ بار. جۇڭگونىڭ ھەربىي ساھەگە سىڭىپ كىرىشى قالغان ساھەدىكىدەك كۈچلۈك ئەمەس، ئەمما سىڭىپ كىرگەن ساھەلەر ئىچىدە ئۇمۇ بار.

شۇڭلاشقا ھازىر ئامېرىكا ئۆزگىرىش ياسايدىغان ۋاقىت كەلدى. بۇ ئىشتا تىرامپ ئۆزى يالغۇز كۆپ ئىشلارنى قىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئەمما تىرامپدەك بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىش باشلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ. ئەگەر تىرامپ پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىكەن، ئامېرىكىدىكى نۇرغۇنلىغان قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئۆزىنىڭ بىلىملىرى بىلەن قابىلىيەتلىرىنى دۆلەت ئۈچۈن تەقدىم قىلىپ، تىرامپ بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكىنى ئۆزگەرتىشكە ئاتلىنىدۇ. مېنىڭچە مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار.

**4-سوئال: تىرامپ جۇڭگونى خېلى كۆپ ساھەدە تەنقىد قىلدى. مەسىلەن، ئۇ «جۇڭگو دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئوغرى»، دېدى. ئۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتى جۇڭگو پۇلىنىڭ قىممىتىنى قاتتىق كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ كۆپ قېتىم تىلغا ئالدى. سىزچە جۇڭگو ئۆز پۇلىنى قانداق قىلىپ قاتتىق كونترول قىلىۋاتىدۇ؟**

جاۋاب: ئەركىن بازار ئىقتىسادىنى يولغا قويغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز پۇلىنىڭ پۇل ئالماشتۇرۇش نىسبىتىنى ئەركىن قويۇۋېتىدۇ. ئەگەر بىر دۆلەت ئۆز پۇلىنىڭ ئالماشتۇرۇش نىسبىتىنى كونترول قىلىدىكەن، ئۇ بىر ئېچىۋېتىلگەن دۆلەت بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي سىستېما جەھەتتە بىر يېپىق دۆلەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈرلىرى دائىملىق تۈر بىلەن كاپىتال تۈرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. دائىملىق تۈرلەرنى ئەركىن قويۇۋەتكەندە، مەھسۇلاتلارنى ئالماشتۇرۇش تېخىمۇ تولۇق بولىدۇ. كاپىتال تۈرلىرىنى ئەركىن قويۇۋەتكەندە، كاپىتالنىڭ كىرىشى ۋە چىقىشى ئەركىن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ چەت ئەللەرگە مەبلەغ سېلىشى، چەت ئەللىكلەرنىڭ جۇڭگوغا مەبلەغ سېلىشى، ۋە سالغان مەبلەغدىن پايدا كۆرۈشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كاپىتالتىكى ئىگە بولىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى كاپىتال تۈرلىرىنى باشتىن-ئاخىر ھەقىقىي تۈردە ئەركىن قويۇۋېتىپ باقمىدى. دائىملىق تۈرلەرنى ئېچىۋېتىشىمۇ يېتەرلىك بولمىدى.




**1-رەسىم: مەزكۇر سۆھبەتنىڭ يۇتيۇب ۋىدېئوسىدىن بىر كۆرۈنۈش.**

**جۇڭگو 2001-يىلىلا «دۇنيا سودا تەشكىلاتى» (World Trade Organization, WTO) غا ئەزا بولۇپ كىرگەن. ھازىر ئۇنىڭغا 15 يىل بولدى. ئەمما جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەينى ۋاقىتتا قىلغان ۋەدىلىرىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەل قىلمىدى. مەسىلەن، ئاپتوموبىل بېجىنى ئەسلىدىكى 250 پىرسەنتتىن 50 پىرسەنتكە چۈشۈرىدىغان بولغان. ئادەتتىكى بۇيۇملارنىڭ بېجىنمۇ ئەسلىدىكى يۇقىرى قىممەتتىن 15 پىرسەنتتىن تۆۋەن بىر قىممەتكە چۈشۈرمەكچى بولغان. ئەمما ئۇ ۋەدىلىرىنىڭ ھېچ قايسىسىنى تېخىچە ئورۇنلىمىدى. مەن بۇنداق ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا پەرەز قىلغان ئىدىم. مەسىلەن، مەن بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن كۆپلىگەن جايلارغا بېرىپ دەرس سۆزلىگەندە، مۇنداق بىر غەلىتە ئەھۋالنى ئوتتۇرىغا قويغان: جۇڭگو ھۆكۈمىتى WTO گە كىرىشتىن بۇرۇن 13000 پارچە WTO غا ئائىت ھۆججەتلەرنى تەييارلاپ ئېلان قىلدى. WTO غا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن بولسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىمزا قويغان WTO نىڭ رەسمىي ھۆججىتىدىن بىرەر نۇسخىسىنىمۇ ئوچۇق تارقاتمىدى. خەلقلەرنىڭ WTO نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىغا ھېچ قانداق ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمىدى. جۇڭگو WTO غا كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، «جۇڭگو تاشقى سودا ئۇنىۋېرسىتېتى» WTO ھەققىدە بىر ھۆججەت تەييارلىغان ئىدى. ئەمما جۇڭگو تاشقى سودا مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرى «بۇ ھۆججەت تولۇق ئەمەسكەن، ئىچىدە كۆپلىگەن خاتالىقلار بار ئىكەن، ئۇنى رەسمىي ھۆججەت سۈپىتىدە ئىشلەتكىلى بولمايدىكەن» دېگەنلەرنى باھانە قىلىپ، ئۇ ھۆججەتنى تارقاتقىلى قويمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو قانۇن نەشرىياتى ئاشۇنداق ھۆججەتتىن بىر پارچىنى تەييارلىدى. ئەمما دائىرىلەر ئۇنىمۇ «بولمايدىكەن»، دەپ، ئىشلەتكىلى قويمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ ھۆججەتتىن 3 ئوخشىمىغان نۇسخا تەييارلانغان بولسىمۇ، دائىرىلەر ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ تارقىتىشقا يول قويمىدى.**

**ئەنە شۇنداق بولغاچقا، مەن جۇڭگودا دەرس سۆزلەپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا، «جۇڭگودا WTO نىڭ قائىدىلىرىنى چۈشىنىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سانى 100 كىشىگىمۇ بارمايدۇ»، دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. مەيلى جۇڭگونىڭ ئۆلكە مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى بولسۇن، ياكى مەركەزدىكى رەھبەرلەر بولسۇن، WTO نىڭ قائىدىلىرىنى تولۇق چۈشىنىدىغان ئەمەلداردىن 10 كىشىنى**

تاپقىلى بولمايدۇ. تاكى بۇگۈنگە قەدەر بىرەر ئادەم مېنىڭ يۇقىرىقىدەك ھۆكۈمۈمنى ئىنكار قىلىدىغان پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. ھازىرقى ئەمەلىيەت دەل ئەنە شۇنداق. مەن بۇ ساھەدە ئىشلىگىلى ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت بولدى. جۇڭگودا WTO نىڭ قائىدىلىرىنى تولۇق چۈشىنىدىغان ئادەمدىن بىرەرسىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ئۇنى زىيالىي ۋە مۇتەخەسسىسلەرمۇ تولۇق چۈشەنمەيدۇ. يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئىچىدىنمۇ WTO نىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىنى بىلىدىغان كىشىدىن 10 ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ. مانا بۇ پۈتۈنلەي ئۆز-ئۆزىنى ئالداش بولىدۇ.

WTO نىڭ رولى ئانچە ياخشى بولمىدى. ئۇ قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلغان دۆلەتلەرگە ئۇلارنى WTO دىن قوغلاندى قىلىشتەك بىرەر چارە قوللىنالمىدى. مۇشۇنداق مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، يېقىندا ئىنگلىزچە «Trans Pacific Partnership, TPP» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېڭى سودا تەشكىلاتى قۇرۇلدى. جۇڭگونىڭ قىلىقلىرىدەك ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ تەشكىلات تەلەپلىرىنى WTO نىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى قىلدى. ئۇنىڭغا جۇڭگوغا ئوخشاش ئەللەرنىڭ كىرەلمەسلىكى ئۈچۈن، مەخسۇس بىر قىسىم قېيىن ئۆلچەملەرنى تۈزگۈزدى. مەسىلەن، TPP نىڭ قائىدىلىرى ئەقلىي مۈلۈكلەرنى قوغداش، ئەمگەكچىلەر ھوقۇقىنى قوغداش، مۇھىتنى ئاسراش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش قاتارلىق بىر قىسىم تەلەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇڭگو بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەقلىي مۈلۈك ۋە كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىق بىر قىسىم تەلەپلەرنى ئورۇنلىيالمايدۇ، ياكى ئورۇنلاشنىمۇ خالىمايدۇ.

ئىلاۋە: بۇ تەشكىلاتنىڭ 12 ئەزاسى بار بولۇپ، ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى تىنچ ئوكياننىڭ قىرغاقلىرىغا جايلاشقان. ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى كېلىشىمگە 2016-يىلى 4-فېۋرالدا ئىمزا قويغان. ئۇنىڭ ھازىرقى ئەزالىرى تۆۋەندىكى 12 دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ئاۋستىرالىيە
بىرۇنېي
كانادا
چىلى
مالايسىيا
مېكسىكا
يېڭى زېلاندىيە
پېرۇ
سىنگاپور
ئامېرىكا
ۋيېتنام
ياپونىيە (ئىلاۋە تۈگىدى)

جۇڭگو بىر جەھەتتىن خەلقئارا تەشكىلاتلارغا كىرىپ، «مەسئۇلىيەتچان ئەللەر» (responsible stakeholders) نىڭ قاتارىدا دۇنيادىكى تەسىرى بار، چوڭ ئىشلارغا قارار بېرەلەيدىغان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولماقچى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئەسلىدىكى تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلىشنى خالىمايدۇ.

ئۆتكەندە پرېزىدېنت ئوباما جۇڭگوغا بارغاندا، شى جىنپىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم زىياپەت

ئۇستىدە سۆھبەتلەشتى. شى جىنپىڭ ئۆز سۆزىدە جۇڭگو تارىخىنى كۆپلەپ سۆزلىدى. ئەمەلىيەتتە شى جىنپىڭ جۇڭگو تارىخىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ جۇڭگو تارىخى ئۇستىدە سۆزلەشكە سالاھىيىتى ئانچە توشۇپ كېتەلمەيتتى. ئوباما جۇڭگو تارىخىنى بىلمەيتتى. شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق بۇ ئىككى كىشىنىڭ سۆھبەت نۇقتىسى جۇڭگو تارىخى بولدى، ھەمدە شى جىنپىڭ ئوباماغا «قەدىمكى جۇڭگو بىر ئىنتايىن كۈچلۈك دۆلەت ئىدى، خەن-تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە دۇنيانىڭ قائىدىلىرىنى جۇڭگو بەلگىلەپ بېرەتتى، ھازىر جۇڭگو قەد كۆتۈرۈپ، يەنە بىر يېڭى دەۋر يېتىپ كەلدى، دۇنيانىڭ قائىدىلىرىنى بۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا ئۆزى يالغۇز چىقارماي، بۇ ئىشنى ئامېرىكا-جۇڭگو تەڭ ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، بۇ ئىشتا ئىككى دۆلەتنىڭ سۆزلەش ھوقۇقى ئوخشاش بولۇشى كېرەك»، دېگەندەك مەنىلەردىكى گەپلەرنى قىلدى.

يېقىندا خاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن 20 دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ يىغىلىشىدىمۇ شى جىنپىڭنىڭ «دۇنيا ئىقتىسادى ئۇچۇن يۆنىلىش بەلگىلەپ بېرىش» دېگەندەك سۆزلىرى گېزىتلەرگە ناھايىتى چوڭ قىلىپ بېسىلدى. بۇ سۆزدىن ئۇنىڭ ئۆزىنى دۇنيادىكى ئىقتىسادىي ساھەدىكى بىر ناھايىتى يۇقىرى نوپۇزلۇق ئۇستاز ھېسابلاۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىقتىسادشۇناسلىق كەسپىنىڭ ئىلىم ئەھلى ئەمەس. 17-قۇرۇلتايدا ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرغان ھۆججەتكە ئۆزىنى «ئىقتىسادشۇناسلىق دوكتورى» دەپ يازدۇرغان. 18-قۇرۇلتايدا بولسا بۇرۇنقى قىلىقىغا سەل ئوڭايسىزلىنىپ، ئۆزىنى «قانۇنشۇناسلىق دوكتورى» دەپ تونۇشتۇردى. دوكتورلۇق ئۇنۋانى دېگەن مەركەزنىڭ ھۆججەتلىرىدە خالىغانچە ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. شى جىنپىڭنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشتىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بىر موماي بولۇپ، مەن ئۇنى تونۇيمەن. ئۇنىڭ ئىسمى ليۇ مېيشۈن (刘美珣, liú měi xún). ئۇنىڭ كەسپى ماركسىزم-لېنىنىزملىق سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىق. شى جىنپىڭ شۇ مومايىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغاچقا، ئەگەر ئۇ ئۆزىنى «ئىقتىسادشۇناسلىق دوكتورى» دەۋالسا، ئۇنى بىر ئاز مەجبۇرى ھالدا قوبۇل قىلىشقىمۇ بولاتتى. ئەمما، ليۇ مېيشۈن چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىساد باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئەمەس، بەلكى ئىنسانشۇناسلىق (人文学) ئىنستىتۇتى ئىچىدىكى بىر ئىقتىسادشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ خادىمى. ئۇ تەتقىقات ئورنى مەكتەپنىڭ 1-دەرىجىلىك تەتقىقات ئورنىمۇ ئەمەس، بىر قوشۇمچە تەتقىقات ئورنىغا تەۋە. شۇڭلاشقا شى جىنپىڭ ئۇ يەردە ئىقتىسادشۇناسلىقنى ئاساس قىلىپ ئوقۇغان ياكى تەتقىق قىلغان ئەمەس. بەلكى، ئۇ ئوقۇغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە باشقا ساھەلەرمۇ بار. ئۇنىڭ ئاشۇنداق بىر ئورۇندا ئالغان ئۇنۋانى ئىقتىسادشۇناسلىق كەسپىنىڭ ئۇنۋانى بولالمايدۇ. ئىنسانشۇناسلىق ساھەسىدىكى قانۇنشۇناسلىققا بىر ئاز يېقىنراق كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزى ئوقۇغان كەسپىنى ئاشۇنداق ئۆزگەرتىپ تۇرۇشى ئۇنى كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالدۇردى.

يەنە بىر تەرەپتىن، شى جىنپىڭ ئوخشىمىغان دۆلەتلەرگە بېرىپ زىيارەتتە بولغاندا، داۋاملىق تۈردە شۇ دۆلەتكە تەۋە داڭلىق كىتابلار ۋە ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ ئاشۇنداق كىتابلارنى ئوقۇپ باققانلىقىنى، ۋە ئۇ كىتابلارنىڭ شى جىنپىڭغا بىر ئاز تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئازراقمۇ نامايان قىلىپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا بىز ھازىر يەكۈنلەپ چىققان ھۆكۈم شۇكى، ئۇ پەقەت پو ئېتىپلا يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇ ھەممە يەردە ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىدىن خۇدۈكلىنىپ، ئۆزىنى بىلىملىك قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتىدۇ. ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانچىلىك تۆۋەن ئورۇندا ئىكەنلىكىنى ھېس

قىلغانسېرى، ئۇ ئۆزىنى شۇنچە ئۈستۈن تۇتۇشقا تىرىشىدۇ. ئۆزى قانچىلىك بىلمىسىز بولغانسېرى، ئۆزىنى شۇنچىلىك بىلىملىك قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. بۇ خۇددى بۇرۇن مەكتەپتە ئوقۇپ باقمىغان كىشىلەر مەيدە يانچۇقىغا 4 تال قەلەم سېلىۋالغانغا ئوخشاش بىر ئىش.

**5-سوئال: شى جىنپىڭدا ھازىر بىر «جۇڭگو غايىسى» بار. بەزى داڭلىق زاتلار ھازىر شى جىنپىڭ جۇڭگونى يەنىمۇ كۈچلەندۈرۈپ، ئۇنى تەدرىجىي ھالدا دۇنيادىكى 1-ئورۇنغا چىقىرىپ، شۇ ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى سىزنىڭ يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىڭىز بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قارىغاندا ترامپ بۇ خىل ئەھۋالنى، ھەمدە ئوبامانىڭ جۇڭگو سىياسىتىدىكى بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلەرنى مەلۇم دەرىجىدە تونۇپ يەتكەن. شۇڭا ئۇ جۇڭگوغا قارىتا بىر خىل قاتتىق سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان چارىلەر «كىشىلىك ھوقۇق» دېگەندەك نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. يەنى، ئۇنىڭ قارىشىچە جۇڭگو ئۈچۈن «كىشىلىك ھوقۇق» دېگەندەك نەرسىلەر ئۇنۇم بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئىقتىسادىي ساھەدە جۇڭگو ماللىرىدىن 45 پىرسەنت باج ئېلىش دېگەندەك سىياسەتلەرنى يولغا قويىدىغانلىقىنى دەۋاتىدۇ. بىر قىسىم ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ مۆلچەرىدە، ئەگەر ترامپ جۇڭگودىن ئالىدىغان باجنى 45 پىرسەنت قىلىدىكەن، جۇڭگونىڭ GDP سى ھازىرقىدىن 5 پىرسەنتتەك تۆۋەنلەيدىكەن. سىز 45 پىرسەنت باج ئېلىش چارىسىدە مەسىلە بار، دېدىڭىز. ھازىر جۇڭگو ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تۇتۇۋاتقان يولىدىن ئازراق قايتىدىغاندەك قىلمايدۇ. ئەگەر ئەھۋال ھازىرقىدەك بولۇپ تۇرۇۋەرسە، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ناچارلىشىپ، ترامپ دېگىنىنى قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر ترامپ شۇنداق قىلسا، سىزچە جۇڭگو ئىقتىسادىدا زور چېكىنىش يۈز بېرەمدۇ؟**

جاۋاب: مېنىڭچە كىشىلەر ترامپنى بۇرۇن تۆۋەن چاغلاپ قويىدى. ئۇنى سىياسەتكە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، دەپ ئويلىدى. ھازىرچە ئېنىق بولمىغان ئىش ترامپ بۇرۇنقى پرېزىدېنتلارغا ئوخشاش پەقەت ئېغىزىدا بىر قىسىم گەپلەرنى قىلىپ قويۇپلا بولدى قىلامدۇ، ياكى جۇڭگونى ئىقتىسادىي جەھەتتە قاتتىق جازالامدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. ترامپنىڭ نەزىرىدە كىشىلىك ھوقۇق ۋە قىممەت قارىشى قاتارلىق سىياسىي مەسىلىلەرگە ۋاقىت ۋە زېھىن سەرپ قىلىپ تۇتۇش قىلغاندا، ئۇنىڭ ئانچە ئۈنۈمى بولمايدۇ. ترامپنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا جۇڭگونىڭ تۈزۈمى بىر خىل دىكتاتورلۇق تۈزۈمى ئىكەنلىكىنى، جۇڭگو ھاكىمىيىتى بىر خىل قارا جەمئىيەتكە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ قىممەت قارىشىدا بىرەر ئۆلچەمنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈردى. شۇڭا ترامپنىڭ جۇڭگوغا نىسبەتەن قاتتىق پوزىتسىيە ۋە قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىدىغىنى ئېنىق.

ئەمما ھازىر ئامېرىكىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى ئىقتىسادتا ئارقىغا چېكىنىپ، ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. ترامپ ئالدى بىلەن ئاشۇ جايلارنى ئوڭلاپ، نورماللاشتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت تاشلىۋەتكەن، كىشىلەر ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئاشۇ جايلارنى قايتىدىن جانلاندۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى ياخشىلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن سىزنىڭ كۈچىڭىز بار بولىدۇ. ئاندىن سىز گەپنى چوڭ-چوڭ قىلالايسىز. ترامپنىڭ دېگەن مۇنداق بىر گېپى بار: بەزى ئىشلارنى باشقىلارغا ئالدىن دېمەي، كىشىلەر سىز ئۇ ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇققىنى ياخشى، بەزى ئىشلارنى ۋاقتىنچە مەخپىي تۇتقان ياخشى. كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ئانچە دىققەت قىلمىدى. ئەگەر سىز ئىقتىساد ۋە سودىغا ئوخشاش نازۇك ئىشلاردا ئۆز پىلانلىرىڭىزنى ئالدىن ئاشكارىلاپ قويىدىكەنسىز، سىز

ئىش باشلاپ بولغۇچە باشقىلار سىزگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىلىرىنى تېپىپ بولىدۇ. شۇڭا سىز پىلانىڭىزنى ئاشكارىلىماي، تەييارلىقىڭىزنى پۇختا قىلىپ، قارشى تەرەپكە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغىنىڭىز، تۇيۇقسىز زەربە بەرگىنىڭىز ياخشى. ترامپ ھەربىي جەھەتتىمۇ ئەنە شۇنداق بىر يولنى تۇتۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۇ يېقىندا ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا ھەربىي ساھەدىكى بەزى قاتتىق مەيدانلىق كىشىلەرنى تاللىدى. ئامېرىكا بۇرۇنقى 65 يىلنىڭ مابەينىدە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا بىرەر كەسپىي ھەربىي قوماندانىنى قويۇپ باققان ئەمەس. ئۇ خىزمەتنى ئىزچىل تۇردە ھەربىي زىيالىيلار ئىشلەپ كەلگەن. بۇ قېتىم ترامپ ئۇ ئورۇنغا بىر ئۆزۈن مۇددەتلىك ئەمەلىي ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە، 4 يۇلتۇزلۇق كەسپىي ھەربىي گېنېرالنى تاللىدى. دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسىگىمۇ 4 يۇلتۇزلۇق ھەربىي گېنېرالنى تاللىدى. ئۇ تاللىغان كىشلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى بۇرۇن دۆلەت ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ باققان، ھەمدە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدا ۋەزىپە ئۆتەپ باققان. قىسقىسى، ئۇ مەيدانى قاتتىق، ھەربىي ساھەدە ئىشلەپ باققان كىشىلەرنى ئەتراپىغا توپلىدى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىدا مەلۇم مەقسەتلەر بار. ترامپ ھازىر تاقابىل تۇرمىسا بولمايدىغان دۆلەتلەردىن رۇسىيە، جۇڭگو، شىمالىي كورىيەلەر، ھەمدە ئىسلام دۆلىتى قاتارلىقلار بار. ترامپ ئىسلام دۆلىتى بىلەن ئېلىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغىلى خېلى ئۆزۈن بولدى. ئەمما ئۇلار بىلەن قانداق ئېلىشىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويمىدى. بۇ بىر ئۆزلۈكسىز ئېلىپ بارىدىغان ئىش.

ترامپ ھازىر ھەربىي خىراجەتنى كېمەيتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنى ئۆستۈرمەكچى، شۇ ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۈچىنى يەنىمۇ كۈچلەندۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئىقتىساد جەھەتتىن قاراپ ئۇنىڭ كۆپ ئالدىغا قويغان نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىمۇ بۇرۇنقىدىن كۆپرەك ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا قىستىماقچى بولۇۋاتىدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئۇ بىر قىسىم خىراجەتلەرنى تېجەپ قىلىپ، ئۇلارنى باشقا ئىستراتېگىيىلىك ساھەلەرگە ئىشلىتەلەيدۇ. ئىسلام دۆلىتىدىن باشقا ئىستراتېگىيىلىك چوڭ دۆلەتلەرگە تاقابىل تۇرالايدۇ. ئىسلام دۆلىتىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئۇنچىۋالا كۆپ پۇل كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ھازىر باشقا ئىستراتېگىيىلىك مەقسەتلەر ئۈچۈن پۇل توپلىشىدا كۆزدە تۇتۇۋاتقان ئىش رۇسىيە بىلەن جۇڭگوغا، بولۇپمۇ جۇڭگوغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت. جۇڭگونىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى كۈچلۈكرەك بولۇپ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا كېتىدىغان كۈچ سەرپىياتىمۇ يۇقىرىراق بولىدۇ.

ئاڭلىشىمچە ترامپ مېنىڭ دوستۇم بەي فاڭرۇي (白邦瑞, **Michael Pillsbury**) نى ئۆزىنىڭ ئاسىيا ئىشلىرى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بىرى قىلىپ تاللاپتۇ [3]. بەي فاڭرۇي كاتو ۋە رىگان دەۋرلىرىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۈچۈن جۇڭگو مەسىلىسىدە ناھايىتى ياخشى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بەرگەن. ئۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ ئۈمىد قىلغىنى جۇڭگو كۈچىيىپ، شۇ ئارقىلىق ئامېرىكا بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرىدىغان بىر كۈچ بولۇش. شۇڭا ئۇ چاغدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگوغا بىر قىسىم ئىلغار ھەربىي قورال-ياراغلارنى سېتىپ بېرىشكە قوشۇلغان. مۇشۇنداق ئىشلاردا بەي فاڭرۇي ناھايىتى زور رول ئوينىغان. بەي فاڭرۇينىڭ ھازىرمۇ جۇڭگو ھەربىي ئەمەلدارلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار. يالغۇز جۇڭگو رەھبەرلىرى ئىچىدىكى ياۋاش گۇرۇھ بىلەنلا ئەمەس، بەلكى قاتتىق مەيدانلىق گۇرۇھ بىلەنمۇ يېقىن مۇناسىۋىتى بار. ئۇنىڭ ئانچە نامى چىقمىغان ھەربىي گېنېراللار بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم ئايرىم پاراڭلىشىپ باققان. ئۆتكەندە تېد كرۇز (**Ted Cruz**) ئامېرىكا پرېزىدېنتلىقىنى تالىشىۋاتقان مەزگىلدە بەي فاڭرۇينى ئۆزىنىڭ 20 نەپەر مەسلىھەتچىسىنىڭ بىرى قىلىپ تاللىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. شۇ چاغدا بەي فاڭرۇي ماڭا «ئەگەر تېد كرۇز

پرېزىدېنت بولۇپ سايلىنىپ قالسا، ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو ئىشلىرى مەسلىھەتچىلىرىگە ئېھتىياجى بار. شۇ چاغدا سەنمۇ ياردەم قىلارسەن»، دېگەن ئىدى. ھازىرقىدەك ئەھۋالدا، جۇڭگو مەسلىسى ئۈستىدىكى مۇزاكىرىلەر چوقۇم ناھايىتى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. شۇ چاغدا بەي فاڭرۇينىڭ «100 يىللىق مارافون» ( The hundred-year marathon: Chinese secret strategy to replace America as the global superpower) دېگەن كىتابى ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپدۇ. ئۇ ئۆز كىتابىدا «سۇنزى ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» ۋە «36 خىل ئىستراتېگىيە» قاتارلىق جۇڭگولۇقلارنىڭ قەدىمىي كىتابلىرىدىن كۆپ پايدىلانغان بولۇپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ سۆز-ئىبارىلىرىنىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىشلەتكەن. ئۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ لوگىكىلىق ۋە پەلسەپۋى تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ تەپەككۇر شەكلىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئۆز كىتابىدا ئاشۇنداق بىلىملەر ئاساسىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ساھەدىكى پىلانلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇ يېقىندا جۇڭگوغا يەنە بېرىپ، جۇڭگونىڭ ھەربىي ۋە دۆلەت ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇچرىشىدىكەن. مېنىڭچە ئۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خىزمەتلەرنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆپلەپ قىلىپ، ئامېرىكا ئۈچۈن پايدىلىق ئۇچۇر توپلاپ بېرىدۇ.




2-رەسىم: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «100 يىللىق مارافون» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بەي فاڭرۇي.

6-سوئال: ترامپ جۇڭگو ھەققىدىكى ۋەدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ قالسا، ئۇ جۇڭگونىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ مەسىلەن، ئۇ دەپ يۈرۈۋاتقان چېگرا بېجى قاتارلىق جازالاش تەدبىرلىرى ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ئۆسۈش نىسبىتى بىر مىنۇس سانغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. ھازىرغىچە جۇڭگونىڭ تېز سۈرئەتلىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتى جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قالالىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. شۇڭلاشقا ترامپ قوللانماقچى بولغان سىياسەتلەر جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، ترامپ ئامېرىكىنىڭ سىرتتىكى كارخانىلىرىنى دۆلەت ئىچىگە قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسا كۆپلىگەن ئامېرىكا شىركەتلىرى جۇڭگودىن ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چەت ئەل كاپىتالى جۇڭگودىن سىرتقا ئېقىشقا باشلايدۇ. بۇمۇ جۇڭگو

**ئىقتىسادىغا چوڭ تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. سىز بۇ مەسىلىلەرگە قانداق قارايسىز؟**

جاۋاب: سىز يۇقىرىدا بەزىلەرنىڭ مۇنداق دەپ قارايدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتىڭىز: ئەگەر ترامپ جۇڭگوغا قاراتقان چېگرا بېجىنى 45 پىرسەنت قىلىدىغان بولسا، جۇڭگو GDP سىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى ھازىرقى 7 پىرسەنتتىن 2 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالىدۇ. مەن بۇنداق كۆز-قاراشقا قوشۇلمايمەن. چۈنكى، مېنىڭ قارىشىمچە پەقەت تاشقى سودىدىن ئىبارەت بىرلا ئىش GDP غا ئۇنچىۋالا چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. جۇڭگونىڭ سىرتقا قاراتقان ئىقتىسادىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ھەقىقەتەنمۇ چەت ئەللەر ئۈچۈن ھەر خىل بۇيۇملارنى ياساپ بېرىش. ئەمما بۇ ئىشنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئۇنچىۋالا چوڭ ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگونىڭ بازارلىرى ئامېرىكىدىن باشقا يەنە ياۋروپا، ياپونىيە، تەيۋەن ۋە خوڭكوڭ قاتارلىق كۆپلىگەن ئەللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن جۇڭگونىڭ GDP سىنىڭ 2 پىرسەنت تۆۋەنلەپ كېتىشىگە ئىشىنىمەن، ئەمما 5 پىرسەنت تۆۋەنلەيدۇ، دېيىش، مېنىڭچە سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، چېگرا بېجىنى 45 پىرسەنتكە ئۆستۈرۈش ئىشنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ ئۇنچە ئاسان تەستىقلىمايدۇ. ھازىر بۇ ئىشقا يالغۇز ئامېرىكىنىڭ دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرىلا ئەمەس، جۇمھۇرىيەت پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرىمۇ قارشى چىقىۋاتقاندەك قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ئىشنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەستىقلاشتىن بۇرۇن بىر قىسىم تەڭشەشلەرنى ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ترامپ دەسلەپتە كىرىم بېجىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ھازىر ئۇ گەپلىرىنى ئازراقتىن ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. ئۇ سايلام ۋاقتىدىكى بىر قىسىم شوئارلىرىنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىيەت جەريانىدا چوقۇم بىر ئاز ئۆزگەرتىدۇ. شۇڭلاشقا مەن 45 پىرسەنت چېگرا بېجى سىياسىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ئانچە ئىشەنمەيمەن. ئەمما، ئەگەر ئۇ باجنى 40 پىرسەنت ياكى 35 پىرسەنتتەك بىر سەۋىيىگە ئۆستۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جۇڭگو ئىقتىسادىغا بولىدىغان تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ زور بولىدۇ. جۇڭگونىڭ خىزمەت تېپىش ۋە كارخانا قۇرۇش پۇرسەتلىرىنى زور دەرىجىدە كېمەيتىۋېتىدۇ.

ئالدىنقى 20 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ھەر بىر پىرسەنت ئۆسۈشى 3 مىليون كىشىلىك يېڭى خىزمەت پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. ئىقتىساد 3 پىرسەنت ئۆسكەندە 9 مىليون ئادەمگە يېڭى خىزمەت چىقتى. شۇڭلاشقا ئەگەر ئىقتىساد 3 پىرسەنت چۈشۈپ كېتىدىكەن، كەم دېگەندە 9 مىليون ئادەم ئىشتىن بوشايدۇ. بۇ بىر ناھايىتى كونسېرۋاتىپ سان بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ ئەمەلىي تەسىرى تېخىمۇ چوڭراق بولۇشى مۇمكىن. كەم دېگەندە 10 – 20 مىليون ئادەمنىڭ ئىشسىز قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگودا كەڭ-كۆلەملىك ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىشى مۇمكىن. چۈنكى، ھەممىمىزنىڭ بىلگىنىمىزدەك، جۇڭگودا ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ئىنتايىن ناچار. بۇ جەھەتتىكى ئىشلار ھېچ قانداق كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. جۇڭگونىڭ بەزى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى «يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ سالامەتلىك سۇغۇرتىسىغا ئىگە بولۇش نىسبىتى 99 پىرسەنتكە يەتتى»، دەپ پو ئېتىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەڭ دەسلەپتە يېزىلاردىكى خەلقلەردىن سالامەتلىك سۇغۇرتىسى ئۈچۈن ئېيىغا 10 سومدىن پۇل چىقىرىش، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ ئېيىغا 10 سوم پۇل چىقىرىش، ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتمۇ ئېيىغا 10 سومدىن پۇل چىقىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئەمما بۇنچىلىك پۇل بىلەن ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ چىقىمىنى كۆتۈرگىلى بولمايدۇ. ھۆكۈمەت بۇ ئىشتا ھېسابىنى خاتا ئىشلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ئىنتايىن ناچار بولۇپ كەلدى. كېسەل بولىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ كەلدى. ئەسلىدە ھەر 10 مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئاران بىر قانچە كىشىلا كېسەل

بولىدۇ، دەپ مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ سان ئۇ مۆلچەردىن ناھايىتى كۆپ ھەسسە ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى سۇغۇرتا تۈزۈمى ئەمەلىي ئېھتىياجنى زادىلا قاندۇرالماسلىق ئەھۋالى كېلىپ چىقتى.

شۇڭلاشقا ئەگەر جۇڭگو جەمئىيىتىدە بىر چوڭ داۋالغۇش يۈز بېرىدىكەن، ئۇنى نورماللاشتۇرۇش ئىنتايىن قىيىنغا توختايدۇ. مەسىلەن، پايچەك بازىرىدا بىر قېتىم چوڭ چۈشۈش يۈز بەرگەن ئىدى، ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى ھازىرمۇ توختىماي داۋاملىشىۋاتىدۇ. جۇڭگونىڭ پايچەك بازىرىدا ناھايىتى كۆپ قارا قوللار بار. بازارنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان ئىنتايىن قەبىھ ئىچكى كۈچلەر بار. شۇڭلاشقا ئەڭ ئاخىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ساقچى ئەۋەتىپ، پايچەك بازىرىدا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغان بىر قىسىم كىشىلەرنى تۇتۇشقا مەجبۇرى بولدى. بۇ خىل ئەھۋاللار بازار ئىقتىسادى قائىدىلىرىگە پۈتۈنلەي خىلاپ كېلىدۇ.

پايچەك بازىرىدىن باشقا، ھازىر پۇقرالارنىڭ پۇللىرىنىڭ ھەممىسى ئۆي بازىرىغا مەبلەغ قىلىپ سېلىندى. ئۆي بازىرىنىڭ ماغزاپلىشىش ئەھۋالى ھازىر كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۆي بازىرى ئۆزىنى ساقلاپ قالالمايدىكەن، پۇقرالارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىقتىسادىي كاپالىتىمۇ يوق بولىدۇ. شۇڭلاشقا ھازىر كۆپلىگەن جۇڭگولۇقلار پۇللىرىنى دوللارغا تېگىشىۋېلىش ياكى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ياكى بولمىسا پۇللىرىنى چەت ئەلدىكى مۈلۈككە ئايلاندۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بولسا ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئاشۇنداق قىلىشىنى توسۇۋاتىدۇ. دېمەك، ھازىر جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي كاپالەتلىك مەسىلىسى بىر ئىنتايىن گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھازىر كۆپ سانلىق جۇڭگولۇقلار بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى يوقاتتى. كۆپلىگەن كارخانىچىلار، بولۇپمۇ چوڭ كارخانىلارنىڭ ئىگىلىرى ياكى پۇللىرىنى ماددىي بايلىقلارغا ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ، ياكى بولمىسا چەت ئەللەرگە يۆتكەۋاتىدۇ. ئىمكانىيىتى بارلىرى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە بالىلىرىنى چەت ئەلگە كۆچمەن قىلىپ، ئۇلارغا چەت ئەلدە ئۆي-مۈلۈك ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئەڭ يۇقىرىسىدا مەركەزدىكى رەھبەرلەردىن تارتىپ ئەڭ تۆۋىنىدە ئادەتتىكى پۇقرالارغىچە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقانلىقىنى، ھازىرقى ھاكىمىيەتكە بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يېقىنقى خەۋەرلەرگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، ھازىر جۇڭگودا مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكىدەك بىر قىسىم ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى، بىر قىسىم رەھبەرلەرنىڭ ئۆز ھوشىنى يوقاتقانلىقىنى بايقايمىز. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئىستىقبالى ياخشى ئەمەس. كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچى يوق. پۇقرالارنىڭمۇ ئىشەنچىسىز. چەت ئەلدىن جۇڭگوغا مەبلەغ سالىدىغانلارنىڭمۇ ئىشەنچى يوق. بەزى چوڭ كارخانىلارنىڭ ئىگىلىرى ھازىر جۇڭگودىكى كاپىتالىنى سىرتقا يۆتكەپ كېتىۋاتىدۇ. مېنىڭچە بۇ خىل ئەھۋال كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ئىزچىل تۈردە داۋاملىشىپ، جۇڭگو ئىقتىسادىغا توختاۋسىز يامان تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

7-سوئال: ھازىر كۆپلىگەن كىشىلەر پۇللىرىنى دوللارغا تېگىشىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. دوللارنىڭ باھاسىمۇ توختىماي ئۆرلەۋاتىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ مۆلچەرىدە، ترامپنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ئىقتىسادىي سىياسىتى جۇڭگو پۇلىغا بولغان بېسىمنىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە كۈچەيتىۋېتىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا ھازىر جۇڭگودىكى كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلار يىغقان پۇللىرىنى خەجلەپ، بالىلىرىنى ئامېرىكىدا ئوقۇتۇش يولىنى تۇتۇۋاتىدۇ. جۇڭگولۇق پۇقرالارنىڭ ئىچىدە بىر دوللارنىڭ باھاسى ھازىرقى 6.7 – 6.8 سومدىن 8 سومغا ئۆسىدۇ، دەپ قارايدىغانلارمۇ كۆپ. سىز بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: ئىقتىسادىي بازارنى ئەركىن قويۇۋەتكەن ئەللەرنىڭ پۇلىنىڭ باھاسىدا ئادەتتە چوڭ يۇقىرى-تۆۋەن ئۆزگىرىش ئىشلىرى يۈز بەرمەيدۇ. كىشلەرنىڭ كۆڭلىمۇ دەككە-دۈككىگە پېتىپ قالمايدۇ. ئەمما پۇل باھاسىنى سۈنئىي ھالدا كونترول قىلىپ كەلگەن ئەللەر ئاشۇنداق كونتروللۇقنى توختىتىدىكەن، پۇل باھاسى شىددەتلىك ھالدا ئۆزگىرىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولغان باشقا بىر قىسىم رېپابلىكىلارنىڭ ھەممىسىدە بۇرۇن ئاشۇنداق بىر جەريان يۈز بېرىپ باققان. جۇڭگو بۇرۇن پۇل باھاسىنى ناھايىتى قاتتىق كونترول قىلىپ كەلگەن. ئۇ 1994-يىلىدىن باشلاپ بۇ ساھەدە بىر قىسىم ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. ھەمدە 10 يىلدەك ۋاقىتتىن كېيىن پۇل باھاسىنى ئەركىن قويۇۋېتىشنى پىلانلىدى. پۇل باھاسىنى ئازراق-ئازراقتىن ئۆزگەرتىپ تۇردى. جۇڭگو «خەلقئارا پۇل سىستېمىسى» (International Monetary System, IMS) گە ئوخشاش خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئەسلىدە پۇل باھاسىنى ئەركىن قويۇۋېتىشى كېرەك ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ بىر قىسىم مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. بۇرۇنقىدەك پۇل باھاسىنى ئۆزى خالىغانچە بېكىتىۋالسا بولمايتتى. ئەمما ئۇ جەھەتلەردە جۇڭگو نورمال ئىش كۆرمىدى. بەزىدە خەلقئارالىق بازارلاردا ناھايىتى زور مىقداردا ئۆز پۇلىنى سېتىۋېلىپ، خەلقئارالىق بازارلارنىڭ نورمال ھەرىكىتىگە ئارىلىشىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىڭ ئۆز پۇلىنىڭ قىممىتىنى ئۇزۇن مۇددەت كونترول قىلىپ مېڭىش ئىمكانىيىتى ۋە ئىقتىدارى يوق. بۇرۇن جۇڭگو ئەمەلدارلىرى «جۇڭگو پۇلى قىممىتىنىڭ زور دەرىجىدە داۋالغۇش ئېھتىماللىقى مەۋجۇت ئەمەس»، دەپ يۈردى. ئەمما ئۇ گەپلەر ئاتقان پو بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن «جۇڭگو پۇلىنىڭ قىممىتى داۋاملىق ھالدا ئۆزگىرىپ ماڭمايدۇ»، دېيىشكە باشلىدى. بۇ خىلدىكى گەپلىرىنى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىپ بولدى. ھازىر جۇڭگو پۇلى قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ پۇللىرىنى چەت ئەل پۇلىغا ئايلاندۇرۇشىغا ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشقا باشلىدى. ئاڭلىشىمچە ھازىر جۇڭگودىكى بەزى ئۆلكىلەر ئالدىن كېلىشىپ قويمىغان كىشىلەرگە پۇل ئالماشتۇرۇپ بەرمەيدىكەن. بۇرۇن كېلىشىپ قويغان تەقدىردىمۇ، پەقەت ئىنتايىن ئاز مىقداردا پۇل ئالماشتۇرۇپ بېرىدىكەن. بۇرۇن «ھەر يىلى 50 مىڭ دوللار تېگىشىپ بېرىلىدۇ»، دەپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ھازىر ھەر خىل توسقۇنلۇقلارنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنىلا تېگىشىپ بېرىدىكەن. جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى، ئەگەر پۇقرالار پۇللىرىنى كۆپلەپ دوللارغا ئايلاندۇرۇپ، چەت ئەللەرگە يۆتكەپ كېتىدىكەن، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىمۇ تەۋرەشكە باشلايدىغانلىقىدۇر. جۇڭگو يېڭى تېخنولوگىيىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان دۆلەت ئەمەس. تېخنولوگىيىدە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان دۆلەتمۇ ئەمەس. پەقەت ھەر خىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان چوڭ دۆلەت. ئۇ كۆپلىگەن ساھەلەردە چەت ئەل بازىرىغا تايانمىسا بولمايدۇ. چەت ئەل تېخنولوگىيىلىرىگە تايانمىسا بولمايدۇ. گەرچە ئۇ ئۆزىنى «ئىككىنچى ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەت» دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر ئىنتايىن ئاجىز دۆلەت. ئەگەر بىرەر چوڭ ئىقتىسادىي داۋالغۇش يۈز بېرىدىكەن، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.

شۇڭلاشقا بەزى كىشىلەر «ئەگەر جۇڭگو ئىقتىسادى يىقىلىپ چۈشىدىكەن، جۇڭگو ھاكىمىيىتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە يىقىلىپ چۈشىدۇ»، دەۋاتىدۇ. مەن ئۆزۈم ئۇ دەرىجىدە ئۈمىدۋار ئەمەس. يەنى مەن ئىقتىسادنىڭ يىقىلىپ چۈشىشى جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشىشىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ ئويلىمايمەن. ئەگەر ئەسلەپ باقىدىغان بولساق، جۇڭگو ھاكىمىيىتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»

**مەزگىلى ۋە 3 يىللىق «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىللىرىدىكىدەك ناچار ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئاشۇنداق ناچار ئىقتىسادىي ئەھۋاللار ئاستىدىمۇ يىقىلىپ چۈشمىگەن. ھازىر جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە پۇقرالارنى باستۇرۇش قابىلىيىتى بۇرۇنقىدىن كۆپ كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ يەنە دۆلەت بايلىقىنى ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىشنىمۇ بىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئاسانلىقچە ئۆرۈلۈپ چۈشمەيدۇ.**

## پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

[1] 直播：川普對中國經濟殺傷力有多大？（《明鏡編輯部》第 33 期）
https://www.youtube.com/watch?v=22UJAI6YyWI


[2] 夏业良
https://zh.wikipedia.org/wiki/%E5%A4%8F%E4%B8%9A%E8%89%AF

[3] 白邦瑞, Michael Pillsbury
https://www.amazon.com/Michael-Pillsbury/e/B00PJ0Z4U2/ref=sr_ntt_srch_lnk_1?qid=1484604039&sr=8-1

# مىللەت دۆلىتى، مەدەنىيەت دۆلىتى، ۋە ئاسسىمىلياتسىيە

## 2017-يىلى 2-ئاينىڭ 3-كۈنى

بىز ھەممىمىز ئۇيغۇر ئېلىدە يېقىنقى 10 – 20 يىل مابەينىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىمىز. ئۇيغۇر ئېلىدىكى خەلقىمىز ھازىر دۈچ كەلگەن ئەھۋاللارنى بىر ئىلمىي نەزەرىيە نۇقتىسىدىن تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىۋېلىشنى ئىستەيمىز. مەنمۇ شۇنداق بولۇپ، ئۆزۈم قانائەتلەنگۈدەك بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش يولىدا بىر ئاز ئىزدەندىم. ئۆزۈم تاپقان ماتېرىياللار ئىچىدە ئەنگلىيەلىك ئاخباراتچى، ھەمدە دۇنيا بويىچە «ئەڭ كۆپ سېتىلغان كىتاب» (global best seller) بولغان «جۇڭگو دۇنيانى سورايدىغان بولغاندا» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مارتېن جەكۇس (Martin Jacquis) نىڭ بىر پارچە ماقالىسى بىلەن بىر قانچە ئىلمىي دوكلات ۋە سۆھبەتلىرىنى خېلى ياخشى كۆردۈم. مەزكۇر يازمىدا مارتىننىڭ بىر ماقالىسىنى ئاساس [1]، ۋە بىر قانچە دوكلات ۋە سۆھبەتلىرىنى قوشۇمچە قىلىپ [2-4]، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان بىر قىسىم ئىدىيەلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. مەن بايان قىلىدىغان ئىدىيەلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى مەنبەلەرگە تەۋە بولۇپ، ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ سۆزلىرىنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى «ئىلاۋە» شەكلىدە بىر ئايرىم ئابزاس قىلىپ يازىمەن. بۇ يەردە ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، مەن ئۆزۈم تونۇشتۇرغان كۆز-قاراشلارنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلۇپ كەتمەيمەن، ھەممىسىنى قوبۇل قىلىپمۇ كەتمەيمەن. مېنىڭ مەقسىتىم ئۆزۈمنى ۋە باشقا ئوقۇرمەنلەرنى يېڭى مەلۇمات ۋە يېڭى بىلىملەر بىلەن تەمىنلەش بولغانلىقى ئۈچۈن، يازمىدىكى مەزمۇنلارغا مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقى ۋە ئۇلارنى ئۆزۈم قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقى مۇھىم ئەمەس، ھەمدە مەزكۇر يازما بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ ئەمەس. ئەمما مەن تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە ھەققىي كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋەتەنداشلار بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەلۇمات ۋە بىلىملەر ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىمەن.




1-رەسىم: مارتېن جەكۇس ۋە ئۇنىڭ «جۇڭگو دۇنيانى سورايدىغان بولغاندا» دېگەن كىتابى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، مارتىن جەكۇس بىر تونۇلغان يازغۇچى ۋە ئاخباراتچى بولۇپ، ئۇنىڭ «جۇڭگو دۇنيانى سورايدىغان بولغاندا» دېگەن كىتابى 2009-يىلى نەشر قىلىنىپ، هازىرغىچە جەمئىي 11 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان، هەمدە 250,000 داندىن كۆپرەك سېتىپ بولۇنغان. 2012-يىلى ئۇنىڭ كىتابىنىڭ 2-نەشرى بېسىلغان.

مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگو زېمىنىنىڭ كۆلىمى هازىرقى يەر كۆلىمىنىڭ 5 تىن بىرىدىنمۇ كىچىكرەك ئىدى. ئەمما، ئالدىنقى 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئېگىلىۋېلىش، بويسۇندۇرۇش، ئۆزىگە قوشۇۋېلىش، ۋە ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەرگە تايىنىپ، جۇڭگو ئۆز زېمىنىنى بۈگۈنكى هالەتكە كىرگۈزدى. بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي جەرياندا ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىش تاكتىكىسى ناهايىتى مۇهىم رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئېلى بىلەن تىبەتتە هازىر يۈز بېرىۋاتقان ئەهۋاللارنى ئاشۇ تارىخنىڭ داۋاملىشىشى، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. مارتىن جەكۇس بايان قىلغان ۋە مەن مەزكۇر ماقالىدە تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇنلار ئاشۇنداق ئەهۋاللارنى توغرا ۋە تولۇق چۈشىنىۋېلىشقا ناهايىتى ياخشى ياردەم قىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن، هەمدە شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن بۇ يەردە ئەسكەرتىپ قويمىسام بولمايدىغان يەنە بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ ئەسلىدىكى مەنبە ئىگىلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى مەسلىسى. ئەگەر سىز هازىر تورلاردىن جۇڭگونىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قايسى تەرەپكە ماڭىدىغانلىقى هەققىدىكى ماتېرىياللارنى ئىزدەپ كۆرىدىغان بولسىڭىز، ناهايىتى كۆپ ئىلمىي دوكلات، لېكسىيە ۋە سۆهبەتلەرنىڭ يۇتيۇب (YouTube) ۋىدېئو فىلىملىرى، ماقالىلەر ۋە كىتابلارنى تاپالايسىز. هەمدە ئۇلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز-قاراش ۋە مۆلچەرلەرنىڭ ناهايىتى يۇقىرى دەرىجىدە پەرقلىق ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇزۇنغا بارماي يىقىلىپ چۈشىدۇ» دېيىلگەن بولسا، يەنە بەزىلىرىدە «ئۇزۇنغا بارماي جۇڭگو دۇنيانى سورايدۇ»، «جۇڭگو يېقىن كەلگۈسىدە دۇنيا بويىچە 1-ئورۇنغا ئۆتىدۇ» دېيىلىدۇ. شۇڭلاشقا ماتېرىيال كۆرگەندە ئۇنىڭ ئىگىلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىش كېرەك. مەسىلەن، مەن يېقىندا تورلارغا چىقارغان «جۇڭگو ئاسىيادىكى هۆكۈمران كۈچ بولالمايدۇ» دېگەن ماقالىنىڭ مەنبەسىنىڭ بىر ئىگىسى جون لى بىر تونۇلغان ئىقتىسادشۇناس بولۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنى ئۇزۇن مۇددەت تەتقىق قىلغان، ۋە ئۆز ماقالىسى ۋە دوكلاتىدا ناهايىتى كۆپ سانلىق مەلۇماتلارنى دەلىل سۈپىتىدە بەرگەن. شۇ ئاساستا «جۇڭگو ئاسىيادىكى هۆكۈمران كۈچ بولالمايدۇ»، دېگەن يەكۈننى چىقارغان. ئاشۇ مەنبەنىڭ يەنە بىر ئىگىسى، شۇنداقلا مېنىڭ «جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشۇش ئېهتىماللىقى قانچىلىك؟» دېگەن يازمامدا پايدىلانغان مەنبەنىڭ ئىگىسى پول دىبب ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيە دۆلەت مۇداپىئە ئاخبارات مەركىزىدە ئۇزۇن مۇددەت يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇمۇ ئۆز دوكلاتلىرىدا جۇڭگونىڭ هەربىي جەهەتتىكى ئەهۋالى هەققىدە كۆپلىگەن كونكرېت دەلىللەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئاندىن «جۇڭگو ئاسىيادىكى هۆكۈمران كۈچ بولالمايدۇ» ۋە «جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئۇرۇشمايدۇ»، دېگەن يەكۈننى چىقارغان. مەزكۇر ماقالىنىڭ مەنبەلىرىنىڭ ئىگىسى مارتىن جەكۇس بولسا ئەنگلىيەدە ياشايدىغان بىر ئىقتىسادىي ساهەنىڭ مۇخبىرى بولۇپ، ئۇ جۇڭگوغا تۇنجى قېتىم 1993-يىلى بارغان. ئۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگودا بىر مەزگىل تۇرۇپ، بىر قىسىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. مەن ئۇنىڭ جۇڭگونى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكى هەققىدىكى بىر قىسىم كۆزىتىشلىرى ۋە ئۆزى مۇستەقىل ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي كۆز-قاراشلىرىنى ناهايىتى ياقتۇردۇم. شۇڭا مەزكۇر ماقالىنى تەييارلاشنى قارار قىلدىم. ئەمما ئۇنىڭ «جۇڭگو كېيىنچە دۇنيانى سورىشى مۇمكىن»،

دېگەن كۆز-قارىشىنى ئانچە ياقتۇرمىدىم، زادىلا قوبۇل قىلمىدىم، ھەمدە مەزكۇر ماقالىغا كىرگۈزۈشنىمۇ دېگەندەك خالاپ كەتمىدىم. بىراق، بەزى جايلاردا ماقالىنىڭ جۈملىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مارتېن جەكۋىسنىڭ ھېلىقىدەك گەپلىرىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇرى بولدۇم. مەن جۇڭگونىڭ كەلگۈسىدە قايسى تەرەپكە ماڭىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشتە جون لى بىلەن پول دىبېنىڭ سالاھىيەتلىرى مارتېن جەكۋىستىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ ئويلايمەن. جون لى بىلەن پول دىبېنىڭ پەرىزىگە بەكرەك ئىشىنىشكە بولىدۇ، دەپ قارايمەن. مەن بۇنىڭدىن كېيىن تەييارلايدىغان ماقالىلەردىمۇ يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ، مەن ئوقۇرمەنلەرگە بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

تۆۋەندە مەن مارتېننىڭ ماقالە ۋە دوكلاتلىرىنىڭ ئۆزۈم تاللىغان مەزمۇنلىرىنى بايان قىلىمەن.

## ياۋروپا جۇڭگونى چۈشەنمەيدۇ

ھازىر ياۋروپا دۇچ كەلگەن بىر ناھايىتى چوڭ مەسىلە ئۇنىڭ جۇڭگونى چۈشەنمەسلىكى، ھەمدە جۇڭگونى چۈشەنمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئەمەلىيەتتىنمۇ خەۋەرسىز ئىكەنلىكىدۇر. ئۇلار دۇنيانى ئۆزىنىڭ پرىزمىسى بىلەن كۆزىتىدۇ. باشقىلارنىڭ ئەنئەنىسى، باشقىلارنىڭ تارىخى ۋە باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويمايدۇ. ئۆزىنىڭكىنى باشقىلارنىڭكىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، «بىزنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ھېچنېمە ئەمەس»، دەپ قارايدۇ. بۇ ياۋروپالىقلارنىڭ ئاقىلانە ئىكەنلىكىنى ئەمەس، ئۇلارنىڭ نادانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ياۋروپالىقلارنىڭ ئالدىنقى 200 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بىر ئەۋزەل ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. ياۋروپالىقلار «ياۋروپا ھەممىنىڭ مەركىزى» دېگەننى بىر خىل ئۇنىۋېرسال ئۆلچەم، دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا تەۋە بولمىغان ھەر قانداق نەرسە مەغلۇپ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

دۇنيا ياۋروپا چەتكە قېقىلىپ، ئامېرىكا ئارقىغا چېكىنىدىغان، يېڭىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتىدىغان، ۋە جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دۇنيادىكى ھۆكۈمران كۈچكە ئايلىنىدىغان بىر يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغاندا، يۇقىرىدىكىدەك ئىدىيە غەربنىڭ بىر ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى بولۇپ قالىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، غەربلىكلەر ھازىر كۆزگە ئىلمايدىغان دۆلەت ۋە مەدەنىيەتلەر بۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجي ھالدا دۇنيانى سورايدىغان ئورۇنلارغا ئۆتىدۇ. ئەگەر غەربلىكلەر ئۇلارنى پەقەت ئۆز ئۆلچىمى بويىچىلا كۆزىتىپ، ئۇلارنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە چۈشىنىشنى رەت قىلىدىكەن، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە ئۇنى ھەرگىزمۇ توغرا چۈشىنەلمەي قالىدۇ.

ئەمدى جۇڭگو ھەققىدە توختىلايلى. غەربلىكلەر ھازىرغىچە جۇڭگونى پەقەت غەرب قىممەت قارىشى بويىچە چۈشىنىپ كەلدى. ئۇ بولسىمۇ جۇڭگودا غەربچە دېموكراتىيە مەۋجۇت ئەمەس، كىشىلىك ھوقۇق مەۋجۇت ئەمەس، تىبەتلىكلەرنىڭ قىيىن ئەھۋالى، ۋە دۆلەتنىڭ ئىنتايىن ناچار مۇھىتى قاتارلىقلار. بۇ تىزىملىككە يەنە بىر قانچە نەرسىنى قوشقىلى بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ تىزىملىكتىكى ئىشلار ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم. ئەمما، ئەگەر بىز جۇڭگونى پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئۆلچىمى بويىچىلا كۆزىتىدىغان بولساق، ھەقىقىي جۇڭگونى مەڭگۈ چۈشەنمەيمىز. شۇڭلاشقا غەربلىك ئوبزورچىلارنىڭ ئالدىنقى 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگو ھەققىدە دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى خاتا بولۇپ چىقتى. ئۇلارنىڭ تېيەنئەنمېن ۋەقەسىدىن كېيىن «جۇڭگو ھاكىمىيىتى يىمىرىلىپ چۈشۈشكە باشلايدۇ، دۆلەت پارچىلىنىپ كېتىدۇ» دېگەنلىرىدىن تارتىپ، «جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۇزۇنغا بارمايدۇ، جۇڭگو ھاكىمىيىتى ئۆزىنى ساقلاپ

قالالمايدۇ» دېگەنلىرىگىچە ھەممىسى خاتا بولۇپ چىقتى. جۇڭگونىڭ بۆگۈنكىدەك بىر ھالەتكە كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالىغانلاردىن ئاساسەن بىرەرمۇ كىشى چىقمىدى. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ 1978-يىلى ئىسلاھات قىلىش باشلانغاندىن كېيىنكى 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى، جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرقىدەك يۇقىرى دەرىجىلىك قانۇنىي ئورۇنغا ۋە ئابرۇيغا ئېرىشىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالىغانلاردىن ئاساسەن بىرەرمۇ كىشى چىقمىدى.

جۇڭگو دۇنيانى تۈپتىن ئۆزگەرتىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ئىككى سەۋەبى بار: (1) جۇڭگو 1.3 مىليارد نوپۇسى بار ناھايىتى چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر دۆلەت. ئۇنىڭ ئىقتىسادى ئالدىنقى 30 يىلدەك ۋاقىتنىڭ ئىچىدە يىلىغا تەخمىنەن 10 پىرسەنتتەك سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدى. يەنە 10 يىلدەك ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئىقتىسادى دۇنيادىكى 1-ئورۇنغا ئۆتىدۇ (جەكۈس بۇ گەپلەرنى 2010-يىلى قىلغان [2]). ھازىرغىچە پەقەت تەرەققىي تاپقان ئەللەرلا ئىقتىسادتا دۇنيا بويىچە 1-ئورۇنغا ئۆتۈپ باققان بولۇپ، جۇڭگودەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر ئەلنىڭ 1-ئورۇنغا ئۆتۈشى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان. (2) تارىختا تۇنجى قېتىم دۇنيادىكى ھۆكۈمران ئورۇنغا غەربكە تەۋە ئەمەس، ھەمدە مەدەنىيىتى غەرب مەدەنىيىتىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان بىر دۆلەت چىقىدۇ. ئۇ بولسىمۇ جۇڭگودىن ئىبارەت. بۇ گەپ كۆپلىگەن كىشىلەرگە بىر ناھايىتى غەلىتە پەرەز بولۇپ تۇيۇلىدۇ. چۈنكى، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە زامانىۋىلىشىش دېگەنلىك غەربلىشىش دېگەنلىك بولۇپ، زامانىۋىلىق بولسا سودا ۋە تېخنولوگىيىدە رىقابەتلىشىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمما بۇنداق بايان يېتەرلىك ئەمەس. زامانىۋىلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ئامىللار ئىچىدە يەنە تارىخ ۋە مەدەنىيەتمۇ بار. جۇڭگو غەربكە ئوخشىمايدۇ. ئۇ غەربكە ئوخشاش بىر دۆلەتكىمۇ ئايلانمايدۇ. بەلكى ئۇ غەرب بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان بىر دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ ماڭىدۇ.

جۇڭگونى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنى جۇڭگو قىلغان تۆۋەندىكى 3 ئامىل بويىچە چۈشىنىش كېرەك.

## 1. جۇڭگو مىللەت دۆلىتى ئەمەس، مەدەنىيەت دۆلىتى

جۇڭگو غەربتىن كۆپ جەھەتلەردە تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ پەرقلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسىي پەرق، جۇڭگو غەرب ئۆلچىمىدىكى «مىللەت دۆلىتى» (nation state) ئەمەس. ئەمەلىيەتتىمۇ جۇڭگو 1900-يىللاردىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزىنى بىر مىللەت دۆلىتى، دەپ تەسۋىرلەيدىغان بولدى. ئەمما جۇڭگو تارىخى ئۇنىڭدىن كۆپ ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 221-يىلى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنراق بىر ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ. ئۇ ۋاقىت ئۆز-ئارا ئۇرۇش قىلىدىغان دۆلەتلەر تۈگىگەن، چىن سۇلالىسى غەلىبە قىلغان، ۋە ھازىرقى جۇڭگونىڭ نوپۇسى ئەڭ زىچ بولغان شەرقىي يېرىم زېمىنىنى ئاساس قىلغان ھالدا چىن ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغان بىر ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ.




**2-رەسىم: مىلادىدىن بۇرۇنقى 206-يىلى چىن سۇلالىسىگە تەۋە بولغان جۇڭگو زېمىنى (سېرىق رەڭلىك زېمىن). چېكىتلىك سىزىق سەددىچىن سېپىلىنى كۆرسىتىدۇ.**




**3-رەسىم: مىلادىدىن بۇرۇنقى 141 – 87-يىللىرى خەن سۇلالىسى ئىگىلىگەن زېمىن.**

**1900-يىللاردىن بۇرۇنقى 2000 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگو ئۆزىنى بىر دۆلەت ئەمەس، بىر مەدەنىيەت (civilization) ھېسابلىغان. جۇڭگولۇقلارنىڭ كىملىكىنى جۇڭگونىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇ ئالاھىدىلىك جۇڭگو ئۆزىنى بىر «مىللەت دۆلىتى» دەپ ئاتىغان ھازىرقىدىن 100 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتتىن باشلانغان بولماستىن، بەلكى جۇڭگونى بىر «مەدەنىيەت دۆلىتى» (civilization state) دەپ تەسۋىرلىگىلى بولىدىغان ھازىرقىدىن 2000 يىل بۇرۇنقى بىر ۋاقىتتىن**

باشلانغان. ئاشۇ مەدەنىيەت دۆلىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى دۆلەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى، ئائىلىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە ئېنىقلىمىسى، ئەجدادلارغا ئىبادەت قىلىش ئادىتى، كۆڭۈلچە قىممەت قارىشى، «关系» دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەت تورى، جۇڭگوچە تاماق ۋە ئۇنى مەركەز قىلغان ئەنئەنىلەر، ھەمدە يېزىش شەكلى بىلەن سۆزلەش شەكلى ئوتتۇرىسىدا ئادەتتىن تاشقىرى مۇناسىۋەتكە ئىگە خەنزۇ تىلى قاتارلىقلاردا ئەكس ئېتىدۇ. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا مىللىي كىملىكنى مىللەت دۆلىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەمما، ئۇنىڭ ئەكسىچە، جۇڭگودا مىللىي كىملىكنى جۇڭگونىڭ بىر مەدەنىيەت دۆلىتى بولۇش تارىخى كەلتۈرۈپ چىقارغان. گەرچە جۇڭگو ھازىر ئۆزىنى بىر مىللەت دۆلىتى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تارىخ، مەدەنىيەت، كىملىك ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە قارىغاندا يەنىلا بىر مەدەنىيەت دۆلىتى بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. جۇڭگونىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىمۇ بىر مەدەنىيەت دۆلىتى بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنى پەقەت سىرتقى كۆرۈنۈشىدىلا بىر مىللەت دۆلىتى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئىلاۋە: ئەگەر مارتىن جەكۈس قوللانغان ئۆلچەمنى قوللىنىپ باھالايدىغان بولساق، مېنىڭچە ئامېرىكىنى بىر «قىممەت قارىشى دۆلىتى»، دەپ ئاتىرىش كېرەك. چۈنكى ئامېرىكا بىر كۆپ مىللەتلىك دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى دۆلەت بولۇپ، ئۇ مىللەتلەر ھەرگىزمۇ بىر ئورتاق مەدەنىيەت بويىچە ياشمايدۇ. ئامېرىكىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئورتاقلىقى ئۇلارنىڭ «ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك» تىن ئىبارەت قىممەت قارىشىدۇر.

بىر مەدەنىيەت دۆلىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگو ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئۇنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى. يەنى ئۇ رىم ئىمپېرىيىسى پارچىلىنىپ كېتىشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، جۇڭگونىڭ جۇغراپىيىلىك ۋە ئادەم نوپۇسى جەھەتتە ناھايىتى چوڭ بولۇشى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە نوپۇسىنىڭ ناھايىتى كۆپ خىللىقتىن تەركىب تاپقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. غەربلىكلەر «جۇڭگو بىر ناھايىتى كۈچلۈك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن دۆلەت»، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەت بولسا بۇنىڭ دەل ئەكسىچە. ئەگەر جۇڭگو ھەممە جەھەتتە بىر مەركەزلەشكەن دۆلەت بولغان بولسا، مەيلى ھازىر بولسۇن ياكى سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە بولسۇن ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇپ ماڭالمىغان بولاتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر ناھايىتى چوڭ دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇلۇش ئۇسۇلىغا جۇڭگوچە تەپەككۇر ئۇسۇلى چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەن.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2000 يىل ئىلگىرى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن ياۋروپا كۆپلىگەن كىچىك ئەللەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. شۇ چاغدا بۆلۈنگەن زېمىنلار ھازىرغىچە شۇ پېتى ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇ مەزگىللەردە جۇڭگودا ياۋروپادىكى ئىشلارنىڭ دەل ئەكسى يۈز بەردى. يەنى ئۇ ئاشۇنداق بىر چوڭ مەدەنىيەت دۆلىتىنى قۇرۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنى بىر بىرلىكتە كەلگەن ھالەتتە تۇتۇپ تۇردى.

ئەنگلىيە 1997-يىلى خوڭكوڭنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بەرگەندە، جۇڭگو «بىر دۆلەت، ئىككى خىل سىستېما» دېيىدىغان بىر قانۇنىي تۈزۈمنى يولغا قويدى. غەربتىكى ھېچ قانداق بىر ئادەم بۇنىڭ ئۇنىۋم بېرىدىغانلىقىغا ھەقىقىي تۈردە ئىشەنمەي، كۆپىنچە كىشىلەر «خوڭكوڭ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش بىر شەكىلگە كىرىپ قالىدۇ»، دەپ پەرەز قىلىشتى. ئەمما بۇ پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ چىقتى. خوڭكوڭنىڭ سىياسىي ۋە قانۇنىي تۈزۈلمىسى ھازىرمۇ خۇددى 1997-يىللىرىدىكىدەكلا جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدىن پەرقلىق ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. غەربنىڭ بۇ مەسىلىگە

ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماسلىقىدىكى سەۋەب، غەرب مىللەت دۆلىتى ئىدىيىسى ئاساسىدا خاراكتېرلەنگەن. شۇڭلاشقا 1990-يىلى ئىككى گېرمانىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندە، ئۇ پۈتۈنلەي بىر خىل فېدرال جۇمھۇرىيەت ئاساسىدا شۇنداق قىلىندى. شەرقىي گېرمانىيەنى غەربىي گېرمانىيە پۈتۈنلەي يۇتۇۋەتتى. مىللەت دۆلىتى ئاساسىدا تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەر «بىر مىللەت دۆلىتىدە بىرلا سىستېما مەۋجۇت بولىدۇ»، دەپ ئويلايدۇ. ئەمما بىر مەدەنىيەت دۆلىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگونىڭ لوگىكىسى يۇقىرىدىكى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمايدۇ. جۇڭگو ناھايىتى چوڭ، ناھايىتى كۆپ خىللىق جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە ئوخشىمايدىغان مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل «ماسلىششچان بولۇش» زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ شۇنىڭ بىلەن «بىر مەدەنىيەت، كۆپ سىستېما» تۈزۈمى ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان.

## 2. جۇڭگولۇقلارنىڭ «مىللەت» ئۇقۇمى غەربلىكلەرنىڭكىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ

جۇڭگودا 1.3 مىليارد نوپۇس بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى ئۆزلىرىنى پەقەت بىرلا مىللەتكە، يەنى خەن مىللىتىگە تەۋە، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئەھۋال دۇنيادىكى باشقا نوپۇسى ناھايىتى كۆپ دۆلەتلەردىكىگە، مەسىلەن، ھىندىستان، ئامېرىكا، ھىندونېزىيە ۋە بىرازىلىيەدىكىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئەللەردىكى خەلقلەر ئۆزلىرىنى «كۆپ مىللەتتىن بولغان»، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتە خەن مىللىتى كۆپلىگەن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاسسىمىلىياتسىيە بولۇپ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، ئەمما خەنلەر ئۆزلىرىگە ئۇنداق دەپ قارىمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ بىر مەدەنىيەت دۆلىتى بولۇشى، ھەمدە بىر مەدەنىيەت دۆلىتى بولۇش تارىخىنىڭ ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇشىدۇر. يەنى، نەچچە مىڭ يىللارنىڭ مابەينىدە كۆپلىگەن مەدەنىيەت، مىللەت ۋە ئېتنىك جەھەتتە بىرلىشىپ كېتىش جەريانىنىڭ نەتىجىسىدە كۆپلىگەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر تەدرىجىي ھالدا ئاجىزلاپ، ئۇ پەرقلەرنى ئايرىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل ھالەت شەكىللىنىپ، شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى خەن مىللىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ خىل تارىخىي ئەھۋالنىڭ بىر ئەۋزەللىكى شۇكى، تاكى ھازىرغىچە خەنزۇ مىللىتى خۇددى سېمونتتا ئوخشاش جۇڭگو پۇقرالىرىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ تۇتۇپ تۇرغان. جۇڭگونى بىر دۆلەت قىلىپ ساقلاپ كەلگەن. بۇ خىل تارىخىي ئەھۋالنىڭ يېتەرسىزلىكمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ خەنزۇ مىللىتى مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىدىن ئاجىز باشقا مىللەتلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۇلارنى كەمسىتىدۇ، ۋە ئۇلارنى تۆۋەن كۆرىدۇ. هازىر جۇڭگودا ئاشۇنداق ئەھۋالنىڭ زىيىنىغا ئۇچراۋاتقان مىللەتلەردىن ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەر بار.

## 3. جۇڭگودا دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت غەربتىكى ئەھۋاللاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ

جۇڭگونىڭ بىر مەدەنىيەت دۆلىتى ئىكەنلىكى ئۇنى توغرا چۈشىنىشنىڭ ئاساسى بولۇپ، بۇ ئاساس كۆپ جەھەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگودىكى دۆلەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى غەربنىڭكى بىلەن زادىلا ئوخشاشمايدۇ. غەربلىكلەر «جۇڭگو ھاكىمىيىتى تولۇق قانۇنىي ئاساستا ۋە خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە ئەمەس»، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەت بۇنىڭغا قارىمۇ-قارشى بولۇپ، جۇڭگو ھاكىمىيىتى ھەر قانداق غەرب ئەللىرىگە قارىغاندا كۈچلۈكرەك قانۇنىي ئاساستا ئىگە. غەربلىكلەر بىر دۆلەتنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكى-ئەمەسلىكىگە باھا بېرىشتە، ئۇ يولغا قويغان ئۇنىۋېرسال سايلام ھوقۇقى

ۋە كۆپ پارتىيە قاتارلىق دېموكراتىك جەريانلارغا ھەددىدىن كۆپ ئەھمىيەت بېرىپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ پەقەت بىرلا ئېلېمېنتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە جۇڭگو ھاكىمىيىتى ناھايىتى پۇختا قانۇنىي ئاساسقا ئىگە. بۇنداق بولۇشىنىڭ دېموكراتىيە بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، ئۇنى ھاكىمىيەت بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بەلگىلىگەن. جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە دۆلەت ھاكىمىيىتى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى، نامايەندىسى، ساقلىغۇچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە جۇڭگو مەدەنىيىتى ياكى مەدەنىيەت دۆلىتىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئۇيۇشۇشى ۋە بىرلىكىنى ساقلاش جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىسى ۋە مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلىنىدۇ. غەربتە دۆلەت ھاكىمىيىتى پۇقرالارنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى گۇمانى ۋە ھەتتا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىلىپ، شۇنىڭ نەتىجىسىدە «تالا مۇشۇكى» ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت پۇقرالىرى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ھوقۇقىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن چەكلەپ تۇرىدۇ. جۇڭگودا بولسا دۆلەت ھاكىمىيىتى پۇقرالارنىڭ ئەڭ يېقىن نەرسىسى، ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، ھەتتا ئادەتتىكى ئەزاسى ئەمەس، ئائىلىنىڭ باشلىقى ۋە ۋەتەنپەرۋەر ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق بىر نۇقتىدا تۇرۇپ قارىغاندا، جۇڭگو تىلىدىكى «مىللەت دۆلىتى» ئەمەلىيەتتە «مىللەت ئائىلىسى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا يېقىنقى 1000 يىلدىن ئۇزۇنراق ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگو ھاكىمىيىتى بىر ھەقىقىي مەنىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆزىنى ئاغدۇرۇۋېتىش ھەرىكىتىگە دۇچ كېلىپ باققان ئەمەس. بۇ خىل ئەھۋال غەربتە ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ.

جۇڭگودا ھاكىمىيەت بىلەن جەمئىيەت ئۆز-ئارا ناھايىتى قاتتىق باغلىنىپ كەتكەن. ئۆز-ئارا ناھايىتى چوڭقۇر سىڭىشىپ كەتكەن. كۆپلىگەن كارخانىلار ھازىرمۇ دۆلەتكە قارايدۇ. خۇسۇسىي كارخانىلارمۇ ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ قولىغا قارايدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانلىرىنى دۆلەت ھاكىمىيىتى بىر تۇتاش تۈزۈپ چىقىدۇ. بىر بالا تۇزۇمگە ئوخشاش باشقا نۇرغۇن ئىشلارمۇ دۆلەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېكىتىلىدۇ.

دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ناھايىتى چوڭ قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىشىمۇ جۇڭگونىڭ ناھايىتى قەدىمىي ئەنئەنىسىنىڭ بىرى. سەددىچىن سېپىلى ئۇنىڭ بىر مىسالى. ئۇنىڭدىن باشقا «چوڭ قانال» قۇرۇلۇشىنىمۇ مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. بۇ قانالنىڭ قۇرۇلۇشى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىردە باشلىنىپ، مىلادىيىدىن كېيىنكى 7-ئەسىردە تاماملانغان. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1780 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ خاڭجۇدىن باشلىنىپ، شاڭخەي ۋە تيەنجىنلەردىن ئۆتۈپ، بېيجىڭغا بېرىپ توختايدۇ. قىسقىسى، جۇڭگونىڭ دۆلەت تەرىپىدىن ناھايىتى چوڭ قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. جۇڭگو ھۆكۈمىتى يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بارغان «3 چوڭ دامبا» غا ئوخشاش چوڭ قۇرۇلۇشلارنى ئۇنىڭ تارىختىن بۇيان نامايان قىلىپ كېلىۋاتقان كۈچلۈك ھۆكۈمەت قابىلىيىتىنىڭ داۋامى، دەپ چۈشىنىش مۇمكىن.




https://ilookchina.files.wordpress.com/2010/04/grandcanal-5.jpg

**4-رەسىم: «چوڭ قانال» نىڭ بىر كۆرۈنۈشى.**


**قىسقىسى، بىر مەدەنىيەت دۆلىتى بولۇش، مىللەت ھەققىدە باشقىچە تونۇشقا ئىگە بولۇش، ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولۇش قاتارلىق 3 جەھەتتە جۇڭگو غەرب ئەللىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.**

**ئەگەر غەربلىكلەر «جۇڭگو غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى» دەپ قارايدىكەن، ئۇلار جۇڭگونى مەڭگۈ توغرا چۈشىنەلمەيدۇ. غەربلىكلەرنىڭ ھازىر جۇڭگوغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ھاكاۋۇرلۇق ۋە كۆزگە ئىلماسلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال غەربلىكلەرنى ئازغان، قايمۇققان ۋە يىراقلاشقان بىر ھالەتكە پاتتۇرۇپ قويىدۇ. غەربلىكلەرنىڭ تارىخىي مىراسلىرى، ھەمدە شۇ مىراسلاردىن كېلىپ چىققان روھىي ھالىتى ھازىر ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى دۇنيانى توغرا چۈشىنىشكە ئامالسىز قالدۇرۇۋاتىدۇ.**

**يېقىنقى 200 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە غەرب دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەرنى چۈشىنىشكە ھېچ بىر ئېھتىياجى چۈشمىدى. ئۇلار «زورۇر بولغاندا بىز باشقىلارنى ئۆزىمىزگە كۈچ بىلەن بويسۇندۇرىمىز»، دەپ ئويلىدى. غەربلىكلەر باشقا مەدەنىيەت زېمىنلىرىغا خوجايىن بولۇپ تۇرغان بولغاچقا، باشقا مەدەنىيەتتىكى خەلقلەر غەرب مەدەنىيىتىنى تولۇق چۈشىنىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇڭلاشقا كەڭ دائىرىلىك (cosmopolitan) بولۇش جەھەتتە باشقا مەدەنىيەتتىكىلەر غەربلىكلەردىن كۆپ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. ھەمدە ھازىر شەرقىي ئاسىيادىكىلەرنىڭ غەرب ھەققىدە بىلىدىغىنى غەربلىكلەرنىڭ شەرقىي ئاسىيالىقلار ھەققىدە بىلىدىغانلىرىدىن ناھايىتىمۇ كۆپ بولۇشتەك بىر خىل ئەھۋال شەكىللەندى. دۇنيادا ھازىر يۈز بېرىۋاتقان يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى تەرەققىي قىلغان ئەللەر كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.**

**بۇنىڭدىن مۇنداق 2 خىل نەتىجە كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، غەرب ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى تەسىرىنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يوقىتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىرى بولسا، غەربلىكلەر بارغانسېرى ھازىرقى دۇنيانى چۈشەنمەسلىكتە قاراپ مېڭىۋاتىدۇ. ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىگە غەربنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان، شۇڭا**

غەربلىكلەر ئانچە چۈشەنمەيدىغان تارىخ، مەدەنىيەت ۋە تەجرىبە-ساۋاقلار ناھايىتى كۈچلۈك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. ھازىر ياۋروپالىقلار دۇنيادىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە سەل قاراۋاتىدۇ، ھەمدە ئۇلارنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ. دۇنيا نەگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتىدۇ. ياۋروپالىقلار كەلگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسا، جۇڭگوغا قاراپ باقسا بولىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگىنى گۇاڭجۇدىكى بىر تېز سۈرئەتلىك پويىز ئىستانسىسى. ياسىلىپ بولغان تېز سۈرئەتلىك پويىز يولى لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى جەھەتتە ھازىر دۇنيادا جۇڭگوغا يېتىدىغان دۆلەت يوق. 6-رەسىمدە كۆرسىتىلگىنى جۇڭگونىڭ بىر يېڭىچە ئاپتوبۇسىنىڭ لايىھىسى بولۇپ، ئۇلار بۇنى پات يېقىندا بېيجىڭدا سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا سالماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئاپتوبۇسقا بىرلا ۋاقىتتا 2000 دەك يولۇچىلار چۈشەلەيدۇ. يولدىكى ماشىنىلار بولسا ئۇنىڭ ئاستىدا نورمال مېڭىۋېرىدۇ. بۇ بىر رېلىسلىق ئاپتوبۇس بولۇپ، ئۇ سائەتتە 150 كىلومېتىر ئارىلىقتا ماڭالايدۇ. جۇڭگودا نوپۇس كۆپ، زېمىن تار بولغاچقا، ئۇلار مانا مۇشۇنداق چارىلەرنى ئويلاپ چىقىۋاتىدۇ.




http://www.thestar.com.my/~/media/online/2014/08/31/08/01/str2_ma_0109_p10a_lead.ashx/?w=620&h=413&crop=1&hash=F54595D4A8F9802F053D88AB13F0246140D48362

5-رەسىم: گۇاڭجۇدىكى بىر تېز سۈرئەتلىك پويىز ئىستانسىسى.




https://www.slashgear.com/mega-straddle-bus-conceptualized-for-china-fits-1200-passengers-0496585/

**6-رەسىم: جۇڭگونىڭ بىر يېڭىچە ئاپتوبۇس لايىھىسى.**

**ھازىر كۆز ئالدىمىزدا ئاشۇنداق تېز ئۆزگىرىپ مېڭىۋاتقان دۇنياغا بىز قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز كېرەك؟ ئالدىنقى 200 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە دۇنيانى نوپۇسىنىڭ ئىنتايىن كىچىك بىر قىسمى سورىدى. يەنى، ياۋروپا بىلەن شىمالىي ئامېرىكا سورىدى. دۇنيا نوپۇسىنىڭ 38 پىرسەنتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو، ھىندىستان، ھىندونېزىيە ۋە بىرازىلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئالدىنقى 200 يىل ئىچىدە كۆرۈلگەن ئەڭ چوڭ دېموكراتىيىلىششكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇرۇن ئاۋازى چىقمىغان، كۆزگە ئىلىنمىغان، دىققەت بېرىلمىگەن ۋە چۈشىنىلمىگەن مەدەنىيەتلەرنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادا يېڭىچە ئورنى بار. بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز ئاشۇنداق ئۆزگىرىشنى قارشى ئېلىشىمىز كېرەك، ھەمدە ئاشۇ مەدەنىيەتلەرنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.**

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

**[1] Civilization state versus nation-state**
**http://www.martinjacques.com/articles/civilization-state-versus-nation-state-2/**

**[2] Understanding the rise of China | Martin Jacques**
**https://www.youtube.com/watch?v=imhUmLtlZpw**

**[3] Author: Forget America, PH's future bound with China**
**https://www.youtube.com/watch?v=Vc56bWY7oRg**

**[4] Shashi Tharoor and Martin Jacques A discussion “China versus India”**
**https://www.youtube.com/watch?v=Uwvv6DYzmfc**

## شى جىنپىڭ جۇڭگونى بۇنىڭدىن كېيىن قايسى تەرەپكە يېتەكلەيدۇ؟

**2017-يىلى 2-ئاينىڭ 10-كۈنى**

**ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق يېڭى ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن جۇڭگونىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قايسى تەرەپكە قاراپ ماڭىدىغانلىقى بەلگىلەيدۇ. مەن جۇڭگودا بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى بىلىۋېلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا بىر ناھايىتى ياخشى مەنبەنى ئۇچراتتىم. ئۇ بولسىمۇ ئاۋستىرالىيە مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا-تىنچ ئوكيان ئىستراتېگىيىسى تەتقىقاتى كەسپىنىڭ پروفېسسورى بېيتس گىلىنىڭ «شى جىنپىڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگونىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى: ئالدىمىزدىكى قىيىن ئۆتكەللەر» دېگەن تېمىدىكى بىر ئىلمىي دوكلاتى بولۇپ، بۇ دوكلات يۇقىرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتتا 2016-يىلى 9-نويابىردا بېرىلگەن. پروفېسسورلۇقتىن باشقا، بېيتس گىل يەنە سىدنېيدىكى بىر ئويلاش ئامبىرىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ، ھازىرغىچە جۇڭگو سىياستى، چەت ئەل مۇناسىۋەتلىرى ۋە بىخەتەرلىك سىياسەتلىرى ئۈستىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ھەمدە كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەر ۋە كىتابلارنى ئېلان قىلغان. ئۇ يېقىندا «جۇڭگو: ئاۋستىرالىيە بىلەن بولغان ئىشلارنى توغرا قىلىش» ناملىق بىر كىتابنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئۇ كىتاب بۇ يىل 3-ئايدا نەشر قىلىنىدىكەن. پروفېسسور بېيتس گىل خەنزۇچىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان بولۇپ، جۇڭگوغىمۇ ناھايىتى كۆپ بېرىپ تۇرىدىكەن. جۇڭگو چەت ئەل ئىشلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنى «ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان 10 نەپەر ئامېرىكىلىق جۇڭگو كۆزەتكۈچىلىرىنىڭ بىرى» دەپ تاللاپ، ئۇنىڭ سىياسىي، ئاكادېمىيىلىك ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرلىرىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇ 2002 – 2007-يىللىرى ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندىكى ئىستراتېگىيە ۋە خەلقئارا تەتقىقات مەركىزى (بىر ئويلاش ئامبىرى) نىڭ رەئىسى بولغان. 2007 – 2012-يىللىرى شۋېتسىيە ستوكھولم خەلقئارا تىنچلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ دىرېكتورى ۋە باش لىدېرى بولغان. پروفېسسور بېيتس گىل 1986-يىلدىن باشلاپ جۇڭگودا جەمئىي 3 يىل خىزمەت قىلىپ، ئالدىنقى 30 يىل ئىچىدە جۇڭگوغا يەنە 60 تىن كۆپرەك قېتىم بارغان.**

**مەزكۇر يازمىدىكى ئىدىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى مەنبەگە تەۋە بولۇپ، ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ ئىدىيىسىنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» سۆزى بىلەن باشلانغان ئايرىم ئابزاس قىلىپ يازىمەن. تۆۋەندىكىسى مەن بۇ قېتىم بايان قىلماقچى بولغان رەسمىي مەزمۇنلار.**

**يېقىنقى نەچچە ئون يىلنىڭ مابەينىدە جۇڭگودا شى جىنپىڭنىڭكىگە ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە، ئۇنىڭكىگە ئوخشاش مىجەزى بار، ۋە ئۇنىڭكىگە ئوخشاش نىيىتى بار لىدېرلاردىن بىرەرى چىقىپ باقمىغان. بۇ يەردە مەن شى توغرىلىق ئازراق توختىلىمەن. شۇنداقلا شىنىڭ ئالدىكى قىيىن ئۆتكەللەر، ۋە ئاشۇ قىيىن ئۆتكەللەر دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى كىشىلەرگە نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىمەن.**

## 1. شى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر

شىنىڭ لىدېرلىق ئورنىغا چىققىنىغا ھازىر 4 يىلدىن ئاشتى. يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا لىدېر بولۇش مۇددىتىنىڭ 1/3 قىسمىنى ئورۇنلاپ بولدى. ئۇ مۇشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە كۆپلىگەن جۇڭگولۇقلار ۋە كۆپلىگەن غەربلىك ئانالىزچىلارنىڭ نەزىرىدە كىشىلەر يېرىم چوقۇنىدىغان بىر ئادەمگە ئايلاندى. بۇ خىل ئەھۋال 1960-يىللاردىكى كىشىلەرنىڭ ماۋغا چوقۇنۇشىغا بىر ئاز ئوخشاپ كېتىدۇ. خېلى ئىشەنچلىك بىر تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، شى ھازىر جۇڭگو پۇقرالىرى ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولۇپ، شىنىڭ ھاياتىنى تونۇشتۇرىدىغان تېلېۋىزور پروگراممىلىرى، ۋە شىنى تەسۋىرلەيدىغان باشقا ھەر خىل تەشۋىقات قوراللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىشلەندى. شى «جۇڭگو مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ مەدەنىيىتىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش» تىن ئىبارەت بىر «جۇڭگو غايىسى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ غايە ھازىر جۇڭگودىكى ئۆزىدىن پەخىرلەنگەن خەلقلەر ئىچىدە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغاۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق يۇقىرى نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ، شى كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى ئىنتايىن كەڭرى ۋە كۈچلۈك بولغان سىياسىي، ھەربىي ۋە كارخانىچى زاتلار ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن چىرىكلىكنى يوقىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. شى ئىچكى بىخەتەرلىك، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە تاشقى ئىشلارغا ئوخشاش مۇھىم ساھەلەر ئۈچۈن ئىستراتېگىيە تۈزىدىغان كىچىك گۇرۇپپىلارغا باشلىق بولۇپ، شۇ ساھەدىمۇ بىر قىسىم مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شى ئالدىنقى 4 يىل ئىچىدە 50 دەك چەت ئەلنى زىيارەت قىلدى، ھەممە ناھايىتى چوڭ تاشقى ئىشلار پىلانلىرىنى يولغا قويدى. ئۇ ھازىر جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدىكى كەڭ زېمىنلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىۋېلىش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگونىڭ دېڭىزدىكى ھەربىي ھەرىكەت رايونلىرىنى بۇرۇنقىدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىققا كېڭەيتىۋاتىدۇ.

دېمەك، شى ھازىر ناھايىتى جىق ئىشلارنى ناھايىتى ياخشى قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز ئۆزىمىزدىن مۇنداق سوئاللارنى سورىماي تۇرالمايمىز:

-- شىنىڭ ھوقۇقى زادى قانچىلىك چوڭ؟

-- بىز ئۇنىڭ لىدېرلىق ئۇسلۇبى ۋە جۇڭگو پىلانى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىمىز؟

-- ئۇ جۇڭگو غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالامدۇ؟

-- ياكى ئۇ ھازىر كۆرۈنگەنگە ئوخشاش ئۈنچىۋالا كۈچلۈك ئەمەس بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا كۆپلىگەن توسالغۇلار بارمۇ؟ ئۇ ئاسانلا ئۆرۈلۈپ چۈشەمدۇ؟

-- بۇ خىل ئەھۋاللار كەلگۈسىدە جۇڭگونىڭ قوشنىلىرىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

شى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ 4 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1953-يىلى 6-ئايدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى شى جوڭشۈن (习仲勋) شۇ چاغدا جۇڭگونىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ۋە داڭلىق ئىنقىلابىي قەھرىمان ئىدى. 1962-يىلى ماۋ زېدۇڭ شى جىنپىڭنىڭ دادىسىنى «پارتىيىگە قارشى چىققان ئوڭچى» غا چىقىرىپ، ئۇنىڭ بارلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن شى جىنپىڭنىڭ جۇڭنەنخەيدىكى ئىچىدىكى راھەت تۇرمۇشى ئاخىرلاشتى. شى جوڭشۈن 1966-يىلغىچە بېيجىڭدا سولاقتا تۇردى. ئاندىن ئۇنىڭ ئائىلىسى 1968-يىلغىچە بىر يېزىغا، يەنى ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ يۇرتى بولغان شەنشى ئۆلكىسى ۋېينەنىيى يېزىسىغا پالانغان ھالدا ياشاپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا سېلىندى. شى جىنپىڭ ۋېينەنىيدىن 1975-ئايرىلدى. ئۇ شۇنداق قىلىپ 15 ياشتىن 22 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھاياتىنى

ئاشۇنداق خارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ 1975-يىلى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، خىمىيە ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە ئوقۇدى. ئەمما ئۇ بىر «گوڭ-نوڭ-بىڭ ئوقۇغۇچى» (ئىشچى-دېھقان-ئەسكەر ئوقۇغۇچى) بولۇپ، ناھايىتى كۆپ ۋاقتىنى ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىلىرىنى، ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن سەرپ قىلدى. شۇنداقلا مەكتەپ يېزا-ئىگىلىك مەيدانىدىمۇ ئىشلىدى. 1979-يىلى شىنىڭ دادىسىنىڭ ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇ ھوقۇق جەھەتتە ناھايىتى تېز ئۆسۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شى 2007-يىلى شاڭخەي پارتىيە كومىتېتىنىڭ باشلىقى بولدى. بۇ خىزمەتنى ئاران 7 ئاي ئىشلەپ، 2007-يىلى 10-ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى ئەڭ كۈچلۈك 9 ئادەمنىڭ بىرسىگە ئايلاندى. ئۇ يەردە 5 يىل ئىشلەپ، 2012-يىلى 11-ئايدا مەركىزىي پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو ھەربىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، 2013-يىلى يەنە دۆلەتنىڭ رەئىسلىكىنىمۇ ئۆز قولىغا ئالدى. شۇنداق قىلىپ، شى 60 ياشقا كىرگەندە جۇڭگونىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورۇندىكى لىدېرى بولدى.




1-رەسىم: پروفېسسور بېيتس گىل ئىلمىي دوكلات بېرىۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.

كىشىلىك تۇرمۇش جەھەتتە، شىنىڭ 2-خوتۇنى پېڭ لىيۇەن بىلەن توي قىلغىنىغا ھازىر 30 يىل بولاي دېدى. پېڭ لىيۇەن ئېرىدىن 9 ياش كىچىك بولۇپ، ئۇ ھازىر جۇڭگو ئارمىيىسىدە بىر چوڭ گېنېرال بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ يەنە بىر داڭلىق ناخشىچى ۋە چولپان ئارتىس بولۇپ، شى بىلەن توي قىلىپ ئۆتكەن ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىدا پېڭ ئېرىدىن كۆپ داڭلىق بولۇپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ شى مىڭزې ئىسىملىك بىر قىزى بار بولۇپ، ئۇ قىز 2014-يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈردى. شى ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن ھەقىقەتەنمۇ بىر ناھايىتى قۇدرەتلىك ئائىلە بولۇپ، ئۇلار يەنە ھەممە جەھەتتە ناھايىتىمۇ ئابرۇيلۇق.

داڭلىق پارتىيە ئائىلىسىنىڭ تاۋابىئاتى بولۇش، ئۆزىنى ساقلاپ قالغۇچى بولۇش، ۋە ئۆزىنى پارتىيىگە پۈتۈنلەي ئاتىۋەتكەن بىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن، شى ھازىر ئۆزىگە ناھايىتى ئىشىنىدىغان، كەسكىن قارار چىقىرىدىغان، ئىدېئولوگىيە مىراسلىرىدا چىڭ تۇرىدىغان، ھەممىدە جۇڭگو

مەنپەئەتى ئۈچۈن تەۋرەنمەي ۋە بۇرۇنقى لىدېرلاردىن بەكرەك تىرىشىدىغان بىر كىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

شىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھوقۇق ئورنىغا چىققىنىغا ئاران 4 يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئاشۇ 4 يىل جەريانىدا ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە يىغىپ، يوشۇرۇن دۈشمەنلىرىنى تازىلاپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىشلار ئۈچۈن ناھايىتى كەڭ ۋە مۇكەممەل سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ئۇ ناھايىتى جىددىي ھالدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋە پارتىيە ئىستىلىنى ساغلاملاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى، ئىدېئولوگىيىلىك قىزغىنلىقنى ئەسلىگە كەلتۈردى، تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى، ۋە ئۆزى بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولمىغانلارنى كۆزدىن يوق قىلدى، ھەمدە ئۇنچىۋالا كۈچلۈك ئەمەس قارشى پىكىرلەرگىمۇ يول قويمىدى.

شى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا قارىتا ئۆزىدىن بۇرۇن دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرى بولغان جياڭ زېمىن ۋە خۇ جىنتاۋغا ئوخشىمايدىغان چوڭ پىلانلارنى ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى يېڭى ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. دۆلەت ئىچىگە قاراتقان سىياسىتىنىڭ بىر ئەڭ ياخشى مىسالى «جۇڭگو غايىسى» دىن ئىبارەت. بۇ سۆز شىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى لىدېرلىق قابىلىيىتىنى ئەڭ ياخشى نامايان قىلىپ بېرىدىغان بولۇپ، بىز بۇ سۆزنىڭ نامايەندىسىنى جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىدە ۋە بارلىق تەشۋىقات قوراللىرىدا ئۇچرىتالايمىز. ئۇ ھازىر پارتىيە ھۆججەتلىرى ۋە مەكتەپ دەرسلىك كىتابلىرىغىمۇ كىرگۈزۈلۈپ بولۇندى. ھازىر جۇڭگونىڭ ھەر قانداق بىر كوچىسىغا بارسىڭىز، «جۇڭگو غايىسى» نىڭ بەلگىلىرىنى كۆرىسىز.

جۇڭگودىكى تەشۋىقاتلاردا «جۇڭگو غايىسى» مۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈلگەن: پارتىيە قۇرۇلغانلىقىغا 100 يىل بولىدىغان 2021-يىلى ئوتتۇرا-دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىپ بولۇش، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىنىغا 100 يىل توشىدىغان 2049-يىلى بولسا جۇڭگونى بىر تولۇق تەرەققىي قىلغان دۆلەت قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ بولۇش. مانا بۇ جۇڭگونىڭ ھازىر شى جىنپىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ ئۈمىدۋار غايىسى.

ئىلاۋە: جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قەتئىيلا قەغەزگە يېزىلمىغان، يالغۇز چەت ئەللەردىنلا ئەمەس، جۇڭگودىكى كىشىلەردىنمۇ ئاساسەن مەخپىي ساقلىنىۋاتقان «100 يىللىق مارافون» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پىلانىمۇ بار بولۇپ، ئۇ پىلاندا 2049-يىلىغا بارغاندا جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دۇنيادا 1-ئورۇنغا ئۆتۈش نىشان قىلىنغان. مەن بۇ ھەقتە ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى بىر يازمىسىدا يەنە ئايرىم توختىلىمەن.

## 2. شى جىنپىڭ يولغا قويغان بىر قىسىم تەدبىرلەر

شى جىنپىڭ كىشىلەرگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان يۇقىرىدىكىدەك بىر خىل نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىش بىلەن بىرلىكتە، ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدىغان كۆز-قاراشتىكى كىشىلەرنى ئېغىر دەرىجىدە باستۇرۇش ئىشىنى تەڭ ئېلىپ ماڭدى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ قىلغىنى 1989-يىلىدا يۈز بەرگەن تيەنئەنمېن ۋەقەسىدىن كېيىنكى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىشلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ جۇڭگودا مىللەتچىلىك ھېسسىياتىنى كۈچەيتىش جەھەتتىمۇ خېلى كۆپ ئىشلارنى قىلدى. شىنىڭ رەھبەرلىكىدە ج ك پ ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلارنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان پائالىيەتچىلەر، ئادۋوكاتلار، قارشى پىكىردىكىلەر، ئاخباراتچىلار، زىيالىيلار ۋە نەشرىياتچىلارنىڭ بوزەك قىلىنىش، سولىنىش ۋە غايىب بولۇش ئىشلىرى كۆپلەپ يۈز بەردى. جۇڭگودا بىخەتەرلىك ۋە نازارەتچىلىك

ساھەسىدىكى بىر قىسىم يېڭى قانۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن يۇقىرىقىدەك قاتتىق-قوللۇق تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى، جۇڭگودا ئىش بېجىرىۋاتقان چەت ئەل تەشكىلاتلىرىنىڭ نازارەت قىلىنىشى ۋە ئىنتېرنېت ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ ناھايىتى قاتتىق ھالدا ساقچىلىق قىلىنىشى بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. 2013-يىلى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرگە قارىتىلغان، جۇڭگودا «9-نومۇرلۇق ھۆججەت» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھۆججەت شىنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى تەدبىرلىرىنى خۇلاسىلەپ بېرىدۇ. 9-نومۇرلۇق ھۆججەت ج ك پ ھاكىمىيىتىگە تەھدىت سېلىۋاتقان 7 خىل كۈچنى تىلغا ئالدى. يېقىندا جۇڭگو مائارىپ مىنىستىرلىقىمۇ بىر ھۆججەت تارقىتىپ، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا سۆزلىنىدىغان دەرسلەرنىڭ مەزمۇنلىرىغىمۇ بىر قىسىم چەكلىمىلەرنى قويىدى. بۇ ئىككى ھۆججەت ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر ۋە قىيىن ئۆتكەللەر ئىچىدە غەرب قانۇنلىرىدىكى دېموكراتىيە ۋە باشقا غەرب ئىدىيىلىرى، مەسىلەن، ئۇنىۋېرسال قىممەت قارىشى، خەلق جەمئىيىتى، قانۇنىي دېموكراتىيە ۋە ئاخبارات ئەركىنلىكى قاتارلىقلارمۇ بار.

بۇ خىل باستۇرۇش يالغۇز جۇڭگو ئىچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇ دۆلەت سىرتىغىمۇ كېڭەيتىلدى. مەسىلەن، ئاشۇنداق دۆلەت سىرتىدىكى رايونلار ئىچىدە خوڭكوڭ، ھەتتا ئاۋستراليەمۇ بار. جۇڭگو ھۆكۈمىتى چەت ئەلدىكى جۇڭگو پۇقرالىرى ۋە چەت ئەلگە گىراژدان بولغان جۇڭگولۇقلاردىن ئۆز ۋەتىنىگە سادىق بولۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ھەممە ئۇلارغا ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ.

خېلى كۆپ ساھەلەردە مۇشۇنداق قاتتىق نازارەت قىلىش ياخشى ئۈنۈم بېرىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۆتكەن يىل دۇنيا چېگراسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتى 180 دۆلەتنىڭ مۇخبىرلار ئەركىنلىكى كۆرسەتكۈچى سانلىرىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جۇڭگو 175-ئورۇننى ئالدى. يەنى، جۇڭگو پەقەت سومالىيە، سۇرىيە، تۈركمەنىستان، شىمالىي كورېيە ۋە يەنە بىر كىچىك دۆلەتنىڭ ئالدىغا ئۆتەلىدى.

شىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگو ئۆزىنىڭ ئەسكەر تۇرغۇزغان رايونلىرىنى كېڭەيتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ روشەن بولغىنى يېڭى سۈنئىي ئاراللارنى ياساش، جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىغا ھەربىي بازا قۇرۇش، شۇنداقلا 2012-يىلى جۇڭگونىڭ، فىلىپپىنغا قارايدىغان بىر قىسىم دېڭىز قىرغاقلىرىنى ئىگىلىۋېلىش قاتارلىقلار بار. بۇ يىل جۇڭگو جىبۇتى ئارىلى (Djibouti Iceland) دا بىر دېڭىز ئارمىيە ئارقا سەپ بازىسى قۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە بۇ بازا سومالىيە قاراقچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە ب د ت نىڭ ئافرىقىدىكى ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتىلگەن جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن.

چەت ئەل مۇناسىۋىتى ساھەسىدە، شى بىر ئاسىيا قۇرۇلمىسى مەبلەغ بانكىسى (Asian Infrastructure Investment Bank, AIIB) ۋە 21-ئەسىرلىك دېڭىز يولى يىپەك يولى قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن جۇڭگو 1.4 تىرىللىيون دوللار پۇل خەجلەپ، تاشيول، پويىز يولى، ئايروپىلان ئىستانسىسى، دېڭىز پورتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، خەۋەرلىشىش تورلىرى ۋە باشقا قۇرۇلمىلارنى ياساشنى پىلانلىدى. ئەگەر بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدىكەن، يۇقىرىدىكى قۇرۇلمىلار جۇڭگونى قۇرۇقلۇق يوللىرى ئارقىلىق ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ بازىرىغا، شۇنداقلا ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىرغىقى ۋە ياۋروپاغىچە تۇتاشتۇرىدۇ.

## 3. جۇڭگو ھازىر دۇچ كەلگەن ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەر

گەرچە شى يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىي ۋە سىياسىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇ ھازىر

بىر قاتار قىيىن ئۆتكەللەرگە دۇچ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شىنىڭ لىدېرلىق ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ مەسىلىلەر شى ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگو غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ۋە جۇڭگو مىللىتىنىڭ روھلاندۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن.

جۇڭگو ھازىر بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھات قىلىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياستىنى يولغا قويغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر ئىقتىسادىي ئېنىقسىزلىقلارغا دۇچ كەلدى. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىدەك:

--(1) جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستىلاشقا باشلىدى.

--(2) بۇ ئاستىلاش قۇرۇلما جەھەتتىكى ئاستىلاشقا كىرىدۇ.

--(3) بۇ ئاستىلاش ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلارنىڭ ئۆزگەرتىلىشى جەريانىدا يۈز بېرىۋاتقان بولۇپ، بۇرۇن مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن باشقا ئەللەر ئاشۇنداق ئۆزگەرتىشتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىغان.

ھەممىدىن مۇھىم نۇقتا شۇكى، بېيجىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يولغا قويىدىغان سىياسەتلەر جۇڭگو ھازىر دۇچ كەلگەن تۈپ ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان-قىلالمايدىغانلىقى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. ھازىرقى ئاستىلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان نەرسە جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرغان نەرسىنىڭ دەل ئۆزى: كاپىتال زاپاس مېلىغا مەبلەغ سېلىش. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، جۇڭگو ئالدىنقى 30 يىل ئىچىدە ئېكسپورت سانائىتىنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلارنى بەرپا قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلدى. ئۇ قۇرۇلمىلار تېز سۈرئەتلىك يول، پويىز يولى، دېڭىز قىرغاق پورتى، ئايروپىلان ئىستانسىسى، بىنالار، ۋە زاۋۇت ئۆيلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاشۇنداق زور كۆلەمدىكى كاپىتال مەبلەغ سېلىش جەريانى ئەمدى توختايدۇ. يەنە بىر ئايروپىلان ئىستانسىسى، يەنە بىر پويىز يولى ياكى يەنە بىر شەھەر سېلىشنىڭ جۇڭگو ئىقتىسادىغا قوشىدىغان تۆھپىسى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، جۇڭگو ھازىر بىنا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. شى جىنپىڭنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىپە كاپىتال مەبلەغ سېلىشنى ئازايتىپ، ھازىرغىچە ياسىلىپ بولغان نەرسىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، ھەمدە دۆلەت ئىچىدىكى ئىستېمال بازىرىنى چوڭايتىش. بۇ ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي خەتىرى بار. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن كېيىن كارخانىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشنى تەدرىجىي ئازايتىپ، ھازىرغىچە سېلىپ بولۇنغان كاپىتال مەبلىغىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىش ئۈچۈن تىرىشمىسا بولمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقىدەك ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ناھايىتى زور ساندىكى كىشىلەرنى ئىشتىن بوشىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا جۇڭگودىكى كارخانا ئىگىلىرى ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنى ئازراقمۇ خالىمايدۇ.

شىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغىنىغا ھازىر 5 يىل بولۇشقا قاراپ ماڭدى. ئەمما ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ بارىدىغانغا تەييارلىقى باردەك كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھازىر ئۇ ئىقتىسادىي ساھەدە قوللىنىۋاتقان چارە قەرز مىقدارىنى كۆپەيتىپ، شۇ ئارقىلىق كاپىتال مەبلەغ مىقدارىنىمۇ ئۆستۈرۈش بولۇۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا جۇڭگونىڭ سابىق ئىقتىسادىي مىنىستىرى، جۇڭگودىكى داڭلىق ئىقتىسادشۇناس لوۋ جىۋېي ئۆتكەن يىل مۇنداق دېدى: جۇڭگونىڭ ئوتتۇراھال كىرىم سەۋىيىسىدە تۇرۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى 50 پىرسەنت كېلىدۇ. ئەگەر جۇڭگو ئىقتىسادىي ساھەدە ئىسلاھات ئېلىپ

بارمايدىكەن، يۇقىرى كىرىم بالدىقىغا مەڭگۈ چىقالماسلىقى مۇمكىن. لوۋ جىۋېي ئۆتكەن ھەپتە ئىقتىسادىي مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ ياش چەكلىسىدىن شۇنداق بولدىمۇ، ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، ئېنىق ئەمەس.

ئۆتكەن يىل (2015-يىلى) 675 مىليارد دوللار پۇل جۇڭگودىن سىرتقا ئاقتى. بۇ جۇڭگوغا مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئىستىقبالىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا، شىنى ئامالسىز قالدۇرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ئۇنىڭ بىرى جۇڭگو نوپۇسىنىڭ قېرىپ كېتىشى. يەنى، جۇڭگو باي بولۇشتىن بۇرۇن قېرىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىرى چىرىكلىك. گەرچە شى بۇ ساھەدە خېلى كۆپ ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، جۇڭگودىكى چىرىكلىك ھازىرمۇ بىر ئىنتايىن ئېغىر مەسىلە بولۇپ ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شىنىڭ ئۆزى بۇ يىل 1-ئايۇلدىكى پارتىيە قۇرۇلغان كۈننى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە، «چىرىكلىكنى تازىلاش پارتىيىنىڭ ھايات-ماماتلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش» دېگەنگە يېقىن گەپلەرنى قىلدى.

جۇڭگودىكى بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ كۈندىن-كۈنگە چوڭىيىپ مېڭىۋاتىدۇ. باي-كەمبەغەل نىسبىتى كۆرسەتكۈچى بويىچە جۇڭگو ھازىر دۇنيادا 29-ئورۇندا تۇرىدۇ. كۈنلۈك كىرىمى 2 دوللاردىن تۆۋەن بولغان كەمبەغەللەردىن جۇڭگودا ھازىرمۇ 200 مىليوندىن كۆپرەك نوپۇس بار.

جۇڭگونىڭ مۇھىت بۇلغىنىشى ناھايىتى ئېغىر، ناھايىتى چوڭ، ۋە ناھايىتى مۇرەككەپ. ھاۋا بۇلغىنىشىدا بېيجىڭ تېخى ئەڭ ناچار شەھەرمۇ ئەمەس بولۇپ، جۇڭگودا ئۇنىڭدىنمۇ ناچار يەرلەردىن خېلى بار. جۇڭگودا يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستىدىكى سۇلار ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاندى. بەزى جايلاردىكى سۇلارنى زىرائەتلەر ۋە سانائەت ئۈچۈن ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ. شەھەرلىشىش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلار ھازىر جۇڭگو ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ قىيىن ئۆتكەللەرنى پەيدا قىلدى. بۇلغىنىش ۋە زەھەرلىنىش كىشلەرنىڭ ھاياتىنى خېيىمخەتەرگە ئۇچرىتىدىغان بولغاچقا، بۇلار يالغۇز ئىقتىسادىي مەسىلەر بولۇپلا قالماي، ئۇلار يەنە سىياسىي مەسىلەرگىمۇ تەۋە. جۇڭگودىكى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ھازىرقى ئىقتىسادىي مەسىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىرلەرنىڭ بىرى تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئاستىلىتىش بولۇپ، بۇ چارە ھازىر جۇڭگودا بىر قىسىم يېڭى مەسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ مەسىلەر پىرامىداسىنىڭ ئەڭ چوققىسىدا شى جىنپىڭ بار بولۇپ، ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. بۇ جەھەتتىكى بىر قىسىم ئەھۋاللارنى يېقىندا (2016-يىلى ئۆكتەبىردە) ئېچىلغان پارتىيە 18-قۇرۇلتىيى 6-ئومۇمىي يىغىنىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. شىنىڭ مەزكۇر يىغىندا دېيىشىچە، بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يالغۇز چىرىكلىك بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، پارتىيىنى پارچىلاش سىياسىي سۇيىقەستى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. بۇ ئىشنىڭ ئىقرار قىلىنىشى بىزگە ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى دەپ بېرىدۇ. شى ئېلىپ بارغان چىرىكلىكنى يوقىتىش ھەرىكىتى ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى كۆپلىگەن دۈشمەنلەرنى تىكلەپ بەرگەن بولۇپ، ھازىر شى تۇتقان يولدىن نارازى بولۇۋاتقان كىشلەرنىڭ سانى ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە كۆپىيىۋاتىدۇ.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 2012-يىلى ئېلان قىلغان بىر دوكلاتتا ئېيتىلىشىچە، جۇڭگودا ھەر يىلى 100,000 قېتىمدىن كۆپرەك چوڭ كۆلەملىك ۋەقەلەر يۈز بەرگەن. ئىشسىز قالغان ئەمگەكچىلەر جۇڭگو ئۈچۈن داۋاملىق تۈردە مۇقىمسىزلىق خەتىرىنى پەيدا قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. جۇڭگونىڭ

چېگرا رايونلىرىدىكى، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ غەربىي رايونلىرىدىكى ئېتنىك قوزغىلاڭلار جۇڭگو ئۈچۈن داۋاملىق تۈردە بىر خىل ئېغىر مەسىلە بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شىنجاڭدا يۈز بەرگەن مۇشۇ خىلدىكى ۋەقەلەر كۆپىنچە ۋاقىتتا قان تۆكۈش ۋەقەسى تۈسىنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. جۇڭگو زېمىنىنىڭ 49 پىرسەنتىنى پەقەت 4 ئۆلكىلا ئىگىلەيدۇ: تىبەت، شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل ۋە چىڭخەي. بۇ ئۆلكىلەردە تارىختىن بۇيان خەنزۇ ئەمەس مىللەتلەر ياشاپ كەلگەن.

جۇڭگودا 2015-يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا قاتناشقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر (1) چىرىكلەشكەن رەھبەرلەر، (2) مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە (3) كىرىمدىكى تەڭسىزلىكنى ھازىر جۇڭگو دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ مەسىلىلەر، دەپ ھېسابلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ تەكشۈرۈشنى بىر نوپۇزلۇق تەشكىلات ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىشكە بولىدۇ.

ئىلاۋە: پروفېسسور بېيتىس گىل ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ساھەلەردىكى ئەھۋاللىرى مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى «جۇڭگو ئاسىيادىكى ھۆكۈمران كۈچ بولالمايدۇ» دېگەن يازمىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان مەزمۇنلاردىن بەك كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن. شۇڭلاشقا بېيتىس گىلنىڭ جۇڭگو ئىقتىسادى ھەققىدە دېگەن بىر قىسىم مەزمۇنلارنى بۇ يازمىغا كىرگۈزمىدىم. قىزىقىدىغان ئوقۇرمەنلەر ئەسلىدىكى مەنبەنى ئاڭلاپ باقسا بولىدۇ.

## 4. جۇڭگونىڭ ھازىرقى ھەربىي ساھەدىكى مەسىلىلىرى

جۇڭگونىڭ قۇرۇقلۇقتىكى باشقا ئەللەر بىلەن بولغان چېگرىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، 22000 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ 14 دۆلەت بىلەن بىۋاستە چېگرىداش. بۇ جەھەتتە ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداش بولغان رۇسىيە بىلەن ئوخشاش. دېڭىزدىكى چېگرىداش دۆلەتلەر تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، جۇڭگونىڭ قوشنىلىرىدىن 4 دۆلەتنىڭ يادرو بومبىسى بار. ئۇلار ھىندىستان، پاكىستان، رۇسىيە ۋە شىمالىي كورېيە. ئاسانلا يادرو بومبىسى ئىشلەپ چىقىرالايدىغان ياپونىيىمۇ قوشساق بۇ دۆلەتلەرنىڭ سانى 5 بولىدۇ. جۇڭگو ئىقتىسادى ئېكسپورت-ئىمپورت جەھەتتە ھازىر پۈتۈنلەي دېڭىز يوللىرىغا تايىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى جۇڭگونىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىدىكى ئۆلكىلەردە بولۇپ، بۇمۇ جۇڭگونىڭ ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا ناھايىتى ئاجىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى ئەھۋال بىلەن سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگونىڭ تاشقى مۇھىتى شى تەختكە چىققاندىن بۇيان ناھايىتى كۆپ ناچارلاشتى. مەسىلەن، كورېيە ئارىلىدا جۇڭگونىڭ شىمالىي كورېيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نەچچە 10 يىلنىڭ مابەينىدىكى ئەڭ ناچار بىر ھالەتكە كىردى. يەنى، جۇڭگو شىمالىي كورېيەنىڭ يادرو بومبىسى ياساش ئىشىنى توسۇپ قالالمىدى. بۇ ئەھۋال جۇڭگونىڭ جەنۇبىي كورېيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ ناچارلاشتۇردى. بۇنىڭ بىر نەتىجىسى جەنۇبىي كورېيەنىڭ يېقىنقى يىللاردا ئامېرىكا بىلەن بولغان ھەربىي ھەمكارلىقنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىشىدۇر.

جۇڭگونىڭ ياپون بىلەن بولغان سىياسىي ۋە بىخەتەرلىك ساھەلىرىدىكى مۇناسىۋىتىمۇ ھازىر ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى. بۇ خىل ئەھۋالنى سېنكاكۇ ئارىلىنى تالىشىش ئىشلىرى، شۇنداقلا شىنزو ئابې بىلەن جۇڭگو رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەر خىل سۈركىلىشلەر كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ يىل 6-ئايدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك

تەكشۈرۈشتە، 87 پىرسەنت ياپونلار جۇڭگوغا نىسبەتەن سەلبىي كۆز-قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

جۇڭگونىڭ جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىدىكى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئىنتايىن ناچار بىر ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنى جۇڭگونىڭ ئاشۇ رايونلاردا ئېلىپ بارغان بىر قىسىم بىنورمال ھەرىكەتلىرى، بولۇپمۇ 2012-يىلدىن كېيىن تۇتقان يوللىرى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يېقىنقى ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگو-فىلىپپىن ئوتتۇرىسىدا بەزى كېلىشمەلەر تۈزگۈزۈلىدىغان ئوخشايدۇ. ئەمما، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدا يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بارغان بىر قاتار ناچار ئىش-ھەرىكەتلىرى تۈپەيلىدىن، جۇڭگونىڭ نامى جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزى رايونلىرىدىكى ئەللەر ئارىسىدا ۋە پۈتۈن دۇنيادا ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلدى.

جۇڭگو-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىمۇ ئالدىنقى 3 يىل ئىچىدە ئىنتېرنېت بىخەتەرلىكى، سودا، ئامېرىكىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي دېڭىز رايونلىرىدىكى بىخەتەرلىكى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر دەرىجىدە ناچارلاشتى. ئامېرىكىغا كېلەر قېتىم كىمنىڭ پرېزىدېنت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دەسلەپكى بىر قانچە يىل ئىچىدە بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئانچە ياخشى بولۇپ كەتمەيدۇ.

جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتە كۈچىيىشى دۇنيانىڭ، بولۇپمۇ جۇڭگو بىلەن زېمىن ماجىراسى بار ئەللەرنىڭ ئەندىشىسىنى قوزغىدى. ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا تاقابىل تۇرۇش يولىدا بىر قىسىم يېڭى تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، شى جىنپىڭ ھازىر قانداق قىلغاندا جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى ئۆزى ئۈچۈن بىر پايدىلىق شارائىتقا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر قىيىن ئۆتكەلگە دۈچ كەلدى.

## 5. شى جىنپىڭ جۇڭگونى بۇنىڭدىن كېيىن قايسى تەرەپكە يېتەكلەيدۇ؟

يۇقىرىدا بىز شىنىڭ لىدېرلىق ئۇسۇللىرى بىلەن بىر ئاز تونۇشۇپ چىقتۇق. ئەمدى بىز سورايدىغان يەنە بىر سوئال شى بۇنىڭدىن كېيىنكى لىدېرلىق رولىنى قانداقراق ئېلىپ ماڭىدۇ، ۋە بىز بىللە ياشايدىغان جۇڭگو بىر قانداقراق دۆلەت بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بىز جۇڭگو رەھبەرلىرى ھەققىدە بىلمەيدىغان ئىشلار يەنىلا ناھايىتى كۆپ. شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئاشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشنى كۆڭلۈمدە ساقلىغان ھالدا شىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگونى قايسى تەرەپكە يېتەكلەيدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق 4 پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

(1) پارتىيىنى 1-ئورۇنغا قويۇش. ماڭا شى ج ك پ غا چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ بۇرۇنقى رەھبەرلەرنى بېسىپ چۈشىدۇ. شى، جۇڭگو ئۆزۈندىن بۇيان دۇچ كەلگەن باشقىلارغا بوزەك بولۇشتەك ئەھۋالنى يوق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئۇلۇغلۇقىنى قايتىدىن تىكلەشتە، ياكى جۇڭگو غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا پارتىيە ۋە ئۇنىڭ ئىدېئولوگىيە، تەشۋىقات ۋە كونترول ۋاستىلىرى ساھەسىدىكى كەڭ-كۆلەملىك ئاپپاراتلىرىدىن، ھەممە پارتىيىنىڭ ھالقىلىق رولىدىن مەركەزلىك ھالدا پايدىلىنىدۇ. شىنىڭ ھاياتىدىن قارىغاندا، بۇ خىل پەرەز ئەقىلگە ناھايىتىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. پارتىيىنىڭ بۇرۇنقى ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئوغلى بولۇش، پارتىيە ئىچىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇق بولۇش، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ يېقىنقى ۋاقىتلاردىكى تەرەققىيات يولىنى ناھايىتى پۇختا بىلىپ مېڭىش قاتارلىق ئىشلار شىدا ج ك پ گە بىر ناھايىتى مۇكەممەل رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارلىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى يېتىلدۈردى. شى

ئۈچۈن ج ك پ نى ساقلاپ قېلىش ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ قالغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا قاراتقان سىياسەتلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن تۈزۈلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

(2) شى «تىنچلىق بىلەن تەرەققىي قىلىش» ياكى «和平崛起» دېگەن ئۇقۇمنى قايتىدىن فورمۇلالاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى كېڭەيمىچىلىك ۋە مىللەتچىلىك تەركىبلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىدىغاندەك قىلىدۇ. جياڭ زېمىن ۋە خۇ جىنتاۋ دەۋرلىرىدە، بولۇپمۇ خۇ جىنتاۋ دەۋرىدە جۇڭگو بىر تىنچلىق ھالەتتىكى تاشقى مۇھىتنىڭ مۇھىملىقىنى، پەقەت شۇنداق بىر شارائىت ئاستىدىلا ئىمپورت-ئېكسپورت پۇرسەتلىرى، بازار، كاپىتال، خام ئەشيالار، تېخنولوگىيە، ئىچكى مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتلارغا ئاسان ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. بۇ خىل تىنچلىق بىلەن تەرەققىي قىلىش يولى دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «جۇڭگو سەۋرچان بولۇشى، ھەمدە بىلىنى قويۇۋەتمەسلىكى كېرەك» دېگەن چۈشەنچە بىلەنمۇ بىردەك بولۇپ، ئۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ «ئۆز قابىلىيەتلىرىڭنى يوشۇرۇپ، ۋاقتىنى قولغا كەلتۈر» دېگەن ئەنئەنىۋى ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. شىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئىچكى مۇقىملىق بىلەن تەرەققىيات بۇرۇنقىدەكلا مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ تۇرىدۇ، ئەمما، شى مۇقىم تاشقى مۇناسىۋەتلەرگە ئۇنچىۋالا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ. نېمىشقا؟ مېنىڭ ئىككى پەرىزىم بار. ئۇنىڭ بىرى، جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ھازىر تېخىمۇ جىددىي ھالەتكە كىردى. ئۇنىڭ يەنە بىرى بولسا، شى ھازىر دۆلەت ئىچىدىكى ئېغىر مەسىلىلەرنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلىشنىڭ بىر ئامالى بىر قىسىم تاشقى مۇناسىۋەتتىكى مەنپەئەتلەرنى قۇربان قىلىپ، بىر قىسىم قوشنىلارنىڭ ئاچچىقى كەلگىنىگە قارىماي، تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ ئاكتىپ ۋە تېخىمۇ مىللەتچىلىك تۈسنى ئالغان كېڭەيمىچىلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندەك قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش «ئۆز ئىقتىدارىنى يوشۇرۇپ، ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈش» ۋە «تىنچلىق ئىچىدە تەرەققىي قىلىش» پرىنسىپلىرىغا ئۇنچىۋالا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

(3) شى بۇرۇنقى جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى كۈچلۈك تەۋەككۇلچىلىك روھىغا ئىگە كىشىدەك قىلىدۇ. شى جۇڭگونىڭ مىللىي مەنپەئىتى ئۈچۈن دۆلەت ئىچىدىكى پارتىيىنىڭ كونتروللاش قابىلىيىتى بىلەن دۆلەت سىرتىدىكى ھەربىي كۈچىنى تولۇق ئىشقا سالماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ يولنىڭ خەتىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇ جۇڭگوغا ياكى ناھايىتى چوڭ پايدا ياكى ناھايىتى چوڭ مەغلۇبىيەت ئېلىپ كېلىدۇ.

(4) شى دۇچ كېلىدىغان چەكلىمىلەر، ھەمدە ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلىرىدىكى ئاجىزلىقلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار شىنى خېلى ئاۋارە قىلىشى مۇمكىن. شى دۇچ كېلىدىغان ئەڭ چوڭ چەكلىمىدىن بىرى بار. ئۇ چەكلىمە جۇڭگونىڭ دېڭ شياۋپىڭدىن كېيىنكى رەھبەرلىرى دۇچ كېلىپ باققان ئەڭ چوڭ قىيىن ئۆتكەل بىلەن ئوخشاش. ئۇ بولسىمۇ زۆرۈر بولغان ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگونىڭ بىر بىخەتەر، گۈللەنگەن ۋە خەلقى رازى بولغان دۆلەت بولۇپ قەد كۆتۈرۈشىگە كاپالەت قىلىش يولىدا كۆرسىتىدىغان ھەر قانداق تىرىشچانلىقى ج ك پ نىڭ بىرلا پارتىيىگە مەركەزلەشكەن ھوقۇقىنى مۇقەررەر ھالدا ئاجىزلاشتۇرىدۇ. شى ھازىر تاللىغان يول ھېلىقىدەك ئىسلاھاتلاردىن ۋاز كېچىپ، پارتىيىنىڭ كونتروللۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشتەك قىلىدۇ. ئەمما بۇنداق قىلىش جۇڭگونىڭ مۇقىملىقى ۋە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىنى ئېغىر دەرىجىدىكى خەتەر ئىچىگە تىقىپ قويىدۇ. ھازىرقى ئەڭ چوڭ مەسىلە، شى بۇنىڭدىن كېيىن بىر خىل ئوتتۇرا يول تۇتامدۇ-يوق،

دېگەندىن ئىبارەت. مېنىڭ پەرىزىمچە، 2017-يىلى ئېچىلىدىغان پارتىيە قۇرۇلتىيىغىچە شى بۇرۇنقىدەك قاتتىق قوللۇق سىياستىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆز ئورنىنى تېخىمۇ قاتتىق تىكلەپ، جۇڭگونىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ مېڭىۋاتقان دۆلەت كۈچىدىن يەنىمۇ تولۇق پايدىلىنىدۇ. 2022-يىللىرى شىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت رەھبىرى بولۇش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ج ك پ ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى كونتروللۇقىنى سەل بوشىتىپ، چەت ئەللەرگە قاراتقان كېڭەيمىچىلىكىنىمۇ سەل ئازلىتىشى مۇمكىن. ھازىرچە بۇ ئىش ئۇيستىدە ھەرگىزمۇ كەسكىن بىر نەرسە دېگىلى بولمايدىغان بولۇپ، بۇ ئىشلار ئەڭ بالدۇر بولغاندىمۇ 2018-يىلى ياكى 2019-يىلى ئايدىڭلىششى مۇمكىن.

ئىلاۋە: يۇقىرىدىكى مەزمۇننى، يەنى شى جىنپىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تۇتىدىغان يوللارنى مەن تۆۋەندىكىگە خۇلاسىلىدىم:

1) پارتىيىنى 1-ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن ساقلاپ قېلىش

2) كېڭەيمىچىلىك ۋە مىللەتچىلىكنى كۈچەيتىش، ھەمدە سىرتقا قارىتا «ئۆز قابىلىيەتلىرىڭنى يوشۇرۇپ، ۋاقتىنى قولغا كەلتۈر» چارىسىنى قوللىنىش

3) تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ، دۆلەت ئىچىدە پارتىيىنىڭ كونتروللاش قابىلىيىتىنى، ۋە دۆلەت سىرتىدا جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچىنى تولۇق ئىشقا سېلىش

4) ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئىسلاھاتلاردىن ۋاز كېچىپ، پارتىيە كونتروللۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش

**پايدىلىنىش مەنبەسى:**

[1] China’s future under Xi Jinping: Challenges ahead
https://www.youtube.com/watch?v=ULCHR1RBoVg


# جۇڭگو دۇنيادىكى 1-ئورۇنغا چىققاندا

**2017-يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنى**

مەن مەزكۇر ماقالىدا كىشور ماھبۇبانى (Kishore Mahbubani) نىڭ 2015-يىلى 8-ئاپرېل كۈنى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا بەرگەن «جۇڭگو دۇنيادىكى 1-ئورۇنغا چىققاندا» دېگەن تېمىدىكى بىر مەيدان ئىلمىي دوكلاتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. مەن تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى كىشورنىڭ دېگەنلىرى بولۇپ، ئەگەر مەزكۇر ماقالىغا ئۆزۈمنىڭ سۆزىنى قىستۇرماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە ئايرىم ئابزاس قىلىپ يازىمەن.

كىشور ماھبۇبانى ھازىر سىنگاپور لى كۇاڭ يۈ ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، 2001- ۋە 2002-يىللىرى ب د ت بىخەتەرلىك ئىشلار دائىمىي كومىتېتىغا رەئىس بولغان. ھەمدە سىنگاپورنىڭ خېلى كۆپ ئەللەردىكى ئەلچىسى بولغان بولۇپ، كۆپلىگەن مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىرغىچە خەلقئارالىق مەسىلىلەر ۋە ئاسىيا ھەققىدە 6 پارچە كىتاب يازغان. ئۇ مەزكۇر دوكلاتىدا جۇڭگو ۋە ئامېرىكا ھەققىدە بىر قىسىم مۇھىم ئانالىزلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەن ئەڭ ھەيران قالغان ئىشلارنىڭ بىرى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تەۋە ئىككى ئوخشىمىغان ئويلاش ئامبىرى ئۇنى مەخسۇس تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىپ، ئۇنىڭدىن «بىز يېقىندا خەلقئارا مۇناسىۋەتتە قانداق خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدۇق؟» دەپ سورىغىنى. يېقىنقى 10 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئىلىم ئەھلىلىرى ماقالە ۋە كىتاب يېزىپ، جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى، ھازىرقى مەسىلە جۇڭگونىڭ يىقىلىپ چۈشۈشى يۇمشاق بولامدۇ ياكى قاتتىق بولامدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. ئەمما، مېنىڭ بىلىشىمچە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بولسا مەخسۇس مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ «جۇڭگو مۇنداق مۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىقىلىپ چۈشىدۇ»، دېگەن پەرەزلىرى ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلاردىن ئالدىنئالا ساۋاق ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق بىر قىسىم ئاجىزلىقلىرىنى تولۇقلاپ مېڭىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا باشقىلارنىڭ جۇڭگو ھەققىدىكى قىياسلىرى يالغان بولۇپ چىقىۋاتىدۇ. بۇ نۇقتىنى مەزكۇر يازمىدىن بىر ئاز كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بەزى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى كۆرستىپ بەرگەن ئادەمنى ئۆزىگە 1-ئورۇندىكى دۈشمەن قىلىپ تىكلىۋالىدۇ. بۇ 2 خىل ئەھۋال ئۈستىدە بىر ئاز ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. كىشور ماھبۇبانى ئۆز دوكلاتىدا يەنە «ئەگەر جۇڭگو دۆلەت تۈزۈمىنى دېموكراتىك تۈزۈمگە ئۆزگەرتسە، ئۇنىڭ دۇنياغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنى ھازىرقىدىن كۆپ ئېغىر بولۇشى مۇمكىن»، دېگەندەك ئىدىيىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى 10 – 20 يىلنىڭ مابەينىدە ئامېرىكىمۇ بىر قىسىم ئېغىر خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدى. ئۇ خاتالىقلار جۇڭگونىڭ كۈچىيىپ، ئامېرىكىنىڭ چېكىنىشىگە، ۋە بىر قىسىم ئىنتايىن مۇھىم خەلقئارالىق تەرتىپلەرنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولدى. مەزكۇر ماقالە ئارقىلىق ئاشۇنداق ئەھۋاللارنىڭ بىر قىسمىنى چۈشىنىۋېلىشىمۇ مۇمكىن.

بۇ يەردە ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، جۇڭگو 2000 يىللىق نەيرەڭۋازلىق تارىخى ۋە نەيرەڭۋازلىق مەدەنىيىتىگە ئىگە بولۇپ، هازىر جۇڭگو هۆكۈمىتى مەخسۇس زىيالىيلارنى ۋە ھەربىي قوماندانلارنى تەشكىللەپ، ئاشۇ تارىخ ۋە ئاشۇ مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىق ئىدىيىلىرى ئۈستىدە جىددىي ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئاشكارىلىشىچە هازىر ئاشۇنداق تەتقىقات ئورنىدىن جۇڭگودا كەم دېگەندە ئىككىسى بار ئىكەن. ئۇ ھەقتە كىتاب يېزىپ، ئۇلارنى ناھايىتى مەخپىي تۇتۇپ، پەقەت هۆكۈمەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر چەمبىرىكى ئىچىدىلا تارقىتىۋاتىدۇ. مەن بۇ ئەھۋاللار ئۈستىدە ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى يازمىلىرىدا ئايرىم توختىلىمەن. ئاسىيا ۋە جۇڭگو تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان غەربلىك مۇتەخەسسىسلەر ئىچىدە، جۇڭگونىڭ ئاشۇنداق 2000 يىللىق نەيرەڭۋازلىق تارىخى ۋە نەيرەڭۋازلىق مەدەنىيىتى، ۋە جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى مەخپىي پىلانلىرىنى بىلىدىغان كىشىلەر بىلەن بىلمەيدىغان كىشىلەر جۇڭگو ھەققىدە بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان كۆز-قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا غەربلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ جۇڭگو ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىپ يازغان ماقالە-كىتابلىرىنى ئوقۇغاندا، چوقۇم ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ جۇڭگونىڭ ئاشۇنداق 2000 يىللىق نەيرەڭۋازلىق تارىخى ۋە نەيرەڭۋازلىق مەدەنىيىتى، ۋە جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى مەخپىي پىلانلىرىنى بىلىدىغان-بىلمەيدىغانلىقىغا، يەنى جۇڭگونى ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىدىغان-چۈشەنمەيدىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە كىشور ماھبۇبانى جۇڭگونى ھەقىقىي تۈردە چۈشەنمەيدىكەن. ئەمما ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان كۆز-قاراشلار ئىچىدە بىزگە يېڭى بىلىم بولالايدىغان نەرسىلەر خېلىلا كۆپ. مېنىڭ مەزكۇر يازمىنى تەييارلىشىمغا تۈرتكە بولغان نەرسە ئەنە شۇ.




**1-رەسىم: كىشور ماھبۇبانى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكلات بېرىۋاتقان چاغدىكى بىر كۆرۈنۈش.**




**2-رەسىم: كىشور ماھبۇبانى يازغان كىتابلار**

**ئەمدى مەن رەسمىي مەزمۇننى باشلايمەن.**

**يېقىن كەلگۈسىدە جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى 1-ئورۇندىكى كۈچكە ئايلىنىدىغانلىقىنى ھېچ كىم رەت قىلمايدۇ. «سېتىۋېلىش كۈچى تەڭلىكى» (purchasing power parity, PPT) بويىچە قارىغاندا جۇڭگو ھازىر ئاللىقاچان 1-ئورۇنغا چىقىپ بولدى.**

**خەلقئارا پۇل تەشكىلاتى (International Monetary Fund, IMF) نىڭ ھېسابلىشىچە، 1980-يىلى ئامېرىكىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى PPT بويىچە 25 پىرسەنت بولۇپ، جۇڭگونىڭ بولسا 2.2 پىرسەنت ئىدى. 2014-يىلى ئامېرىكىنىڭ 16.1 پىرسەنتكە چۈشۈپ، جۇڭگونىڭ بولسا 16.3 پىرسەنتكە چىقتى. ھازىر ھەممە ئادەم كۆڭلىدە ئويلايدىغىنى: «ئەگەر جۇڭگو دۇنيا بويىچە 1-ئورۇنغا ئۆتسە، ئۇ قانداقراق رول ئالىدۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت. غەربلىكلەر بۇ ئىشقا نىسبەتەن ئومۇميۈزلۈك ھالدا سەلبىي قاراشتا بولۇۋاتىدۇ. مەن ئۇلارغا قارىغاندا سەل ئۈمىدۋار. جۇڭگو بىر دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك بولۇپ ئوينايدىغان رول بىر خىل ئىجابىي رول بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، جۇڭگو نۇرغۇن ئىشلاردا ھازىرقى ئامېرىكىدىن ئۆلگە ئالىدۇ.**

## 1. يامان ئۆلگىلىكنىڭ 3 مىسالى

**يېقىنقى يىللاردا ئامېرىكا جۇڭگو ئۈچۈن بىر ناچار ئۆلگە بولۇش رولىنى ئويناپ بەردى. مەن بۇ يەردە ئۇنىڭغا 3 مىسال كۆرسىتەي.**

**(1) بۇ 2008 – 2009-يىللىرىدىكى دۇنيا ئىقتىسادىي كرىزىسى جەريانىدا بولغان ئىش. شۇ ۋاقىتتا كەلگۈچە جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ناھايىتى ياخشى ھەمكارلىشىپ كەلدى. جۇڭگو ئامېرىكا بازىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى ئۈچۈن ئېكسپورت بازىرى ۋە خىزمەت پۇرسەتلىرى ئاچتى. ئامېرىكا بولسا جۇڭگوغا دۆلەت زايومى سېتىپ، شۇ ئارقىلىق پۇل قەرز ئېلىش ئىشىنى ھەل قىلدى. 2008-يىلىنىڭ ئاخىرىدا پرېزىدېنت بۇش جۇڭگوغا بىر ۋەكىل ئەۋەتىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن ئامېرىكا ھۆكۈمەت زايومى سېتىۋېلىشنى توختاتماسلىقنى، ئۇنداق قىلمىغاندا دۇنيا ئىقتىسادىغا تېخىمۇ يامان تەسىر پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. جۇڭگو بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئۆزگە يۆلىنىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولدى. ئەمما ئامېرىكىنىڭ فېدېراتسىيە زاپاس بانكىسى 2008-يىلى 11-ئايدا 1-قېتىملىق «قىممەتلىك ئاسانلاشتۇرۇش» (Quantitative Easing, QE) چارىسىنى ئېلان قىلىپ، يېڭىدىن پۇل بېسىپ چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ دۆلەت زايومىنى ئۆز پۇلى بىلەن سېتىۋالدى. شۇ ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا**

يۆلىنىشنى توختىتىپ، دۇنياغا «دوللار بىزنىڭ، ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ» دېگەن سىگنالنى بەردى. شۇ ئىش ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىر-بىرىگە يۆلىنىش مۇناسىۋىتى، ۋە جۇڭگونىڭ ئامېرىكىنىڭ بېسىمىدىن ساقلىنىش چارىسى ئاخىرلاشتى.

(2) ئامېرىكا يېقىنقى يىللاردا ئۆزىنىڭ دۆلەت قانۇنلىرىنى باشقا ئەللەرگە قوللىنىپ، شۇ ئارقىلىق باشقا دۆلەتنى جازالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. مەسىلەن، ئۇ غەربنىڭ HSBC, RBS, UBS, Credit Suisse ۋە Standard Chartered قاتارلىق بانكىلىرىنى جازالىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى Standard Chartered دېگەن بانكا ئىرانغا پۇل بېرىش ئىشىغا دۇچ كەلدى. بۇ بانكا ئەنگلىيە بانكىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قىلغىنى ئەنگلىيە قانۇنىغا خىلاپلىق كەلمەيتتى. ئەمما، ئامېرىكا دوللىرى ھازىر دۇنيا پۇلى بولۇپ، بارلىق خەلقئارالىق پۇل ئېلىم-بېرىم ئىشلىرى ئامېرىكىنىڭ پۇل ئالماشتۇرۇش مېخانىزمىدىن ئۆتمىسە بولمايتتى. ئامېرىكا ئاشۇ ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ھېلىقى ئەنگلىيە بانكىسىغا «ئىرانغا پۇل بەرگەن» دېگەن گۇناھ بىلەن 340 مىليون دوللار جەرىمانە قويدى. بۇ ئىشتا ئامېرىكا ئۆزىنىڭ دۆلەت قانۇنىنى باشقا دۆلەتلەرگە قوللىنىپ، باشقا دۆلەتلەرنى جازالىدى. بۇ ئىشنى بىر كۈنى جۇڭگومۇ چوقۇم دورايدۇ.

(3) خەلقئارالىق پۇل بېرىش ۋە پۇل ئېلىش، ياكى پۇل ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنگلىزچە قىسقارتىلىپ «SWIFT» دەپ ئاتىلىدىغان بىر سىستېمىدىن ئۆتىدۇ. ھازىر ئامېرىكا بەزى دۆلەتلەرنىڭ SWIFT تىن پايدىلىنىپ، پۇل ئالماشتۇرۇشنى چەكلەيدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، غەربنىڭ نەزىرىدە رۇسىيەنىڭ باشلىقى پۇتىن «ناچار ئادەم» بولۇپ، رۇسىيەگە پۇتىندىن بۇرۇن ۋە كېيىن باشلىق بولغان مېدۋېدېۋ بولسا «ياخشى ئادەم» دەپ قارىلىدۇ. ئەمما ئامېرىكا مېدۋېدېۋنىمۇ SWIFT تىن پايدىلىنىشتىن چەكلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئامېرىكا مۇشۇنداق ئىقتىسادىي قوراللاردىن پايدىلىنىپ باشقا دۆلەتلەرنى جازالاۋاتىدۇ. بۇ ئىشنى كەلگۈسىدە جۇڭگومۇ دورىشى مۇمكىن.

## 2. ئەڭ چوڭ مەسىلە

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانغا ئوخشاش ئىشلار ئالدىمىزدىكى «جۇڭگو دۇنيادىكى 1-ئورۇنغا ئۆتكەندە قانداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟» دېگەن ئەڭ چوڭ سوئالنىڭ جاۋابىنىڭ قانداق بولۇشىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئېنىقكى، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى 21-ئەسىرنىڭ قايسى تەرەپكە ماڭىدىغانلىقىغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا بىز بۇ مەسىلىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. «ئۇنداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ»، دەپ يۈرگەنگە قارىغاندا، ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىشلارغا تەييارلىق كۆرگەچ تۇرغان كۆپ ياخشى.

ھازىرغىچە ئامېرىكا جۇڭگوغا ناھايىتى ئاقىلانە مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. ئادەتتە بىر دۆلەت ئۆزىنى مەڭگۈ 1-ئورۇندا تۇرۇپ ماڭىدۇ، دەپ ئويلىغاندا، باشقىلارغا ئاقىلانە مۇئامىلە قىلىپ تۇرالايدۇ. ئەمما، 1-ئورۇندىكى دۆلەت 2-ئورۇنغا ئۆتۈپ قالىدىغان بىر رىئاللىق پەيدا بولۇشقا باشلىغاندا، ئاقىلانىلىكنىڭ ئورنىنى ئەندىشە ئالىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ھازىرغىچە جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتى ئۆزىنى مەڭگۈ 1-ئورۇندا تۇرۇۋېرىدۇ، دېگەن پەرەز ئاستىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن. مەن بۇ يەردە ئامېرىكىلىق دوستلىرىمنى جۇڭگوغا بۇرۇنقىدەك ئاقىلانە مۇئامىلىدە بولۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشكە قايىل قىلىشنى ئىستەيمەن. ئاشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مۇنداق بىر ھالقىلىق سوئالغا جاۋاب بېرىپ ئۆتىمەن: جۇڭگو

**1-ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەندە جۇڭگو لىدېرلىرى كۆزلەيدىغان ئەڭ يۇقىرى نىشانلار قايسىلار؟ جۇڭگوغا ھازىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى (ج ك پ) ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنىڭ نىشانى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكى بىلەن ئوخشاش، يەنى كوممۇنىزم سىستېمىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىسپاتلاش، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. 1956-يىلى خرۇشېۋ مۇنداق بىر داڭلىق سۆزنى قىلغان: «سىلەر ياخشى كۆرۈڭلار ياكى ياخشى كۆرمەڭلار، تارىخ بىز تەرەپتە. بىز سىلەرنى يەرگە كۆمۈۋېتىمىز.»**

**جۇڭگو پارتىيىسىنىڭ ئىسمىدا «كوممۇنىزم» دېگەن سۆزنىڭ بار بولۇشى جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئەڭ چوڭ ئامىللارنىڭ بىرى. بۇ، جۇڭگونىڭ ئۆزىنى كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيىسىگە ئاتنۇەتكەنلىكىنى ناھايىتى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما، جۇڭگولۇقلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەمەس، ئەمەللىرى ئۈستىدە ئازراق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان بولساق، بىز جۇڭگونىڭ كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيىسىدىن ئۆزىنى يىراقلىتىپ بولغانلىقىنى بايقايمىز.**

**دېڭ شياۋپىڭ «ئاق مۈشۈك بولامدۇ، قارا مۈشۈك بولامدۇ، چاشقان تۇتسىلا ياخشى مۈشۈك» دېگەن سۆزنى قىلغاندىلا، جۇڭگونىڭ كوممۇنىزمدىن قول ئۈزگەنلىكىدىن سىگنال بەرگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ جۇڭگو ھازىر بىر كوممۇنىستىك دۆلەتتەك ئەمەس، بىر كاپىتالىستىك دۆلەتتەك ئىش كۆرۈۋاتىدۇ. ئەمما ناھايىتى مۇرەككەپ ئىچكى سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، «كوممۇنىزم» دېگەن سۆزدىن ۋاز كېچەلمەيۋاتىدۇ. ئەگەر جۇڭگو كوممۇنىزمنى قوغلاشمايۋاتقان بولسا، ئۇنداقتا ھازىر نېمىنى قوغلىشىۋاتىدۇ؟ ئۇ ھازىر جۇڭگو مەدەنىيىتىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشنى قوغلىشىۋاتىدۇ. جۇڭگو لىدېرلىرىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولىدىغان نەرسىدىن پەقەت بىرسىلا بار، دېيىلسە، ئۇ نەرسە جۇڭگولۇقلار ئالدىنقى 150 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بوزەك قىلىنىش ياكى يۈزى تۆكۈلۈشتىن ئىبارەت. ئەگەر جۇڭگولۇقتا پەقەت بىرلا ئەقىدە بار، دېيىلسە، ئۇ ئەقىدە «بۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارغا بوزەك بولمايمىز»، دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز دۆلىتىنى قايتىدىن بىر چوڭ ۋە كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندۇرماقچى بولۇشىدىكى تۈپ مەقسىتى ئەنە شۇ.**

**شى جىنپىڭ 2014-يىلى 27-مارتتا ب د ت مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى (UNESCO) دا سۆز قىلغاندا، بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى: «جۇڭگو خەلقى ھازىر ئۆز ۋەتىنىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بىر ئۇلۇغۋار جۇڭگو غايىسى ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. جۇڭگو غايىسى ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، مىللەتنى روھلاندۇرۇش، ۋە خەلقنى بەختلىك قىلىشنى ئۆزىنىڭ تۈپ مەقستى قىلىدۇ. ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ بۈگۈنكى ئىدىيىسىگە ۋە بۇرۇن ھۆرمەتلەنگەن ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۇلارنى داۋاملىق يۈكسەلدۈرۈشنى ئىستەيدۇ. بىز جۇڭگو غايىسنى تەڭپۇڭلاشقان تەرەققىيات بىلەن ماددىي ۋە مەدەنىي يۈكسىلىشنى تەڭ ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىمىز. مەدەنىيەتنى داۋاملاشتۇرماي ۋە تەرەققىي قىلدۇرماي، ياكى مەدەنىيەتنى كۈچلەندۈرمەي ۋە گۈللەندۈرمەي تۇرۇپ، جۇڭگو غايىسنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. »**

**جۇڭگو ئۆز مەدەنىيىتىنى قايتىدىن گۈللەندۈرمەكچى بولسا، بىز ئۇنى قارشى ئېلىشىمىز كېرەك. ئەگەر ج ك پ ئۆز ئىسمىنى «جۇڭگو مەدەنىيەت پارتىيىسى» گە ئۆزگەرتىدىكەن، ئۇنىڭ غەربنىڭ ئەندىشىسىنى يوق قىلىشقا زور پايدىسى بار. ج ك پ توختاۋسىز ھالدا جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئەڭ ياخشى لىدېرلارنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كېلىۋاتىدۇ. گەرچە ج ك پ تارىختا كۆپلىگەن ئېگىز-پەسلىكنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇ ئاخىرى ھازىرقىدەك بىر ھالەتكە كەلدى. ئەگەر جۇڭگو ئۆز مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بىر توغرا مېخانىزمىنى تېپىپ چىقالايدىكەن، نەزەرىيە**

جەھەتتىن بىز بۇنداق يېڭى يۈزلىنىشنى قارشى ئېلىشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو بىر ئەركىن دېموكراتىك دۆلەتكە ئايلانمىغۇچە غەربلىكلەر ئانچە خاتىرجەم بولالمايدۇ. غەربتىكى «ئىقتىساد» دېگەن داڭلىق ژۇرنال مۇشۇنداق كۆز-قاراشنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇنىڭ 2014-يىلى 20-سېنتەبىردىكى سانىدا مۇنداق دېيىلگەن: «شى ھازىر دېڭدىن كېيىنكى، ھەتتا ماۋدىن كېيىنكى ئەڭ كۈچلۈك جۇڭگو ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى.» مەزكۇر ژۇرنال يەنە شىنى ئۆز ھوقۇقىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلارغا ۋە جۇڭگو تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتىشكە چاقىردى.

كۆپىنچە غەربلىكلەرگە ئوخشاش، ئىقتىساد ژۇرنىلىنىڭ قارىشىچە جۇڭگونىڭ تۈزۈمى ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا غەربنىڭكىگە ئوخشاش بىر دېموكراتىك تۈزۈم ئورنىتىلىدىكەن، ئۇ پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن بىر ئەجابىي ئىش بولىدۇ. ئەمما بۇ بىر خەتەرلىك پەرەز بولۇپ، جۇڭگونىڭ بارغانسېرى دېموكراتىيىلىشىشى ئۇنىڭ بارغانسېرى مىللەتچى بولۇپ مېڭىشىدىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن. مىللەتچى جۇڭگونىڭ بىر كېڭەيمىچى جۇڭگو بولۇش ئېھتىماللىقى چوڭ بولۇپ، ئۇنداق جۇڭگو ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلىشى، ھەمدە جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدىكىگە ئوخشاش باشقا زېمىن تالىشىش توقۇنۇشلىرىدا ھازىرقىدىنمۇ بەكرەك باتۇرلۇق كۆرسىتىشى مۇمكىن.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىر ج ك پ جۇڭگودىكى مىللەتچى كۈچلەرنى ۋە ئاۋازلارنى چەكلەپ تۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. بەزىدە ج ك پ بۇ كۈچلەرنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرسىتىشىگە، ۋە ئۆز خەلقىنىڭ مىللەتچىلىك ھېسسىياتلىرىنى نامايان قىلىشىغا يول قويۇشقا مەجبۇرى بولىدۇ. ئەمما، ج ك پ قانداق جىددىي ئەھۋاللاردا ۋە قايسى ۋاقىتلاردا ئۆزىنى كونترول قىلىشنىمۇ بىلىدىغان بولۇپ، يېقىنقى يىللاردا ياپونىيە، ھىندىستان، فىلىپپىن ۋە ۋيېتنام بىلەن بولغان بەزى مۇناسىۋەتلەردە ئاشۇنداق ئۆزىنى تىزگىنلەش يولىنى تۇتتى. غەربتىكىلەر جۇڭگونىڭ بالدۇرراق دېموكراتلىشىشنى ئىستەشتە بىر ئاز ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك. ئاشۇنداق بىر غايىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بىر چوڭ بالايىئاپەتنى ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن.

مەن غەربتىكىلەر جۇڭگونىڭ ئۆزلىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، ۋە جۇڭگونىڭ غەربلەشمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئاشۇنداق پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك، دەپ ئويلايمەن. شۇڭلاشقا غەربنىڭ جۇڭگو ھەققىدە قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ياخشى ئىشى، ھازىرقى تۈزۈمنىڭ داۋاملىشىپ مېڭىشىغا، ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىشىگە يول قويۇشتىن ئىبارەت.

## 3. ئاقىلانىلىكنىڭ بىر ئابىدىسى

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ئامېرىكا يولغا قويغان ھېكمەتلىك سىياسەتلەر جۇڭگونىڭ تىنچلىق بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئۇنداق ھېكمەتلەرنىڭ بىر قىسمى تارىخىي زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ۋۇجۇدقا كەلدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئامېرىكا سوۋېتنىڭ كېڭەيمىچىلىكىدىن ھەقىقىي تۈردە قورققان بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا جۇڭگو بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇردى. ئامېرىكا جۇڭگودىن ياردەم سورىغان ۋاقىت جۇڭگو بىر ئەڭ ناچار دەۋردىن قۇتۇلغان ۋاقىتقا توغرا كەلدى. ئۇ چاغدا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلمىدى. بۇ خىل ئەھۋال دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگولۇقلارنى ئامېرىكىنى ئۈلگە قىلىپ تۇرۇپ، مەركىزىي پىلانلاش بويىچە ماڭىدىغان ئىقتىسادنى ئەركىن بازار

ئىقتىسادىغا ئۆزگەرتىشكە قايىل قىلىشى ئۈچۈن بىر ئۈنۈملۈك يول ئېچىپ بەردى.

1990-يىللىرى رەسمىي ئامېرىكا-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى بىر قاتار ئېگىز-پەسلىكلەرنى باشتىن كەچۈردى. گەرچە ئامېرىكا پرېزىدېنتى چوڭ بۇش ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى نورمال ساقلاپ مېڭىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، 1989-يىلى 4-ئىيۇندىكى تيەنئەنمېن ۋەقەسى ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ، بۇشنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىشىنى چەكلىمىلەرگە ئۇچراتتى. تيەنئەنمېن ۋەقەسى ئامېرىكا-جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى يولدىن چىقىرىۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. 1993-يىلى 1-ئايدا پرېزىدېنت كلىنتون ھوقۇقنى قولىغا ئېلىشتىن بۇرۇن جۇڭگو رەھبەرلىرىنى «بېيجىڭ قاتىللىرى» دەپ ئاتىغان ئىدى. شۇڭا كلىنتون دەۋرىدىمۇ ئامېرىكا-جۇڭگو مۇناسىۋىتى ناھايىتى ناچار بولۇش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. ئەمما، كلىنتون ئاقىلانە ئىش تۇتتى.

مەن 1993-يىلىدىكى ئاسىيا – تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى (APEC) نىڭ يىغىنىغا قاتناشقاندا، بىل كلىنتون بىلەن جياڭ زېمىن ئۆز-ئارا يېقىنلىشىش ئۈچۈن قانچىلىك زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇلار دەسلەپتە بىر-بىرىگە نىسبەتەن ناھايىتى جەددىيلەشكەن بولسىمۇ، ئاخىرىغا كەلگەندە ناھايىتى ياخشى دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. بۇ ۋەقەدىن ئامېرىكىنىڭ 1991-يىلى جۇڭگونى APEC كە ئەزا قىلىپ كىرگۈزگەنلىكى ئامېرىكا قىلغان بىر ھېكمەتلىك ئىش بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇشۇ ئىش ئارقىلىق ئامېرىكا ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى بىر ياخشى كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپلا قالماي، جۇڭگونى قائىدە-تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلمىسا بولمايدىغان بىر خەلقئارالىق تەشكىلاتنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. كېيىنچە ئامېرىكا شەرقىي-ئاسىيا يىغىندىمۇ جۇڭگو بىلەن ھەمكارلاشتى. شۇنداقلا بۇ ئىككى دۆلەت ب د ت نىڭ بىخەتەرلىك دائىمىي ئىشلار كومىتېتىدىكى مۇھىم ئىشلاردىمۇ ئىزچىل تۈردە ھەمكارلىشىپ ماڭدى.

11-سېنتەبىر ۋەقەسى ئامېرىكا-جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. جۇڭگونىڭ كۈچىيىپ كېتىشى ھەققىدىكى ئەندىشىنىڭ ئورنىنى تېرروررلۇققا قارشى ئۇرۇش ئالدى. ئامېرىكا ئۈچۈن شەرقىي ئاسىيا مەسىلىسىنىڭ بىر مۇھىم مەسىلە بولۇشى بىر قانچە يىل توختاپ قالدى. بۇ ئەھۋال جۇڭگونى تىنچلىق بىلەن تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

بۇ جەرياندا ۋاشىنگتون بىر قانچە ئاقىلانە قارارلارنى ئالدى. بىرىنچىدىن، ئامېرىكا 2001-يىلى جۇڭگونى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا قىلىپ كىرگۈزدى. ئىككىنچىدىن، جۇڭگونىڭ تەيۋەنگە بولغان سەزگۈرلۈكىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. جۇڭگو ئۆزىنىڭ بۇيان «ئامېرىكا تەيۋەندىن جۇڭگونى مۇقىمسىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىنىدۇ»، دەپ ئويلاپ كەلگەن ئىدى. ئەمما، 2003-يىلى چېن شۈيبيەن (陈水扁) تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقى ھەققىدە بىر قېتىم ئومۇمىي خەلقتىن ئاۋاز ئېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى كىچىك بۇش ئۇنداق قىلىشنى قوللىمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئامېرىكىنىڭ بۇنداق قىلىشىدا ئىراق ۋە شىمالىي كورىيە مەسىلىسىمۇ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىر قىسمى بولدى.

مۇشۇنداق ئاقىلانە قارارلارنىڭ بىر قىسمى ئامېرىكىنىڭ ئۆز مەنپەئەتى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلدى. بولۇپمۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى جەريانىدا شۇنداق بولدى. ئەمما، بۇنداق قىلىشنىڭ ئامېرىكا ئۈچۈن قانچىلىك پايدىلىق بولغانلىقىنى چۈشىنىدىغان ئامېرىكىلىقلار ئانچە كۆپ ئەمەس. مېنىڭچە، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاشۇنداق ئاقىلانە يول تۇتۇش ئامېرىكىنىڭ مىللىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ناھايىتىمۇ

پايدىلىق.

مەسىلەن، 1978-يىلى دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتكەندىن بۇيان، ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى يۈز مىڭلىغان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ چىقتى. 2005-يىلىدىن 2012-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىلا 788882 نەپەر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇدى. بۇ سان يەنە ئۇزلۇكسىز ئۆسۈپ ماڭدى. مەسىلەن، 2013 – 2014-يىللىق ئوقۇش يىلىدا 275000 نەپەر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا قوبۇل قىلىندى. بۇ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا بەرگەن غايەت زور سوۋغىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلار جۇڭگوغا قايتىپ، ئالەم بوشلۇقى تېخنولوگىيىسىدىن دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىگىچە بولغان ھەممە ئىلىم-پەن ۋە تېخنولوگىيە ساھەلىرىدە جۇڭگونى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۆھپە قوشىدۇ. شۇڭلاشقا كەلگۈسىدىكى تارىخشۇناسلار ئامېرىكىنىڭ بۇنداق غايەت زور مەردلىكلىرىنى چۈشىنەلمەي قېلىشى مۇمكىن.

ئامېرىكا-جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتنى نورمال ساقلاپ مېڭىشتا جۇڭگومۇ تۆھپە قوشتى. بىرىنچىدىن، جۇڭگو كۆپ قېتىملىق بوزەك قىلىنىش ھادىسىلىرىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ خاتالىقلىرىغا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. بۇنداق خاتالىقلارنىڭ ئىچىدە 1999-يىلى ئامېرىكا بېلگرادتىكى جۇڭگو كونسۇلخانىسىنى بومباردىمان قىلغان ئىشمۇ بار. مەن سۆزلەشكەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشنىڭ بىر ئۇقۇشماسلىقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما، مەن سۆزلەشكەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشنى ئامېرىكا قەستەن قىلغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئامېرىكا بىلەن بولغان نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاش ئۈچۈن، جۇڭگو ئۆزىنىڭ قورساق كۆپۈكىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. يەنە بىر چوڭ ھادىسە بىر ئامېرىكا جاسۇس ئايروپىلانىنىڭ 2001-يىلى جۇڭگونىڭ خەينەن ئارىلىغا قوندۇرۇلۇشى. جۇڭگونىڭ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىشى بۇ ۋەقەدىمۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا بىر قېتىم ھەربىي توقۇنۇشنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

## 4. بىر گېئو-سىياسىي مۆجىزىنى ساقلاپ مېڭىش

ئادەتتە بىر يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن كۈچلۈك دۆلەت بۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشكە باشلىغاندا، بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ھازىرغىچە بولغان تارىختا ئىزچىل تۇردە يۈز بېرىپ كەلگەن بولۇپ، پەقەت ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىلا ئۇنداق ئىش يۈز بەرمىدى. شۇڭلاشقا ئەگەر ھازىر ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش كۈچىيىپ ماڭغان بولسا، ئۇ بىر نورمال ئىش بولاتتى. ئەمما ھازىرقى ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ: ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت پۈتۈنلەي نورمال ۋە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن داۋاملىشىۋاتىدۇ. بۇ بىر مۆجىزە.

ئەمما، ئەسلى ئېنىقلىمىسى بويىچە قارىغاندا، مۆجىزە دېگىنىمىز بىر تارىخىي بۇرمىلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ، ئۇ ئانچە ئۇزۇنغا داۋاملاشمايدۇ. ئامېرىكا ۋە جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا تارىخىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا رىقابەت ۋە سۈركىلىش كۈچىيىشكە باشلايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ھازىرغىچە تۇتۇپ كەلگەن ئاقىلانە يولغا قايتىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئىش جۇڭگودىن بۇنىڭدىن كېيىن يېقىندا ئۆز قوشنىلىرى ئۈستىدىن، بولۇپمۇ ياپونىيە ۋە شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئۈستىدىن سادىر قىلغان خاتالىقلىرىدىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مەسىلەن، 2010-يىلى 7-سېنتەبىردە جۇڭگونىڭ بىر بېلىقچى كېمىسى سېنكاكۇ ئارىلى ئەتراپىدا ياپونىيەنىڭ رازۋېدكا پاراخوتلىرى بىلەن سوقۇشۇپ كېتىدىغان ئىش يۈز بەردى. جۇڭگو ياپوندىن ھېلىقى بېلىقچىلار كېمىسىنى قويۇپ بېرىشنى ئاشكارا تەلەپ قىلىپ، ياپونىيەنىڭ يۈزىنى تۆكتى. ئۇنى ئاز دەپ يەنە ياپونىيەنى جۇڭگودىن ئەپۇ سوراشقا قىستىدى. 2010-يىلى شىمالىي كورېيە جەنۇبىي كورېيەنىڭ يېئوڭپيېئوڭ (Yeonpyeong) ئارىلىغا بومبا ئاتقاندا، جۇڭگو شىمالىي كورېيەنى ئەيىبلىمەي، يەنە بىر قېتىم خاتالىق ئۆتكۈزدى. 2010- ۋە 2011-يىللىرى جۇڭگو جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزى مەسىلىسىدە ناھايىتى كېڭەيمىچى باياناتلارنى ئېلان قىلىپ، يەنە ناھايىتى كېڭەيمىچى مەيدان تۇتتى. 2009-يىلى 7-مايدا جۇڭگو جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدىكى بىر قىسىم زېمىنلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان بىر خەرىتىنى ب د ت غا يوللىغاندا، فىلىپپىن جۇڭگوغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭغا ۋيېتنام ۋە مالايسىيالارمۇ قوشۇلدى. گەرچە ھىندونېزىيەنىڭ جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدا ھېچ قانداق زېمىنى بولمىسىمۇ، ئۇمۇ جۇڭگوغا قارشى نارازىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. ئاشۇنداق قارشىلىقلار ئاستىدىمۇ جۇڭگو ئۆز يولىدىن قايتمىدى.

جۇڭگو ASEAN بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىمۇ كۆپ خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدى. جۇڭگونىڭ ASEAN بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى 2012-يىلى ئىيۇلدىكى يىغىن جەريانىدا ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ قالدى. 1967-يىلىدىن 2012-يىلىغىچە ھەر قېتىملىق ASEAN يىغىنىدىن كېيىن بىر بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىنىپ كەلگەن. ئەمما 2012-يىلى ئۇ ئىشنى قىلغىلى بولمىدى. بۇ قېتىم ئەزا دۆلەتلەر جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزى ھەققىدىكى بىر ئابزاس سۆزدە بىرلىككە كېلەلمىدى. ASEAN غا ئەزا 10 دۆلەت ئىچىدىكى 9 دۆلەت بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، كامبودژا ئۇنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى. كېيىنچە كامبودژا جۇڭگونىڭ بېسىمى ئاستىدا ئاشۇنداق يول تۇتقانلىقى بىلىنىپ قالدى. دېمەك، جۇڭگونىڭ كۈچىيىشى ئۇنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرىنى ھاكاۋۇرلاشتۇرۇۋەتتى.

جۇڭگو ئۆزى سادىر قىلغان خاتالىقلاردىن ساۋاق ئېلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئامېرىكىمۇ ئۆزىنىڭ يېقىنقى ئەمەللىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى كېرەك: ئەگەر ئامېرىكا تۇتقان يولنى جۇڭگومۇ تۇتسا، ئۇنى ئامېرىكا قوبۇل قىلالامدۇ؟ جۇڭگو دۇنيادىكى 1-ئورۇنغا چىقسا، ئۇ ئامېرىكىنىڭ سۆزىنى ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى دورايدۇ.

ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى بىل كلىنتون بۇ خىل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى سەزگەن بولۇپ، ئۇ 2003-يىلى يالى ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئەگەر سىلەر ئۆز ۋەتىنىڭلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن دۆلەت كۈچى، دۆلەت كونتروللۇقى، ۋە ھەرىكەت ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىكىنى ساقلاپ مېڭىش ناھايىتى مۇھىم، دەپ ئويلىساڭلار، ئامېرىكا ھازىرقىدەك بىر تەرەپلىمە ئىش تۇتۇپ ماڭسا بولۇۋېرىدۇ. ھازىر ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت. بىزنىڭ قولىمىزدا ھەممە نەرسە تولۇق بار بولۇپ، ئۇلارنى بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىتىمىز. لېكىن، بىز دۇنيادىكى ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ساھەلەردىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولالماي قالىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىدۇ، دەپ ئويلىساڭلار، ھەرگىزمۇ ئۇنداق يول تۇتمايسىلەر. ئۇنىڭ ئورنىغا سىلەر ئۆزۈڭلار ئىستەيدىغان قانۇن، ھەمكارلىق ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەم بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدىغان بىر دۇنيانى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىسىلەر.»

ئەمما، ئۇنىڭ بارلىق مەسلىھەتچىلىرى بىل كلىنتونغا «ئامېرىكىدا ۋەزىپە ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان بىر پرېزىدېنتنىڭ ئامېرىكىنىڭ 2-ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشى ھەققىدە سۆز ئېچىشى ئۆز-ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش

بىلەن ئوخشاش بىر ئىش»، دېگەن مەسلىھەتنى بەردى. شۇڭلاشقا ئۇ يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى ئۆزىنىڭ پرېزىدېنتلىقى ئاخىرلاشمىغۇچە قايتا قىلالمىدى. ھەمدە، ئېچىنىشلىق بولغىنى، ئۇ يۇقىرىدىكى گەپنى ئاشۇ بىر قېتىمدىن كېيىن قايتا قىلىپ باقمىدى. شۇڭلاشقا مېنىڭ پەرىزىمچە ئامېرىكا ئۆزىنىڭ بىر كۈنى 2-ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىغا تېخىچە پسىخولوگىيە جەھەتتىن تەييار بولمىدى.

ئەمدى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن 3 مەسىلىغا قايتىپ كېلەيلى. ئاشۇ 3 ئىشتا ئامېرىكا ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىش تۇتالايدىغان بولۇپ، ئاشۇنداق قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى دەپ تەھدىتمۇ سالدى. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، ئامېرىكا بۇرۇنمۇ دۇنيا ئىقتىسادىي سىستېمىسىنىڭ پادىشاھى بولۇپ، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. خۇددى باشقا كۆپلىگەن كۈچلۈك ھۆكۈمران پادىشاھلارغا ئوخشاش، ئامېرىكا بۇ جەھەتلەردە مۇتلەق ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچ كىم چېقىلالمايدۇ.

ئامېرىكا دۇنيانىڭ خەزىنە پۇلى بولغان ئامېرىكا دوللىرىنى بىر قوللۇق كونترول قىلىدۇ. نەزەرىيە جەھەتتە ئامېرىكا دوللىرى دۇنيا جامائىتىنىڭ بىر ياخشى نەرسىسى، ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچكى ۋە دۆلەت سىرتىغا قاراتقان سىياسەتلىرىنىڭ قورالى. بۇ خۇددى ئامېرىكىنىڭ سابىق مالىيە مىنىستىرى جون چونناللى (John Connally) نىڭ 1971-يىلىدىكى سۆزى بىلەن بىلەن ئوخشاش: «ئۇ بىزنىڭ پۇلىمىز، سىلەرنىڭ مەسىلەڭلار». روشەنكى، ئامېرىكا دوللارنى باشقۇرغاندا دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى كۆزدە تۇتمايۋاتىدۇ. دۇنيادىكى جۇڭگودىن باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭمۇ ئامېرىكىنىڭ «قىممەتلىك ئاسانلاشتۇرۇش» (QE) چارىلىرىگە نارازى بولغانلىقىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ.

دۆلەت ئىچىگە قارىتىلغان قانۇنلارنى چەت ئەل بانكىلىرىغا قوللانغاندىمۇ ئامېرىكا بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن ئىش تۇتتى. ئامېرىكا دۇنيانىڭ يەنە بىر ياخشى نەرسىسى بولغان «دۇنيا بانكىلىرى-ئارا ئىقتىسادىي خەۋەرلىشىش جەمئىيىتى» ( Society for Worldwide Interbank Financial Telecommunication, SWIFT) دىن پايدىلىنىپ رۇسىيەنى جازالايدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالغان بولۇپ، ئەگەر ئۇ بۇ ئىشنى راستلا قىلغان بولسا، ئۇ دۇنيا تەرتىپىگە غايەت زور زىيانلارنى سالغان بولاتتى.

## 5. مەسئۇلىيەتچان مەنپەئەت ئىگىلىرى؟

ئالدىنقى نەچچە ئون يىلنىڭ مابەينىدە دۇنيا، بولۇپمۇ ئاسىيا ئەللىرى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە مۇقىملىق ۋە تىنچلىق ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار غەربنى مەركەز قىلغان ب د ت، دۇنيا پۇل تەشكىلاتى ۋە دۇنيا بانكىسى قاتارلىق دۇنياۋى تەشكىلاتلارنى قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولغانلىقىدۇر. ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق قىلىشقا قوشۇلۇشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ «بۇ تەشكىلاتلار يالغۇز غەربنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىدۇ»، دەپ ئويلىغانلىقىدۇر.

شۇڭلاشقا ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا تەۋە ياخشى نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ ئايرىم مەقسەتلىرى ۋە ئايرىم ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى بىر ناھايىتىمۇ چوڭ خەتەرلىك ئىشتۇر. ئۇنداق ئەھۋال دۇنيانى، بولۇپمۇ جۇڭگونى، بىر يېڭى دۇنيا تەرتىپى بەرپا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئەگەر ئاشۇنداق ئىش يۈز بېرىدىكەن، دۇنيا ھازىرقىدىن كۆپ قالايمىقان بىر ماكانغا ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئامېرىكىنىڭ دۇنيا خوجايىنى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رولىنى توغرا جارى قىلدۇرۇشى بۇرۇنقى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى.

بىز ھازىر ئىنسان تارىخىنىڭ بىر ئەڭ مۇھىم ئاچماق يولىدا تۇرۇۋاتىمىز. مەن ئامېرىكىنىڭ يالغۇز ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر دۇنيا تەرتىپىنى كۈچەيتىدىغان ھېكمەتلىك سىياسەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ مېڭىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر ئامېرىكا ئاشۇنداق قىلىدىكەن، جۇڭگومۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدىكەن، جۇڭگو دۇنيادىكى 1-ئورۇنغا چىققاندا ھېچ قانداق نەرسە تۈپتىن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. بىز داۋاملىق تۇردە بىر بىخەتەر ۋە ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولىدىغان دۇنيادا ياشىيالايمىز.

مەن جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك ئەڭ ئاخىرقى سوئال «جۇڭگو بىر مەسئۇلىيەتچان مەنپەئەت ئىگىسى بولۇپ تەرەققىي قىلالامدۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت. مېنىڭ ئاددىي جاۋابىم مۇنداق: جۇڭگو ئامېرىكىچىلىك مەسئۇلىيەتچان مەنپەئەت ئىگىسى بولۇپ تەرەققىي قىلالايدۇ. ئامېرىكا ھازىرمۇ دۇنيادا 1-ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئۇ ئۆزىدىن مۇنداق بىر ئاددىي سوئالنى سوراپ بېقىشى كېرەك: ئامېرىكا جۇڭگو بىردىن-بىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولغان ۋاقىتتىكى دۇنيادا راھەت ياشىيالامدۇ؟

**ئىزاھات:**

ASEAN – شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى بىرلەشمىسى (The Association of Southeast Asian Nations)

QE – قىممەتلىك ئاسانلاشتۇرۇش (Quantitative Easing)

SWIFT -- دۇنيا بانكىلىرى-ئارا ئىقتىسادىي خەۋەرلىشىش جەمئىيىتى (Society for Worldwide Interbank Financial Telecommunication)

## پايدىلىنىش مەنبەسى:


[1] What Happens When China Becomes Number One? | Institute of Politics

https://www.youtube.com/watch?v=bVkLqC3p0Og

[2] When China Becomes Number One

http://www.mahbubani.net/articles%20by%20dean/Horizons---Summer-2015---Issue-No.4-043-048.pdf

# تارىخ بىلەن سۆھبەت: ئامېرىكا، غەرب، ئاسىيا، ۋە جۇڭگو

**2017-يىلى 3-ئاينىڭ 30-كۈنى**

مەن ئالدىنقى قېتىملىق يازمامدا كىشور ماھبۇبانى (Kishore Mahbubani) نىڭ 2015-يىلى 8-ئاپرېل كۈنى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا بەرگەن «جۇڭگو دۇنيادىكى 1-ئورۇنغا چىققاندا» دېگەن تېمىدىكى بىر مەيدان ئىلمىي دوكلاتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىنى تونۇشتۇردۇم. مەزكۇر ماقالىدە ئۇ 2008-يىلى ئامېرىكىدىكى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بېركلېي شۆبىسىدە خەررى كرېيسلېر (Harry Kreisler) بىلەن ئېلىپ بارغان، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تېلېۋىزورلىرىدا تارقىتىلغان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئۈزۈم تاللىغان مەزمۇنلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. مەن تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى كىشورنىڭ دېگەنلىرى بولۇپ، ئەگەر مەزكۇر ماقالىغا ئۆزۈمنىڭ سۆزىنى قىستۇرماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە ئايرىم ئابزاس قىلىپ يازىمەن.

كىشور ماھبۇبانى ھازىر سىنگاپور لى كۇان يىۋ ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، 2001- ۋە 2002-يىللىرى ب د ت بىخەتەرلىك ئىشلار دائىمىي كومىتېتىغا رەئىس بولغان. ھەمدە سىنگاپورنىڭ خېلى كۆپ ئەللەردىكى ئەلچىسى بولغان بولۇپ، كۆپلىگەن مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىرغىچە خەلقئارالىق مەسىلىلەر ۋە ئاسىيا ھەققىدە 6 پارچە كىتاب يازغان. ئۇ مەزكۇر سۆھبەتتە جۇڭگو مەسىلىسى ھەققىدە خېلى كۆپ توختالدىغان بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان مەزمۇنلارنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا ۋە غەرب يېقىندا سادىر قىلغان بىر قىسىم خاتالىقلار، ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگو ئۈچۈن قانداق رول ئويناۋاتقانلىقى قاتارلىقلارمۇ بار.

مەزكۇر سۆھبەت كىشورنىڭ يېقىندىن نەشر قىلىنغان «يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئاسىيا يېرىم شارى» ناملىق كىتابىنى چۆرىدىگەن ھالدا سوئال-جاۋاب شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، مەنمۇ بۇ يازمىدا ئاشۇ شەكىلنى قوللىنىمەن.




1-رەسىم: خەررى كرېيسلېر (سول) بىلەن كىشور ماھبۇبانى (ئوڭ).

**1-سوئال: كىتابىڭىزدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر مەزمۇن ئاسىيانىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە ئىكەن. مۇشۇ ھەقتە ئازراق چۈشەنچە بەرگەن بولسىڭىز.**

**جاۋاب: بىز ھازىر دۇنيا تارىخىنىڭ بىر يېڭى دەۋرىگە قەدەم قويدۇق. بۇنىڭ ئىككى تەرىپى بار. ئۇنىڭ بىرى غەربنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ ئاخىرلىششى، ئەمما غەربنىڭ ئاخىرلىششى ئەمەس. غەرب بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ۋاقىت ئىچىدە يەنىلا ئەڭ كۈچلۈك مەدەنىيەت بولۇپ ساقلىنىپ ماڭىدۇ.**

**ئۇنىڭ يەنە بىرى بولسا ئاسىيانىڭ بۇرۇنقى ئورنىغا قايتىپ كېلىشى، يەنى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى قائىدىگە قايتىپ كېلىشى. ئالدىنقى 2000 يىلدەك ۋاقىت جەريانىدا دۇنياغا غەرب ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مىلادىدىن كېيىنكى 1-يىلدىن 1820-يىلغىچە ئىقتىسادتا جۇڭگو بىلەن ھىندىستان دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرۇپ ماڭدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى 200 يىل جەريانىدا غەرب ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر ئاسىيا ئەللىرى قانداق قىلغاندا قايتىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالايدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. ئۇلار غەربنىڭ ھېكمەتلىرىنى قوللاندى. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بانكىلارنىڭ بىرى بولغان گولدمەن سەكس (Goldman Sachs) نىڭ بىر تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ كۆرسىتىشىچە، 2050-يىلغا بارغاندا ئىقتىسادىي جەھەتتە جۇڭگو 1-ئورۇنغا، ئامېرىكا 2-ئورۇنغا، ھىندىستان 3-ئورۇنغا، ۋە ياپونىيە 4-ئورۇنغا ئالمىشىدۇ. دېمەك، ئەڭ ئالدىنقى 4 ئورۇننىڭ ھېچ قايسىسىدا ياۋروپا ئەللىرىدىن بىرەرى كىرەلمەيدۇ. بۇ دۇنيا تارىخىنىڭ بىر ناھايىتى زور كۆچۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.**

**2-سوئال: مۇشۇنداق ئۆزگىرىشنى ئېلىپ كەلگەن ھەل قىلغۇچ ئامىللار قايسى؟ بۇ ئۆزگىرىشتە غەربنىڭ ئوينىغان رولى نېمە؟**

**جاۋاب: ئاسىيا تەرەققىي قىلىپ، غەربكە ھۆكۈمرانلىق قىلمايدۇ. بەلكى ئۇ غەربنىڭ بىر يېڭى نۇسخىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. غەربنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۈك ئۇسۇللىرىنى يولغا قويىدۇ. ئاسىيا ئەللىرى پەقەت غەربنىڭ ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپلا ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەسىلەن، جۇڭگونى ئالساق، مەن 1980-يىلى جۇڭگوغا بىر قېتىم بارغان. ئۇ چاغدا جۇڭگو تېخى ئەركىن بازار ئىقتىسادىنى يولغا قويمىغان. مەن بىر ساتىراشخانىغا كىرىپ چاچ ئالدۇرسام، ئۇستام ئىشنى ئىنتايىن ئاستا قىلىپ، چېچىمنى بىر سائەتتە ئاران ئېلىپ بولدى. مەن ئۇستامدىن «نېمىشقا چېچىمنى بۇنچە ئاستا ئالىسىز؟» دەپ سورىسام، ئۇ «مەن بىر سائەتتە 5 ئادەمنىڭ چېچىنى ئالامدىم، ياكى 10 ئادەمنىڭ چېچىنى ئالامدىم، بەربىر ئوخشاش كىرىم تاپىمەن. شۇڭلاشقا ئالدىراپ نېمە قىلىمەن؟» دەپ جاۋاب بەردى. جۇڭگو ئەركىن بازار ئىقتىسادىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئىشنى چاققان ۋە ئۈنۈملۈك قىلىش قىزغىنلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. ئالدىنقى 100 يىلدەك ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئىش ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئىش ئۈنۈمى بىراقلا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. جۇڭگو دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەت. شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ ئالدىنقى 30 يىلدەك ۋاقىتنىڭ مابەينىدە ئىقتىسادىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇپ مېڭىشى خۇددى بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئەڭ سېمىز ئوقۇغۇچى 100 مېتىرغا تېز يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ئۇتۇپ چىققانغا ئوخشاش بىر ئىش. بۇنداق نەتىجە ئەركىن بازار ئىقتىسادىدىن كېلىپ چىقتى.**

**3-سوئال: 1978-يىلدىن 2004-يىلغىچە جۇڭگونىڭ GDP سى 147.3 مىليارد دوللاردىن 1.6 ترىليون دوللارغا تەرەققىي قىلدى. تاشقى سودا قىممىتى 20.6 مىليارد دوللاردىن 1.15 ترىليون**

دوللارغا كۆپەيدى. بۇ ئىقتىسادنىڭ ھەر يىلى 16 پىرسەنت ئۆسكىنىگە باراۋەر كېلىدۇ. GDP نىڭ بولسا ھەر يىلى 9.4 پىرسەنت ئۆسكىنىگە توغرا كېلىدۇ. چەت ئەللەر بىلەن مالىيە ئالماشتۇرۇش زاپاس پۇل مىقدارى 167 مىليون دوللاردىن 609.9 مىليارد دوللارغا ئۆستى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ھازىرمۇ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. پۈتۈن ئاسىيا ئەللىرى ھازىر ئەركىن بازار ئىقتىسادىنى يولغا قويۇپ، ئوتتۇرا-سىنىپ پۇقرالىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. مانا بۇلار سىزنىڭ كىتابىڭىزدا يېزىلغان مەزمۇنلار. مۇشۇ ھەقتە ئازراق چۈشەنچە بەرگەن بولسىڭىز.

جاۋاب: ھەقىقەتەنمۇ جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ ھەر ئىككىسىدە ناھايىتى كۆپ ئوتتۇرا سىنىپ تەبىقىلىرى ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ تەبىئىي ھالدا دۇنيانىڭ تارتىش كۈچى مەركىزىنى ئاسىياغا يۆتكەيدۇ. جۇڭگودىكى ئوتتۇرا سىنىپ تەبىقىسىنىڭ سانى ھازىر 300 مىليوندىن ئاشىدىغان بولۇپ، بۇ سان ئامېرىكىنىڭكىدىنمۇ ئۇستۇن تۇرىدۇ. كۆپىنچە ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق. ئوتتۇرا سىنىپ تەبىقىلىرىنىڭ ئېنىقلىمىسىنىڭ ئۆزىلا «مەسئۇلىيەتچان مەنپەئەت ئىگىلىرى» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ جۇڭگونىڭمۇ بىر مەسئۇلىيەتچان دۆلەت بولۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاسىيانىڭ تەرەققىياتى بىلەن دۇنيا تېخىمۇ خەتەرلىك بولۇشقا ئەمەس، تېخىمۇ بىخەتەر بولۇشقا مېڭىۋاتىدۇ. بۇ نۇقتىنى غەربتىكى كىشىلەرگە كۈچەپ تەشۋىق قىلىش كېرەك. ھازىر غەرب رەھبەرلىرى نۇتۇق سۆزلىگەندە، سۆزىنى داۋاملىق «بىز ھازىر دۇنيانى تېخىمۇ خەتەرلىك قىلىشقا، تەھدىتلەرنى يەنىمۇ كۆپەيتىشكە قاراپ كېتىۋاتىمىز» دېگەندىن باشلايدۇ. بۇ گەپ توغرا ئەمەس. جۇڭگو، ھىندىستان ۋە باشقا ئاسىيا ئەللىرىدە ئوتتۇرا سىنىپ تەبىقىلىرى سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، دۇنيا بۇرۇنقىدىن بەكرەك تىنچ بولۇشقا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا غەرب ئاسىيانىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى قارشى ئېلىشى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنماسلىقى كېرەك.

4-سوئال: كىتابىڭىزدا 2000-يىلى 56 ملڭ كىشىنىڭ ئوتتۇرا سىنىپ تەبىقىسىگە تەۋە بولغان بولۇپ، بۇ سان 2030-يىلى 361 مىليون كىشى ئاشۇ تەبىقىگە تەۋە بولىدۇ، دەپسىز. ھەممە تەبىئىي-پەن ۋە تېخنولوگىيە ساھەسىدە ئاسىيادا زور ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپسىز. مۇشۇ ھەقتە ئازراق چۈشەنچە بەرگەن بولسىڭىز.

جاۋاب: مەن كىتابىم ئۈچۈن ئىزدىنىش جەريانىدا ئامېرىكىدا چىقىدىغان «ئىقتىساد» ژۇرنىلىنىڭ ئاسىيادىكى تەبىئىي-پەن ۋە تېخنولوگىيە ساھەسىدىكى ئۆزگىرىشى ھەققىدە توختالغان بىر پارچە ماقالىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە 2010-يىلغا بارغاندا ئامېرىكىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 90 پىرسەنتى ئاسىيالىقلار بولىدىكەن. بۇ سان 85 ياكى 80 پىرسەنت بولغاندىمۇ، ئۇ بىر ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇرۇن غەربنىڭ دۇنيانى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇپ، دۇنيانى بېسىۋېلىپ يۈرەلىشىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ ئىلىم-پەن ۋە تېخنولوگىيىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىدا. بۈگۈن ئاسىيالىقلار «بىزمۇ شۇنداق قىلالايدىكەنمىز» دېگەننى بايقاۋاتىدۇ. بۇ ئاسىيادىكى ئۆزگىرىشنىڭ بىر رېئال ۋەقە ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ دۇنيا تارىخىدا بىر تۈپ ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاسىيالىقلارنىڭ ئىلىم-پەن ۋە تېخنولوگىيىنى ئىگىلەش دەرىجىسى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

5-سوئال: كىتابىڭىزدا يەنە مۇنداق دېيىلىپتۇ: ئاسىيادىكىلەرنىڭ يۇقىرى تېخنولوگىيە بۇيۇملىرىنى

ئېكسپورت قىلىشى 1980-يىلى دۇنيا ئېكسپورتىنىڭ 7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. 2001-يىلىغا بارغاندا 25 پىرسەنتكە ئۆستى. مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ ئېكسپورت نىسبىتى 31 پىرسەنتتىن 18 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى. 1983-يىلدىن 2003-يىلغىچە ئامېرىكىدا تەبىئىي-پەن ۋە ئىنژېنېرلىق كەسپلىرىدە بېرىلگەن دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىگە جۇڭگو، تەيۋەن، ھىندىستان ۋە جەنۇبىي كورېيە قاتارلىق 4 ئاسىيا دۆلىتىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئېرىشتى. سىز كىتابىڭىزدا يەنە «زامانىۋىلىقتا قەدەم تاشلاش» ۋە «تالانت ئىگىلىرىنى دۇنيا جەمئىيەتلىرىگە سوۋغات قىلىش» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىپسىز. مۇشۇ ھەقتە ئازراق چۈشەنچە بەرگەن بولسىڭىز.

جاۋاب: سىز كىتابىمدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئىككى نۇقتىنى تىلغا ئالدىڭىز. ئۇنىڭ بىرى زامانىۋىلىقتا قەدەم تاشلاش. مۇشۇ ئىش ھازىر دۇنيانى تېخىمۇ بىخەتەر جايغا ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ. ئاسىيادا ئالدى بىلەن ياپونىيە تەرەققىي قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن «4 يولۋاس» چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىمۇ قەد كۆتۈردى. شۇ چاغدا جۇڭگو رەھبىرى دېڭ شياۋپىڭ ئەتراپقا قاراپ، «نېمىشقا جۇڭگونىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى تەرەققىي قىلىپ، پەقەت بىزلا تەرەققىي قىلالمايمىز؟» دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگومۇ زامانىۋىلىقتا قەدەم تاشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستانمۇ «بىزمۇ جۇڭگودىن قېلىشمايمىزغۇ؟ بىز نېمىشقا تىرىشمايمىز» دېيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھىندىستانمۇ تېز تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

زامانىۋىلىقتا قەدەم تاشلاش ھازىر ئىسلام دۇنياسىغا كىرىشكىمۇ باشلىدى. بۇ بىر ئىنتايىن چوڭ خوش خەۋەر. ئەگەر ئىسلام دۇنياسىدىكى رەھبەرلەر ۋە ئوتتۇرا سىنىپ تەبىقىلىرىمۇ «بىزنىڭ غايىمىزمۇ جۇڭگو ۋە ھىندىستاندەك بولۇش» دەپ ئىش تۇتىدىكەن، ئۇلارمۇ بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋە زامانىۋىلاشقان ئىقتىسادنى بەرپا قىلالايدۇ. ئەگەر ئىسلام دۇنياسىمۇ ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئوتتۇرا سىنىپ تەبىقىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە باشلىسا، دۇنيا بارغانسېرى بىخەتەرلىككە يۈزلىنىدۇ. ئۇلارمۇ مەسئۇلىيەتچان مەنپەئەت ئىگىلىرىگە ئايلىنىپ، نەتىجىدە ھەممىمىز ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ.

سىز تىلغا ئالغان 2-نۇقتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئاسىيادا ئەزەلدىن يۈز مىليونلىغان ئەقىل ئىگىلىرى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلمىدى. ئەنئەنىۋى ئاسىيا مەدەنىيىتىدە تۇغۇلۇش بىر خىل مەنزىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھىندىستاندا بىر ئادەم مەلۇم بىر تەبىقىدىكى ئائىلىدە تۇغۇلۇپ قالىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭدىن مەڭگۈ باشقا بىر تەبىقىگە ئالمىشالمايدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە مىليونلىغان ئەقىل ئىگىلىرى ئىسراپ قىلىنىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئەھۋال ھازىر ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ھازىر ئوخشىمىغان تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تىرىشىپ ئوقۇپ، ھەر خىل يۇقىرى ئورۇنلاردا ئىشلەشكە باشلىدى. ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلۇشقا باشلىدى.

6-سوئال: سوغۇق ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، ئاسىيا ئەللىرى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغاندا، بەزىلەر «ئاسىيادا دۆلەتلەر كۆپ، مىللەتلەر كۆپ. ئۇلارنىڭ كۈچىيىشى بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز-ئارا توقۇنۇشلارنىڭ بولۇپ تۇرۇشى بىر نورمال ئەھۋال بولىدىغان بىر يېڭى دەۋر باشلىنىدۇ.» دېگەندەك پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما ئۇنداق ئىشلار يۈز بەرمىدى. سىزچە بۇ نېمە ئۈچۈن؟

جاۋاب: ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ئالىي مەكتەپلەر ئاسىيا ھەققىدىكى كونا مەزمۇنلارنى دەرس قىلىپ سۆزلەشنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئاشۇنداق مەزمۇنلارنىڭ بىرى «ياۋروپانىڭ ئۆتمۈشى ئاسىيانىڭ كەلگۈسى بولىدۇ»، دېگەندىن ئىبارەت. بۇ «ياۋروپا نەچچە ئەسىرنىڭ مابەينىدە

بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپلا كەلگەن، ئەمدى نۆۋەت ئاسىياغا كەلدى. ئاسىيا ئەللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇشنى باشلايدۇ.» دېگەننى كۆرستىدۇ. ياۋروپالىقلار ھېكمىتىنىڭ 7 تۈۋرۈكى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى «تىنچلىق مەدەنىيىتى» دىن ئىبارەت. ئاسىيالىقلار ئاشۇ ھېكمەتنى ئۆگەندى. ياۋروپا بىرلىكى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيلىشىش تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ياۋروپا بىرلىكىگە تەۋە ئەللەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشنىڭ سانى نۆل بولۇپلا قالماستىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ قېلىش ئېھتىماللىقمۇ ھازىر نۆلگە تەڭ. بۇ ئىنسانلار ھازىرغىچە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ئىچىدىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان غەلىبىلەرنىڭ بىرى. ئاسىيالىقلار بۇ خىل ئەھۋالنى تەتقىق قىلدى. بۇ خىل ئەھۋالدىن ئۆگەندى. ھازىر ئاسىيادا يۈز بېرىۋاتقان ئۇرۇشلارنىڭ سانىمۇ نۆلگە تەڭ بولۇپ، شەرقىي ئاسىيادىمۇ بىرەر ئۇرۇش مەۋجۇت ئەمەس. مېنىڭ پەرىزىمچە ئاسىيانىڭ ھازىرقى يۈزلىنىشى ئاسىيادا بۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىمۇ نۆل پىرسەنتكە چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت.

**7-سوئال: بۇ ئاسىيادا ئوتتۇراھال سىنىپ تەبىقىسىنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئاسىيانىڭ زامانىۋىلىقتا قەدەم تاشلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟ ئاسىيادا ئۇرۇش پارتلاپ قېلىشنىڭ بىرەر ئامىللىرىمۇ مەۋجۇتمۇ؟**

ھازىر ئاسىيادا ئاقىلانىلىكنىڭ چوڭ دولقۇنى ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ. ئاسىيادىكى يېڭى ئەۋلادلار ھاياتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋاتىدۇ. يۇتيۇب ۋە گۇگۇل قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىش ھازىر ئاسىيادا كەڭ تۈردە ئومۇملاشتى. تېز سۈرئەتلىك ئىنتېرنېتنىڭ يولغا قويۇلۇشى جەھەتتە ھازىر ئاسىيا ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ھازىر ئاسىيا ھەقىقەتەنمۇ زامانىۋى دۇنيا بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. بۇنداق بىر دۇنيادا ئۇرۇش پارتلاشنىڭ ئۇرۇقى ئۆسۈپ چىقالمايدۇ. ئىراق ئۇرۇشى ھازىرقى زاماندا ئۇرۇشنىڭ بىر خاتا نەرسە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك ھالدا ئىسپاتلاپ بەردى. دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ باي بىر دۆلەتنىڭ ئاران 20 مىليون نوپۇسى بار بىر كىچىك دۆلەتكە تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇنى بېسىپ ئالالمايدىغانلىقىنى پۈتۈن دۇنيا كۆردى. بۇ بۇگۈنكى كۈنلەردە ئۇرۇشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن ئاسىيا ئەللىرى دۆلەت مۇداپىئە ۋە ھەربىي خىراجەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆستۈرۈپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار ئۇرۇشتىن ساقلىنىشقىمۇ قاتتىق تىرىشىدۇ.

**8-سوئال: چەت ئەلگە قارىتىلغان سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشتا سىز جۇڭگونى بىر مودېل ياكى بىر ئۈلگە ھېسابلامدىكەنسىز. ئۇلارنىڭ سىياستى ئاسىيانى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئاسىيا مۇقىملىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق، دەپ قارامدىكەنسىز. مۇشۇ ھەقتە ئازراق چۈشەنچە بەرگەن بولسىڭىز.**

جاۋاب: مەن گېئو-سىياسىي ئىشلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارى (**geo-political competence**) نىڭ بىر يېڭى كۆرسەتكۈچىنى تۈزۈپ چىقاي، دەپ ئويلاۋاتىمەن. بۇ كۆرسەتكۈچ بويىچە بولغاندا بىز دۆلەت ھاكىمىيەتلىرىگە بىردىن 10 غىچە نومۇر قويىدىغان بولۇپ، مەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا 2 نومۇر بېرىمەن. چۈنكى ئۇلار يەر يۈزىدىن غايىب بولدى. ياۋروپا بىرلىكىگە 4 نومۇر بېرىمەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ چېگرالىرى بىخەتەر ئەمەس. ئامېرىكىغا 6 نومۇر، جۇڭگوغا

بولسا 8 ياكى 9 نومۇر بىرىمەن. مېنىڭ جۇڭگوغا 8 ياكى 9 نومۇر بېرىشىمنىڭ سەۋەبى مۇنداق: پۈتۈن ئىنسان تارىخىدا، بىر دۆلەت يېڭىدىن بىر دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك دۆلەت ئورنىغا چىقىشقا قاراپ ماڭغاندا، سۈركىلىش ۋە ئەندىشىنىڭ دەرىجىسىمۇ يۇقىرىلاپ ماڭغان ئىدى. ئەمما جۇڭگو بىر ناھايىتى چوڭ كۆلەملىك تەرەققىياتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ھېچ قانداق بىنورمال ۋەقەلەرنى پەيدا قىلمايۋاتىدۇ. بۇ بىر ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىلىك گېئو-سىياسىي ئىقتىدارنى تەلەپ قىلىدۇ. جۇڭگو مەلۇم بىر ۋاقىتقا كەلگەندە ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنى چەكلەشكە ئۇرۇنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇنى بىلىش ناھايىتى چوڭ ئەقىل تەلەپ قىلىپمۇ كەتمەيدۇ. جۇڭگو بولسا ئاشۇنداق بىر ۋاقىتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ساقلاپ ئولتۇرماي، ھۇجۇمنى ئالدى بىلەن ئۆزى باشلىدى. ئۇ ھۇجۇم بولسىمۇ تىنچلىق ۋە گۈللىنىشنى ئۆز ئەتراپىدىكى ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىشتىن ئىبارەت. مۇشۇ ئەھۋال ھازىر دۇنيادا ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتنىڭ ياۋروپادا ئەمەس، ئاتلانتىك ئوكيانىدا ئەمەس، شىمالىي ئامېرىكىدا ئەمەس، بەلكى جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى بولۇشىنى بەلگىلىگەن. جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ۋە جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى گېئو-سىياسىي مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە ئېلىنغان قارارلار ھەقىقەتەنمۇ ئاقىلانە بولدى. جۇڭگونىڭ شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى بىلەن ئەركىن سودا كېلىشىمى تۈزۈشىمۇ ئۇ ئالغان ئەڭ ئاقىلانە قارارلارنىڭ بىرى. شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيادا 500 مىليون نوپۇس بار. سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇ دۆلەتلەردىن ئامېرىكا پايدىلاندى. ئەمدىلىكتە بولسا جۇڭگو ئۇلار بىلەن ئەركىن سودا كېلىشىمى تۈزۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يالغۇز لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماي، ئۇنى بىر رېكورت ھېسابلىنىدىغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تاماملاپ بولدى. ھەمدە ئۆزى شەرقىي-ئاسىيا ئەللىرىگە ئالدى بىلەن ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەركىن سودا ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى. ئەگەر ياۋروپامۇ ئافرىقىغا ئاشۇنداق يول تۇتقان بولسا، ئافرىقىنىڭ ئەھۋالى ھازىرقىدىن كۆپ تىنچ بولغان بولاتتى. ھازىر جۇڭگو قىلىۋاتقان ئىشلارنى ياۋروپا ھازىرمۇ قىلالمايدۇ. بۇ جۇڭگونىڭ ھازىر قانچىلىك ئالدىدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. جۇڭگو ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك گېئو-سىياسىي ئىقتىدارنى نامايان قىلدى.

**9-سوئال: غەربنىڭ ئۆگىنىدىغىنى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاسىيانىڭ ئۆگىنىدىغىنىمۇ ناھايىتى كۆپ. ھازىر غەرب ئۆگىنىشنى توختىتىپ، ئاسىيا بولسا ئۆگەنگەنلىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. بۇ مەسىلىگە سىز قانداق قارايسىز؟**

جاۋاب: غەربتىكى بۇرۇنقى ئەۋلادلار يېڭىلىققا قۇچاق ئېچىپ، يېڭىلىقنى ئۆگىنىشكە ئىنتىلىپ، تەجرىبە قىلىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ھازىر غەربتە ياشاۋاتقان كىشىلەر بىر تاغنىڭ ئۈستىدە ياشاۋاتقان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ تاغقا چىقىش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزلىرى ياشايدىغان تەبىئىي ئورۇن تاغنىڭ ئۈستى، دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھاكاۋۇر، مەغرۇر، ۋە دۇنيادىكى قالغان كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئادەملەرگە ئايلاندى. ئۇلار ھازىر دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ تاغقا يامىشىپ چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۆۋەنگە قاراپ، «نېمىشقا سىلەر بىر كېچىدىلا دېموكراتىك دۆلەتلەرگە ئۆزگەرمەيسىلەر؟»، دەپ سوراۋاتىدۇ.

ئامېرىكىنى ئالساق، ئۇ 1776-يىلى ھەممە ئادەملەرنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر پرىنسىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشى ئۈچۈن 100 يىل ۋاقىت كەتتى. ئاياللارنىڭ سايلام ھوقۇقىنى يولغا قويۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە 150

يىلدەك ۋاقىت كەتتى. قارا تەنلىكلەرگە سايلام ھوقۇقى بېرىش ئۈچۈن 200 يىلدەك ۋاقىت كەتتى. ئامېرىكا ئۈچۈن تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىشقا ئاشۇنداق ئۇزۇن ۋاقىت كەتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار باشقا دۆلەتلەردىن بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگنىڭ ئۆزگىرىش نۇقتىسى دەل مانا شۇ. شۇڭلاشقا ھازىر شەرقتىكىلەر غەربتىكىلەردىن كەلگەن لېكسىيە-تەربىيىلەرگە ناھايىتى روشەن ھالدا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇلار غەربلىكلەرگە «بىزگە تەربىيە بېرىمەن دېمەي، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ جەمئىيىتىنى ئوڭشىغىن، بىزگە نېمە ئىش قىلىشنى ئۆگىتىمەن دېمىگىن، ئۆزۈڭنىڭ قانداق قىلىۋاتقىنىغا قاراپ باقىن»، دەۋاتىدۇ.

**10-سوئال: كىتابىڭىزدا ئامېرىكىنىڭ ياپون ئۇرۇشى بىلەن ئىراق ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلىش ئەھۋالىدىكى پەرقلەرنى بايان قىلىپسىز. مۇشۇ ھەقتە ئازراق سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.**

جاۋاب: ئامېرىكا 1945-يىلى ياپونىنى بېسىۋالغان. 2003-يىلى ئىراقنى بېسىۋالدى. بۇ ئىككى ۋەقەدىكى ئەڭ چوڭ پەرق شۇكى، ياپونىيەنى بېسىۋېلىشقا ئەۋەتىلگەن كىشىلەردىن ياپونىيە مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش تەلەپ قىلىنغان. شۇ چاغدا ئېلىنغان ئەڭ ھالقىلىق قارارلارنىڭ بىرى ياپونىيە پادىشاھىنى سوتقا تارتماسلىق. ھەقىقەتەنمۇ ئۇ چاغدا ياپونىيەنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بىر قىسىم ئىنتايىن مۇھىم قۇرۇلمىلارنى ساقلاپ قېلىش ئىدى. شۇڭلاشقا ياپونىيەگە ئەۋەتىلگەن ھەربىي قوشۇن ئادەملىرى ياپونىيەنىڭ تارىخى بىلەن ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشەنمىسە بولمايتتى.

ئەمما، ئىراققا ئەۋەتىلگەن ھەربىي قوشۇن ئادەملىرى ئەڭ ھاكاۋۇر كىشىلەردىن تەركىب تاپتى. ئۇلار ئىراقنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئالدىن چۈشىنىۋېلىشنى پۈتۈنلەي بىر تەرەپكە قايرىپ قويدى. ھەمدە ئىنتايىن زىيانلىق قارارلارنى ئالدى. پۈتۈن ئوتتۇراھال سىنىپ تەبىقىلىرى ۋە رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى چۆرۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ۋەيران قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1942-يىلى ياپونىيە سىنگاپورنى بېسىۋالغاندا، ياپونلۇق تاجاۋۇزچىلار ئىنتايىن ۋەھشىي ئۇسۇللارنى قوللاندى. ئەمما، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگلىيەنىڭ سىنگاپوردا تۇرۇشلۇق مۇستەملىكە ئىش بېجىرىش ئىدارىسىنىڭ داۋاملىق ھالدا بۇرۇنقىدەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ياپونلار سىنگاپوردىكى مەدەنىيەت ئورۇنلىرىغىمۇ چېقىلمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئامېرىكا ئىراقنى بېسىۋالغاندا، كىشىلەرنىڭ ئىراقتىكى ھەر خىل ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي ۋە مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىغا يول قويىدى. باغدات مۇزېيخانىسىدىكى قەدىمىي بايلىقلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا يول قويىدى. بۇ ئۈچىگە چىققان قابىلىيەتسىزلىك. مېنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرغان بىر ئىش شۇكى، شۇنچىۋالا يامانلىقلار يۈز بەرسىمۇ، ئامېرىكا دۆلەت ئەمەلدارلىرى ئىچىدىن «بىز نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا قابىلىيەتسىز بولۇپ قالدۇق؟ بىزگە نېمە بولدى؟» دەپ سوراپ باقىدىغانلار چىقمىدى. بۇنداق ئەھۋالنى غەربلىكلەرنىڭ قەلبىدە شەكىللىنىۋاتقان ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ھاكاۋۇرلۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنداق ئىدېئولوگىيە ھاكاۋۇرلۇقنى چوقۇم يوقىتىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا ئۇ غەربلىكلەرنىڭ ھازىرقى رېئال دۇنيانى توغرا چۈشىنىشىدىكى بىر توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ.

**11-سوئال: بىز سوغۇق ئۇرۇشتا غەلىبە قازاندۇق. ئەمما ھازىر ئۇ ئىش ھەققىدە خاتا**

**چۈشەنچىلەر بار. سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە بۈگۈندىن كېيىن بىز ئۆزىمىزنى باھالاشتا ئەمەل قىلىشىمىزغا تېگىشلىك يېڭى پرىنسىپلار قايسىلار؟**

جاۋاب: سوغۇق ئۇرۇش ئاخىرلاشقان ۋاقىتتىن تارتىپ غەربتە ھەقىقەتەنمۇ بىر چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىك ئىدىيىسى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ بىر سىر ئەمەس. مەن ياۋروپاغا يىغىنلارغا بارغاندا كىشىلەردىن «ھازىر ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئىككىلا دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۈچ قالدى. بۈگۈندىن كېيىن دۇنيا تەرتىپىنى بىز بەلگىلەيمىز» دېگەن گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىدىم. غەربتىكىلەر سوغۇق ئۇرۇشى غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، بۇ ئۇرۇشتا قانداق قىلىپ غەلىبە قىلالىغانلىقىنى ئۇنتۇلۇپ قالدى. غەربلىكلەر سوغۇق ئۇرۇشتا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىگە تايىنىپ غەلىبە قىلمىدى، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سىستېمىسىغا تايىنىپ غەلىبە قىلدى. بۇ ئىككى سىستېمىنىڭ قايسىسىنىڭ بەكرەك ئەۋزەل ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ھەقىقىي سىناق سوغۇق ئۇرۇشتىن كېيىن ئاندىن مەيدانغا چىقتى. يەنى، رۇسىيە بىلەن جۇڭگو باشقا-باشقا يول تۇتقاندىن كېيىن ئاندىن مەيدانغا چىقتى. گورباچېۋ غەربلىكلەرنىڭ ئىدىيىسىگە ئىشىنىپ كېتىپ، ئىقتىسادىي سىستېمىنى ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇن سىياسىي سىستېمىنى ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن رۇسىيەدە بىر چوڭ ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىقنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن رۇسىيەلىكلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ ئۆمرىمۇ قىسقىراپ كەتتى. ھەر خىل ئىجتىمائىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ قىممىتى مىنۇس بولۇپ قالدى. رۇسىيەلىكلەر قاتتىق قىينالدى. 1990-يىللىرى رۇسىيەلىكلەر ئەنە شۇنداق قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسىمۇ، غەربلىكلەر ئۇلارغا «سىلەر سىياسىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىپ بەك ياخشى قىلدىڭلار»، دەپ چاۋاك چېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن رۇسىيەلىكلەر غەربلىكلەرگە چىش-تىرنىقى بىلەن ئۆچ بولۇپ كەتتى.

جۇڭگو بولسا رۇسىيەلىكلەرنىڭكىگە قارىمۇ-قارشى يول تۇتتى. دېڭ شياۋپىڭ «مەسىلە سىياسىي تۈزۈمدە ئەمەس، ئىقتىسادىي سىستېمىدا. بىز ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي سىستېمىنى ئوڭشايلى»، دېدى. جۇڭگو ئىقتىسادىي سىستېمىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ناھايىتى زور ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئېرىشتى. يەنى، جۇڭگو غەربلىكلەرنىڭ سوغۇق ئۇرۇشتا قانداق قىلىپ ئۇتۇپ چىققانلىقىنى ھەقىقىي تۈردە توغرا چۈشەندى. سىياسىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي سىستېمىنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتەلىدى.

**12-سوئال: سىز كىتابىڭىزدا جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ «ئەركىنلىك» ھەققىدىكى ئېنىقلىمىلىرىدا پەرق بارلىقىنى تىلغا ئېلىپسىز. مۇشۇ ھەقتە ئازراق سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.**

جاۋاب: ئەگەر جۇڭگولۇقلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ قاراپ باقىدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇش خىراجىتى بىر دوللاردىن كەم بولۇپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش يولىدا تىركىشىۋاتقانلىقىنى بايقايسىز. بۇنداق ئەھۋالدا سىزدە سىياسىي ئەركىنلىك ۋە سايلام ھوقۇقىنىڭ بار-يوقلۇقى ئانچە مۇھىم ئەمەس. جۇڭگولۇقلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ئۇلار ئالدىنقى 150 يىلنىڭ ئىچىدە چەت ئەل تاجاۋۇزلىرىغا ئۇچرىدى. ئەنگلىيەلىكلەر جۇڭگوغا كېلىپ، «بىز سىلەردىن چاي سېتىۋالىمىز، ئۇنىڭ ئورنىغا سىلەر بىزدىن ئەپيۇن سېتىۋېلىڭلار»، دېدى. جۇڭگولۇقلار «ياق» دېسە، ئەنگلىيەلىكلەر ئۇلارنى بومباردىمان قىلدى. جۇڭگونىڭ بىر قىسىم زېمىنىنى بېسىۋالدى. ھەممە جۇڭگولۇقلارنى ئەپيۇن سېتىۋېلىشقا مەجبۇرلىدى. قىسقىسى، ئالدىنقى 150 يىلنىڭ ئىچىدە جۇڭگولۇقلار ناھايىتى ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمدى ناھايىتى تەسلىكتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ

**تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە باشلىدى. جۇڭگودا كۈنلۈك تۇرمۇش سەۋىيىسى بىر دوللاردىن تۆۋەن بولغان نوپۇسنىڭ سانى 600 مىليوندىن 200 مىليونغا چۈشتى. يەنى، ئامېرىكا نوپۇسىدىن كۆپرەك بولغان 400 مىليون نوپۇسنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدە ناھايىتى زور دەرىجىدە يۇكسىلىش بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر قىسىم ئەركىنلىككە ئېرىشتى. يەنى، ئۇلار ئەمدى ھاياتلىقنى ساقلاش يولىدا ئىشلىشىمىسمۇ بولىدىغان بولدى. ھەر خىل تاللاشلارغا ئىگە بولدى. نەدە ئىشلەشنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدىغان بولدى. ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن تېلېۋىزورلارنى سېتىۋالالايدىغان بولدى. ساياھەت قىلالايدىغان بولدى. بۇ تۇرمۇشتىكى غايەت ئۆزگىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.**

**بىر خەلقنىڭ ئەركىنلىكى بار-يوقلۇقىنى ئۆلچەيدىغان ھەقىقىي سىناق ئۇلارنىڭ چەت ئەللەرگە چىقىشىغا يول قويۇلغاندا ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىش-كەلمەسلىكىدۇر. ئەگەر جۇڭگو ئىشكى تاقالغان، قاراڭغۇ ۋە ئەزگۈچى بىر جەمئىيەت بولغان بولسا، چېگرادىن ئايرىلغان جۇڭگولۇقلار ۋەتىنىگە ھەرگىزمۇ قايتىپ كەلمىگەن بولاتتى. ئەمما ھازىر ھەر يىلى 20 مىليوندىن كۆپ جۇڭگولۇقلار چەت ئەلگە چىقىپ، يەنە ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ، جۇڭگولۇقلاردا يېتەرلىك دەرىجىدىكى ئەركىنلىك بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. جۇڭگولۇقلار ھازىرمۇ ئامېرىكىلىقلاردەك سىياسىي ئەركىنلىكلەرگە ئىگە ئەمەس. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھازىرقىدەك سىياسىي ئەركىنلىكلەرگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن 200 يىلدىن كۆپ ۋاقىت كەتتى. جۇڭگولۇقلارغا بىرەر 100 يىل ۋاقىت بەرسەك، ئۇلار ئامېرىكىلىقلار ئېرىشكەن نەرسىلەرگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن.**

**ئامېرىكىلىقلار داۋاملىق ئۆزلىرىنى ئەركىنلىكنىڭ بىردىن-بىر قوغدىغۇچىلىرى ھېسابلايدۇ. ئەمما، 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن مەدەنىيەتلىشىشنىڭ ئاجىزلىشىشىغا قاراپ بېقىڭ. ئامېرىكىنىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلىك قانۇنى» نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش جەريانىغا قاراپ بېقىڭ. ئۇلار، ئامېرىكىلىقلارمۇ بىرەر تەھدىتكە دۇچ كەلگەندە ئۆزلىرى پەخىرلىنىدىغان بىر قىسىم ئەركىنلىكلەردىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكا قىلغان، ئادەمنى ھەممىدىن بەك چۆچۈتىدىغان ئىش تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەرنى قىيناشتىن ئىبارەت. بۇ ئىش پۈتۈن دۇنيانى چۆچۈتتى. قانداق قىلىپ ئۆزىنى ئەركىنلىكنىڭ سىمۋولى، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ سىمۋولى ھېسابلايدىغان بۇ زېمىن ئارقىغا چېكىنىپ، جىنايەتچىلەرنى قىيناش ئىشنى يولغا قويىدىغان بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ خۇددى ئامېرىكا ئارقىغا چېكىنىپ، قۇللۇق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىك بىلەن ئوخشاش ئىش. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى باشقا ئەللەر ئامېرىكىغا «سىلەرنىڭ ئەمدى ئازراقمۇ باشقىلارغا كىشىلىك ھوقۇق ھەققىدە تەلىم بېرىدىغان ئەخلاقىي نوپۇزۇڭلار قالمىدى. چۈنكى، سىلەر ئۆزۈڭلار بېكىتكەن سىناقتىن ئۆتەلمىدىڭلار.» دەيدىغان بولدى.**

**13-سوئال: سىز كىتابىڭىزدا غەربنىڭ يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن ئىككى يۈزلىمىلىك قىلمىشلىرىنى ئانالىز قىلىپسىز. غەربنىڭ خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا قاراتقان پوزىتسىيىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپسىز. ھەقىقەتەنمۇ ئاسىيالىقلار ئامېرىكىنىڭ قانۇنسىز قىلمىقلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى غەربلىشىشتىن بىر چەتكە ئېلىش ئەھۋالى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. سىز بىرەيلەننىڭ مۇنداق سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپسىز: «غەرب خەلقئارا تەشكىلاتلار، ھەربىي كۈچ ۋە ئىقتىسادىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىپ، دۇنيانى غەربنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلايدىغان، غەربنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدىغان ۋە غەربنىڭ سىياسىي قىممەت قارىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر تەرىقىدە باشقۇرۇۋاتىدۇ.» سىزچە بۇ بىر**

**يېڭى يۈزلىنىشمۇ؟**

جاۋاب: ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئاسىياغا يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، غەرب ھازىر بىر قىسىم يېڭى ۋە چوڭ قارارلارنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار ھازىر كۆپلىگەن خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردىكى ھۆكۈمران ئورنىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت قىسقا مۇددەتلىك مەنپەئەتنى بىلەن بىر مۇقىم خەلقئارالىق تەرتىپنى ساقلاشتىن ئىبارەت ئۇزۇن مۇددەتلىك مەنپەئەتتىن بىرىنى تاللاش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. بىر مۇقىم دۇنيا تەرتىپىنى ساقلاپ مېڭىش ئۈچۈن يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن چوڭ كۈچكە مۇھىم خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردىكى بىر قىسىم مۇھىم ئورۇنلارنى ئۆتكۈنۈپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ھەر قانداق بىر ئەلنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى باشقىلارغا ئۆتكۈنۈپ بېرىشى بىر ئىنتايىن قىيىنغا توختايدىغان ئىش. مەسىلەن، ھازىر دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك ئىقتىسادىي خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردىن ئىككىسى بار. ئۇلارنىڭ بىرى دۇنيا پۇل تەشكىلاتى، يەنە بىرى بولسا دۇنيا بانكىسى. ئەمما ھازىر «دۇنيا پۇل تەشكىلاتىغا پەقەت ياۋروپاغا تەۋە بىر دۆلەتلا رەئىس بولالايدۇ»، ۋە «دۇنيا بانكىسىغا پەقەت ئامېرىكىلا رەئىس بولالايدۇ»، دەيدىغان تۈزۈم بار. گەرچە ئاسىيادا 3.5 مىليارد نوپۇس بار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى تەشكىلاتقا رەئىس بولۇشقا شەرتى توشمايدۇ. بۇ بىر ئاجايىپ ئىش. ھازىر ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى ئەڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ئاسىيانىڭ چەت ئەل پۇلى زاپىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ، ھەمدە ئاسىيالىقلار كارخانىچىلىقتا ئىشنى باشقا يەرلەر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئېلىپ ماڭالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بولدى. شۇنداق بولسىمۇ ئاسىيالىقلارنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى تەشكىلاتقا باشلىق بولۇش سالاھىيىتى يوق. بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ باشلىقلىرى 2007-يىلى بىر قېتىم ئالماشقان بولۇپ، يېڭى باشلىقلار يەنىلا بۇرۇنقى تۈزۈم بويىچە بېكىتىلدى. ئەسلىدە ھېلىقى تۈزۈملەر يېڭى ئەھۋاللارغا ئاساسەن بىر ئاز تەڭشەلگەن بولسا ياخشى بولاتتى.

يەنە بىر مىسال ئۈچۈن ب د ت نىڭ دائىمىي بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ھازىر ئۇنىڭغا ئەزا بولغان ئەللەر بۈگۈنكى چوڭ دۆلەتلەر ئەمەس، كەلگۈسىدىكى چوڭ دۆلەتلەرمۇ ئەمەس، بەلكى بۇرۇنقى چوڭ دۆلەتلەر. ئۇنىڭغا ئەزا بولۇشنىڭ بىردىن-بىر شەرتى سىز چوقۇم 1-دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۇتقان، ياكى 1945-يىلىدىكى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۇتقان بىر دۆلەت بولۇشتەك قىلىدۇ. بۇنداق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەك. 2009-يىلى ياۋروپا بىرلىكى بىر ئورتاق تاشقى ئىشلار سىياسىتىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى. شۇنداق بولغانىكەن، ب د ت نىڭ دائىمىي بىخەتەرلىك كومىتېتىدا ياۋروپا بىرلىكىگە ئەزا دۆلەتلەردىن پەقەت بەرسىلا بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما ھازىر ئەنگلىيە بىلە فىرانسىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت بار. ھازىر بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ھېچ قايسىسى ئۆز ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايدۇ.

**14-سوئال: مەن سىزنىڭ سۆزىڭىزنى مۇنداق چۈشەندىم: ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەقىقىي خەۋپ غەربنىڭ يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كېلىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ ماڭالماسلىقى. سىزچە بۇنداق ئەھۋال نېمە ئۈچۈن يۈز بېرىدۇ؟**

جاۋاب: بىز ھازىر دۇنيا تارىخىدىكى بىر ئەڭ پىلاستىك دەۋرگە قەدەم قويىدۇق. بىز ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان كۆلەمدىكى چوڭ كۈچلەرنىڭ ئالمىشىشىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇ خىلدىكى چوڭ كۈچلەرنىڭ ئالمىشىشى يۈز بەرگەندە، بىز ئۆزىمىزنى شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان قىلىپ تەڭشىشىمىز، ھەمدە بىر قىسىم يېڭى ئەھۋاللارغا يول قويۇشىمىز كېرەك. غەرب نەچچە ئەسىرنىڭ مابەينىدە دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ

كەلدى. ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئازراق تەڭشىمىسە بولمايدۇ. غەرب داۋاملىق تۇردە ئۆزلىرىنى مەسىلىلەرنىڭ چارىسى، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھازىر مەسىلىلەرنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىپ قېلىشۋاتقانلىق ئېھتىماللىقىنمۇ بارلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللارنى غەربلىكلەرگە چۈشەندۈرۈش ئىنتايىن تەسكە توختاۋاتىدۇ. ھازىر غەربتىكى كاللىسى ئەڭ مۇرەككەپ زىيالىيلارمۇ مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ.

مەسىلەن، مېنىڭ بۇ قېتىمقى كىتابىم نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئامېرىكىدا چىقىدىغان «ئىقتىساد» ناملىق داڭلىق ژۇرنالغا مېنىڭ كىتابىمغا باھا بېرىدىغان بىر پارچە ماقالە بېسىلدى. ھەممە ئۇ ماقالىدە مېنىڭ كىتابىمغا «غەربكە قارشى ئىدىيىلەر تەرغىب قىلىنغان»، دېگەنگە ئوخشاش باھالار بېرىلدى. بۇ مەزكۇر كىتابنى پۈتۈنلەي خاتا چۈشىنىۋېلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن كىتابىمدا ھازىرقى يېڭى مەسىلە غەربكە ھۆكۈمرانلىق قىلىش بولماستىن، بەلكى غەربنى دىۋراش ئىكەنلىكىنى، غەرب بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق شېرىك بولۇش ئىكەنلىكىنى، ئەمما غەربنىڭ مۇشۇنداق تەڭ ھوقۇقلۇق ھەمكارلاشقۇچىلارنى رەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ۋە غەربنىڭ ئۆزلىرىدە ھازىرغىچە بار بولۇپ كەلگەن ئالاھىدە ھوقۇقلارنىڭ بىر قىسمىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايۋاتقانلىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدىم. بۈگۈنكى كۈندە غەرب دۇنيا ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەۋپ بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ مۇشۇ ئاددىي گېپىمنىمۇ غەربلىكلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاددىمنى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. مېنىڭ كىتابىم ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ بىر قىسىم غەربلىك دوستلىرىمنى ۋە باشقا غەربلىك زىيالىيلارنى راھەتسىزلەندۈرىدۇ. ئەمما ئۇنداق راھەتسىزلىك غەربلىكلەر ھازىرقى دۇنيانى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن تۆلىمىسە بولمايدىغان بەدەللەرنىڭ بىر قىسمى.

## 15-سوئال: ئامېرىكىدىكى پرېزىدېنتلىق سايلامنىڭ مۇنازىرە نۇتۇقلىرىغا قاراپ باقىدىغان بولسىڭىز، سىز ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ ھېچ قايسىسى ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىقىنى بايقايسىز. بۇ بىرىنچىدىن بىزنىڭ سىزنىڭ كىتابىڭىزدىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئىقتىدارىمىزنىڭ يوقلۇقىنى، ئىككىنچىدىن سىز تىلغا ئالغان خەۋپلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر يولى يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: ئامېرىكىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پرېزىدېنتلىق سايلام مۇنازىرىسى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئورۇننى تالىشىۋاتقانلار زېھنىنى پەقەت قىسقا مۇددەتلىك ئىشلارغىلا مەركەزلەشتۈرۈۋاتىدۇ. ھەممە تاشقى دۇنياغا نەزەر تاشلىمايۋاتىدۇ. سايلامغا چۈشكەنلەر بۇرۇندىن تارتىپ سايلام جەريانىدا بىر خىل گەپ قىلىپ، سايلانغاندىن كېيىن بۇرۇنقى ۋەدىسىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان يوللارنى تۇتۇۋاتقان بولۇپ، ئامېرىكىلىقلار ھازىر بۇنداق ئەھۋالغىمۇ بىر ئاز كۆنۈپ قالدى.

مەسىلەن، پرېزىدېنت كلىنتوننى ئالىدىغان بولساق، ئۇ 1992-يىلىدىكى سايلام جەريانىدا مۇنداق دېگەن: «مەن ھەرگىزمۇ چوڭ بۇشقا ئوخشاش جۇڭگو دىكتاتورچىلىرىغا يۇمشاق قوللۇق قىلمايمەن.» مەن ئۇنى 1993-يىلى 11-ئايدا كۆرگەندە، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي باشقىچە يول تۇتۇۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن جۇڭگو رەھبىرى جياڭ زېمىنغا ھەمكارلىق قولىنى ئۇزارتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئەگەر كېلەر قېتىم ئوباما سايلىنىپ قالىدىكەن، دۇنيانىڭ ئامېرىكىغا بولغان قارشىلىقىنىڭ يېرىمى يوقاپ كېتىدۇ. يەنى، دۇنيا ئامېرىكىنىڭ بىر ئاز سانلىق مىللەت ئادىمىنى پرېزىدېنت قىلىپ سايلىغىنى

كۆرگەندە، «ئامېرىكا ھەقىقەتەنمۇ بىر ئۇلۇغ دۆلەت ئىكەن»، دەپ ئويلايدۇ.

**16-سوئال: سىز كىتابىڭىزدا ئاسىيالىقلار قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك غەرب قىممەت قارىشى بىلەن غەربنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرقلەر بارلىقىنى ئېيتىپسىز. غەرب بۈگۈن دۇنيا مەنپەئەتى بىلەن دۆلەت مەنپەئەتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش يولىنى تۇتقان بولسا، ھازىر ئۇ يولدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپسىز. ھەممە بۇ ئىشتىكى خاتالىق غەربتە ئىكەنلىكىنى شەرھلەپسىز. مۇشۇ ھەقتە ئازراق سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.**

جاۋاب: ئەگەر سىز ھازىر دۇنيادىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقچى بولىدىكەنسىز، ئۇلارنى ناھايىتى ئاسانلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. يەنى، دۇنيانىڭ مەسىلىلىرىنى پەقەت غەربنىڭ قىممەت قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، غەرب داۋاملىق دېموكراتىيە ئىنسان مەدەنىيەتلىشىشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. دېموكراتىيىنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇنىڭ مەنىسى، جەمئىيەت ھەممە كىشىلەرنى ئوخشاش مىقداردىكى مەنپەئەتكە ئىگە قىلىش، دېگەندىن ئىبارەت. ھەممە ئادەملەر ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىش، دېگەندىن ئىبارەت. ھازىر دۇنيادا 6.6 مىليارد نوپۇس بار. بۈرۈن پەقەت غەربلا ئىشلارنى دىنامىك (dynamic)، ئېنېرگىيىلىك ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا ئېلىپ مېڭىپ كەلگەن. ئەمما، بۈگۈن غەرب دۇنيا نوپۇسىنىڭ پەقەت 12 پىرسەنتىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىر قالغان 88 پىرسەنت كىشىلەرمۇ ئىشلارنى دىنامىك، ئېنېرگىيىلىك ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا ئېلىپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇلار كۈچىيىپ ماڭغانسېرى ئۆزلىرىدىن «نېمە ئۈچۈن دۇنيادىكى پەقەت 12 پىرسەنت ئادەملەرلا بىزنىڭ مەنزىلىمىزنى كونترول قىلىدۇ؟» دەپ سوراشقا باشلايدۇ. ئون-ئىككى پىرسەنت كىشىلەرنىڭ قالغان 88 پىرسەنت كىشىلەرنى كونترول قىلىشى دېموكراتىيىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىغا زىت كېلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ غەربلىكلەر دۇنيا تەشكىلاتلىرىدىكى دىكتاتورلۇقنى ساقلاپ مېڭىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئۇلار مەسئۇلىيەت، ئوچۇق-ئاشكارىلىق ۋە ۋەكىللىك دېگەندەك نەرسىلەرگە ئىشىنىدۇ. ئەمما، دۇنيادىكى ئەڭ ئاخىرقى دىكتاتور ھازىرمۇ ب د ت بىخەتەرلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تۈزۈم بويىچە ئۇنى بىلەت تاشلاش ئارقىلىق ھوقۇقىدىن ئېلىۋەتكىلى بولمايدۇ. مانا بۇ غەربنىڭ ئۆز قىممەت قارىشىغا ئۆزى خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقىنىڭ بىر مىسالى. بىر تىنچلىق ۋە مۇقىملىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان دۇنيا ۋەزىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم غەربنىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان 88 پىرسەنت كىشىلەرنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىش كېرەك. ھازىر دۇنيادا بىرەر مەسىلە كۆرۈلگەندە ئۇنى ب د ت نىڭ بىخەتەرلىك دائىمىي كومىتېتىدا ئەمەس، بەلكى ب د ت نىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش كېرەك. چۈنكى پەقەت شۇ يەردىلا ھەممە كىشىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتىشقا پۇرسەت بېرىلگەن. ئەگەر ب د ت رەھبەرلىكى بىر ئىش ئۈستىدە ب د ت ئومۇمىي يىغىنىدا ھىمايىگە ئېرىشەلمەيدىكەن، ئۇ ھالدا ھېلىقى ئىشتا بىر مەسىلە مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. قىسقىسى، غەرب ئۆزىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئالدى بىلەن ئۆزى ئەمەل قىلىشى، ۋە دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم نوپۇسىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشى كېرەك. شۇڭلاشقا مەن كىتابىمدا «مېنىڭ دېگەنلىرىمگە بىر ئالدىن بېرىلگەن بېشارەت، دەپ مۇئامىلە قىلىڭ. ئەگەر ئۇنىڭغا سەل قارىسىڭىز، ئارقىدىنلا بىر چوڭ يەر تەۋرەش يۈز بېرىدۇ»، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدۇم.

**17-سوئال: سىز كىتابىڭىزدا ھەربىي قوراللارنىڭ تېز كۆپىيىشى، يەر شارى تېمپېراتۇرىسىنىڭ**

**يۇقىرىلاپ كېتىشى ۋە دۆلەت ئىقتىسادى قاتارلىق كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىپسىز. مۇشۇ ھەقتە ئازراق سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.**

جاۋاب: مېنىڭ كىتابىمدا غەربلىك ئوقۇرمەنلەرگە ئانچە ياقمايدىغان ئىككى باب بار. ئۇنىڭ بىرى غەربىسىزلىشىش ئۈستىدە بولۇپ، يەنە بىرى بولسا غەربلىكلەرنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى ھەققىدە. بۇلار خېلى يېڭى ئۇقۇملار. ئەگەر بىز ئافغانىستانغا ۋە ئىراققا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرگە قاراپ باقىدىغان بولساق، غەربنىڭ نەقەدەر ئىقتىدارسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مەن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان يەنە بىر ئىش يادرو قوراللىرى ۋە چوڭ ۋەيرانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەربىي قوراللارنىڭ تېز كۆپىيىشى. بىز ئالدىنقى 40 – 50 يىل ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن بىر چوڭ نەتىجە يادرو قوراللىرىنىڭ سانىنى بىر سەۋىيىدە توختىتىپ تۇرۇش بولدى. بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سەۋەبچى بولغان نەرسە ئامېرىكا، جۇڭگو، رۇسىيە، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەدىن ئىبارەت 5 يادرو قوراللىرى دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر كېلىشىمنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش، ھەمدە باشقا ئەللەر يادرو قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئۆزىنى تارتىش بولدى. ئامېرىكا يۇقىرالىرى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان بىر ئەھۋال شۇكى، ھازىر يادرو قوراللىرى كېلىشىملىرىنى ئەڭ كۈچلۈك دەرىجىدە بۇزۇۋاتقان دۆلەت دەل ئامېرىكىنىڭ ئۆزى. ئامېرىكا يادرو بومبىسى سانىنى كۆپەيتىپ، يادرو قوراللىرىنى تېخىمۇ زامانىۋى سەۋىيىگە تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ. يېقىندا ئامېرىكىنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كىسسىنگېر قاتارلىق بىر قانچە تەسىرى كۈچلۈك زاتلار يادرو قوراللىرىنى كۆپەيتىشنى پۈتۈنلەي توختىتىشنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ بىر ناھايىتى ياخشى ئىش. يېقىنقى مەزگىللەردە يادرو قوراللىرى تەرەققىياتىنى ئېلىپ بارغان دۆلەت ئامېرىكا بولۇپ، ھازىر ئۇنى توختىتىشقا تېگىشلىكمۇ دەل ئامېرىكا. شۇنداق قىلىش ئامېرىكىنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك مەنپەئىتىگە پايدىلىق. ئامېرىكا ب د ت نى كۈچەيتىشنىڭ ئورنىغا ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئەگەر ب د ت ئاجىزلىشىدىكەن، يادرو قوراللىرىنى ئازايتىش كېلىشىمنى ئىجرا قىلىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. بۇ جەھەتتە ئامېرىكا ھازىر بىر قىسىم ئۆز-ئارا زىددىيەتلىك تاشقى ئىشلار سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. كۆپىنچە ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇنداق ئەھۋاللاردىن خەۋىرى يوق. يادرو قوراللىرىنى ئازايتىش كېلىشىمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئامېرىكا يالغۇز ئاشۇ كېلىشىمنى ئىجرا قىلىشتا ئۈلگە بولۇپلا قالماي، باشقا خەلقئارالىق كېلىشىملەرنى ئىجرا قىلىشتىمۇ باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق ئىشلاردا ئامېرىكا ھازىر ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى ئوق ئېتىۋاتىدۇ.

**18-سوئال: سىزنى تەنقىد قىلغۇچىلار مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: ئامېرىكىنى جۇڭگو بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ: شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى بىرلەشمىسىگە تەۋە ئەللەر ئىقتىسادىي كرىزىسقا دۇچ كەلگەندە، جۇڭگو ئۆز پۇلىنىڭ قىممىتىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇۋالدى. پەقەت ئۆزىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىغىلا كۆڭۈل بۆلدى. ئامېرىكا بولسا دۇنيادىكى بارلىق ئەللەرنىڭ مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلدى. سىز بۇ ئەھۋاللارغا قانداق قارايسىز؟**

جاۋاب: غەرب ئەللىرىنىڭ دۇنيا تەرتىپىنى ساقلىغۇچى ۋە دۇنيا تەرتىپىنى قوغدىغۇچى بولۇش رولىنى ئېلىۋاتقانلىقىدىن پۈتۈن دۇنيا خەلقلىرى تولىمۇ رازى. غەربتىكى خەلق پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئۆزلىرىگە ئەڭ ئىشىنىدىغان خەلقلەردىن تەشكىل تاپقان. ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب ئەللىرى سودىنى ئەركىنلەشتۈرۈش ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيا ئىقتىسادىنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرغىلى

بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار سودىنى ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمما، ئالدىنقى 10 يىل ئىچىدە بۇ جەھەتتە بىر چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇ بولسىمۇ ئامېرىكا ۋە ياۋروپالىقلار سودىنى ئەركىنلەشتۈرۈۋەتسە، ئامېرىكا ۋە ياۋروپالىقلار ئۇتتۇپ چىقالمايدىكەن، دەپ قاراشقا باشلىدى.

## پايدىلىنىش مەنبەسى:

[1] Conversations With History: Rise of Asia and Decline of West
https://www.youtube.com/watch?v=wc4eMtAqcvo&t=336s

# جۇڭگو نېمىشقا تىنچ يول بىلەن تەرەققىي قىلالمايدۇ؟

2017-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنى

مەن بۇرۇنقى بىر قانچە پارچە يازمىلىرىمدا جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا كەلگۈسىدە چوڭ ئۇرۇشلار يۈز بەرمەيدىغانلىقى، ئۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، بىرىنچىدىن، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى بۇنىڭدىن كېيىن ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلىپ مېڭىشتىن توختايدىغانلىقى، ئىككىنچىدىن، ھەربىي ساھەدە جۇڭگو ھازىر ئامېرىكىدىن كەم دېگەندە 20 يىل ئارقىدا بولۇپ، بۇ پەرقنى يوق قىلىش ئېھتىماللىقى ھازىرچە مەۋجۇت ئەمەسلىكى قاتارلىق بىر قاتار كۆز-قاراشلارنى بايان قىلىپ ئۆتتۇم.

ئەمدى بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: ئەگەر جۇڭگو كېيىنكى 30 يىل ئىچىدە ئىقتىسادتا ئالدىنقى 30 يىلدىكىدەك تەرەققىي قىلىپ ماڭسا، چوڭ ئۇرۇشلاردىن ساقلانغىلى بولامدۇ؟ مەزكۇر يازمىدا مەن ئەنە شۇ سوئالغا جاۋاب بېرىدىغان كۆز-قاراشلارنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

مېنىڭ بۇ قېتىم بايان قىلىدىغىنىم ئامېرىكا چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور جون مىئېرشايمېر (John Mearsheimer) نىڭ 2012-يىلى 17-ئۆكتەبىردە كانادانىڭ ئوتتاۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا بەرگەن بىر مەيدان ئىلمىي دوكلاتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. مەن بايان قىلىدىغان ئىدىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى مەنبەگە تەۋە بولۇپ، ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ سۆزلىرىنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى «ئىلاۋە» شەكلىدە بىر ئايرىم ئابزاس قىلىپ يازىمەن.


ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى باشلاشتىن بۇرۇن دوكتور مىئېرشايمېر ئامېرىكا ئارمىيىسىدە 5 يىل ئوفىتسېر بولۇپ ئىشلىگەن. 1980-يىلى كورنەل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسەت ئىلمى كەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1979 – 1999-يىللىرى دۇنياغا داڭلىق خەلقئارالىق مۇناسىۋەت تەتقىقات ئورنى بولغان برۇكلىن ئىنستىتۇتىدا ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقاتچى بولغان، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتور-ئاشتى بولغان، ھەمدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تاشقى مۇناسىۋەت كونسۇلىدىمۇ تەتقىقاتچى بولغان. ئۇ 1982-يىلىدىن ھازىرغىچە چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. دوكتور مىئېرشايمېر خەۋپسىزلىك ۋە خەلقئارا سىياسەت ساھەسىدە ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان بولۇپ، يەنە كەم دېگەندە 7 كىتاب يازغان. ئۇ دۇنيادا تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان سىياسەت ئىلمى مۇتەخەسسىسى بولۇپ، ئۇنىڭ «كۈچلۈك ئەللەر سىياسىيسى» (Great power politics) ھەققىدىكى نەزەرىيىلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىلىۋاتىدۇ. مەن يېقىندىن بۇيان جۇڭگو ھەققىدە ئىزدىنىپ، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ماتېرىياللاردا دوكتور مىئېرشايمېرنىڭ ئىسمىنى ناھايىتى كۆپ قېتىم ئۇچراتتىم.

مەزكۇر يازمىدا بايان قىلىنىدىغان مەزمۇنلار ئىچىدە سىياسەت ئىلمىگە ئائىت ناھايىتى مۇھىم نەزەرىيىلەر ۋە دوكتور مىئېرشايمېرنىڭ كۈچلۈك ئەللەر سىياسىيسى ھەققىدىكى نەزەرىيىلىرىمۇ بار بولۇپ، مەن ئوقۇرمەنلەر بۇ يازمىدىن خېلى كۆپ نەپ ئالالايدۇ، دەپ ئويلايمەن، ھەمدە شۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.


**ئەمدى رەسمىي مەزمۇننى باشلايمەن.**

**مەن بۈگۈن سۆزلەيدىغان تېما سىلەرنىڭ كەلگۈسى 50 يىلدىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى چۈشەنچەڭلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق بىر مۇھىم مەسىلە بار: جۇڭگو بۇنىڭدىن كېيىن تىنچ يول بىلەن تەرەققىي قىلالامدۇ؟ مېنىڭ جاۋابىم جۇڭگو ئۇنداق قىلالمايدۇ. مەن بۇ مەسىلىنىڭ ئەڭ نېگىزلىك يېرى ئۈستىدە ئانالىز يۈرگۈزۈشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئىككى مۇھىم نۇقتىنى شەرھلەپ ئۆتىمەن.**

**ئۇنىڭ بىرى، مەن جۇڭگو بۇنىڭدىن كېيىنكى 30 يىل ئىچىدە ئالدىنقى 30 يىلدىكى بىلەن ئوخشاش سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ ماڭىدۇ، دېگەن پەرەزنى ئالدىنقى شەرت قىلىمەن. مېنىڭ مۇشۇ پەرىزىم بويىچە بولغاندا، جۇڭگو بىر ناھايىتى چوڭ خوڭكوڭغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر جۇڭگو ئاشۇ دەرىجىدە تەرەققىي قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆز قوشنىلىرى ۋە ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ ھازىرقى دۇنيا بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، ئۇ پەقەت كەلگۈسىدىكى ئەھۋال ھەققىدە سورالغان بىر سوئال. شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، مېنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقىنىم پەقەت بىر پەرەزدىنلا ئىبارەت بولۇپ، مەن بۇ يەردە ھەرگىزمۇ كەلگۈسىدىكى ئىشلار ئەنە شۇنداق بولىدۇ، دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرمەيۋاتىمەن.**




**1-رەسىم: پروفېسسور جون مىئېرشايمېر ئىلمىي دوكلات بېرىۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.**




2-رەسىم: جون مىئېرشايمېر يازغان 7 دانە كىتابنىڭ رەسمى («كۈچلۈك ئەللەر سىياسىيسىنىڭ پاجىئەسى» دېگەن كىتابنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ رەسمىنىمۇ قوشۇپ قويدۇم).

ئۇنىڭ يەنە بىرى، بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو تىنچ يول بىلەن تەرەققىي قىلالامدۇ، دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بۇنىڭ بىر نەزەرىيىۋى سوئال ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ سەۋەبى، بىزدە كەلگۈسى ھەققىدە ھېچ قانداق پاكىتلار يوق. كەلگۈسىدىكى ئەھۋاللار تېخى يۈز بەرمىدى. ئامېرىكىدىكى بىر قانچە كىشىلەر ماڭا «مەن يېقىندا بېيجىڭغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇلارنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا جۇڭگو بۇنىڭدىن كېيىن تىنچ يول بىلەن تەرەققىي قىلىۋېرىدىكەن» دېدى. بېيجىڭدىكى ھېلىقىدەك كىشىلەرنىڭ گېپىگە ھېچ كىم پەرۋا قىلمايدۇ. چۈنكى، بۇ مەسىلە بىر مۇھىم ئورۇنغا چىققاندا، ئۇ كىشىلەر ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولىدۇ. ئۇ چاغدا جۇڭگونى باشقۇرىدىغانلار ھازىر باشلانغۇچ 5- ياكى 6-سىنىپلاردا ئوقۇۋاتقان كىشىلەر بولۇپ، بىز ئۇ كىشىلەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ھازىرچە بىلمەيمىز. ئۇلار رەھبەر بولغاندا ئىش ئېلىپ بارىدىغان قۇرۇلما مۇھىتلىرىمۇ ھازىرقىنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ھازىر مۇشۇ سورۇندا ئولتۇرغانلار ئانچە پۇلدار ئەمەس. ئەگەر مەن سىلەرگە 5 مىليون دوللار پۇل بېرىپ، «ئۇ پۇلنى قانداق خەجلىگۈڭىز كەلسە، شۇنداق خەجلەڭ»، دېسەم، يانچۇقىڭىزدا 5 مىليون دوللار پۇل بار ۋاقىتتىكى سىز بىلەن ھازىرقى سىز تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالىسىز. يەنى، سىزنىڭ ئىش-ھەرىكىتىڭىز تۈپتىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئەگەر قۇرۇلما مۇھىتى ئۆزگىرىدىكەن، سىزنىڭ ئىش-ھەرىكىتىڭىزمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بۇ يەردە جۇڭگو بىر ناھايىتى چوڭ خوڭكوڭغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، دەپ پەرەز قىلىنىۋاتىدۇ. ئەمدىكى مەسىلە، جۇڭگونىڭ قۇرۇلمىسى يىراق كەلگۈسىدە ئاشۇنداق ئۆزگىرىپ كەتسە، كەلگۈسىدىكى جۇڭگو رەھبەرلىرى قانداق ئىش تۇتىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

بۇ بىر نەزەرىيىۋى سوئال بولۇپ، بىز ئۇنىڭغا كېسىپ جاۋاب بېرەلمەيمىز. ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، بىز بىر نەزەرىيىنى، كۈچلۈك ئەللەر سىياسىيسىغا ئائىت بىر نەزەرىيىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىمىز

كېرەك. بىز «بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو تىنچ يول بىلەن تەرەققىي قىلالامدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق بىر نەزەرىيىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. مېنىڭ دوكلاتىم مانا مۇشۇ نۇقتىدىن باشلىنىدۇ.

مېنىڭ دوكلاتىم جەمئىي 3 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. مەن 1-قىسىمدا كۆچلۈك ئەللەر سىياسىيسى ھەققىدە توختىلىمەن. ئىككىنچى قىسىمدا ئامېرىكىنىڭ 1783-يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان تاشقى ئىشلار سىياسەتلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن. ھەمدە ئامېرىكىنىڭ تارىختىن بۇيانقى تاشقى ئىشلار سىياستىنىڭ مەن ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. يەنى، مەن ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيىنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىگە بەزى ئىسپاتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. دوكلاتىمنىڭ 3-قىسىمدا جۇڭگونىڭ ئامېرىكىنى دوراش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. يەنى، ئامېرىكا مەن ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە بويىچە ئىش تۇتقان بولۇپ، جۇڭگومۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى شەرھلەپ ئۆتىمەن. ئۇنىڭغا قوشۇپ مەن يەنە ئامېرىكا جۇڭگوغا قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقى ئۈستىدىمۇ توختىلىمەن.

## 1. كۈچلۈك ئەللەر سىياسىيسى نەزەرىيىسى

مەن سۆزۈمنى دۇنيا ئىشلىرىنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى 5 ئاددىي پەرىزىم بىلەن باشلايمەن.

(1) ئوخشىمىغان ئەللەر خەلقئارا سىياسىيسىدا مۇھىم رول ئالىدىغان ئوخشىمىغان ئارتىسلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئاشۇ ئەللەردىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان باشقا بىر نوپۇزلۇق نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. خەلقئارالىق مۇناسىۋەت ساھەسىدە بىز بۇنى «رەتسىزلىك» (anarchy) دەپ ئاتايمىز. بۇ ھەرگىزمۇ خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، قالايمىقانچىلىق چىقىرىش، دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى ئۇ «مەرتىۋە تۈزۈمى» (hierarchy) نىڭ ئەكسىنى بىلدۈرىدۇ. ھەر خىل دۆلەتلەر ئۈستىدە تۇرىدىغان بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ھوقۇق ئورگىنى مەۋجۇت ئەمەس، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئوخشىمىغان ئەللەر بىر بىليارت ئۈستىلىدىكى توپلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭلۇقى ئۆز-ئارا ئوخشىمايدۇ، ئەمما، ھوقۇق جەھەتتە ھەممىسى باراۋەر ئورۇندا بولۇپ، ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر تېخىمۇ نوپۇزلۇق نەرسە يوق.

(2) ھەممە ئەللەر مەلۇم دەرىجىدىكى باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش ھەربىي قابىلىيەتلىرىگە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق قابىلىيەتلەر ساھەسىدە ئوخشىمىغان ئەللەر بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ھازىر ئامېرىكا باشقا بارلىق ئەللەردىن كۈچلۈك. ئىسرائىلىيەگە ئوخشاش ئەللەرنىڭمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىش ھەربىي قابىلىيىتى بار. ئەمما، ئىيوردانىيە، شۋېتسىيە ۋە بېلگىيە قاتارلىق ئەللەر بۇ جەھەتتە بىر قەدەر ئاجىز.

(3) بۇ پەرەز ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ مېنىڭ بۈگۈنكى دوكلاتىم ئۈچۈن بىر يادرولۇق رولنى ئۆتەيدۇ. بۇ پەرەز نىيەت ھەققىدە. خەلقئارا مۇناسىۋەتتە نىيەت ۋە قابىلىيەتتىن ئىبارەت ئىككى نەرسە بار بولۇپ، مەن 2-پەرەزدە قابىلىيەت ھەققىدە توختالدىم. مېنىڭ نىيەت ھەققىدىكى قارىشىم مۇنداق: ھېچ قانداق بىر دۆلەت باشقا دۆلەتلەرنىڭ نىيەتلىرىنى ئېنىق بىلەلمەيدۇ. نىيەتنى بايقاش ئىنتايىن تەس. چۈنكى، نىيەت كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بولۇپ، سىز ئۇنى كۆرەلمەيسىز، ياكى ئۇنى ئۆلچىيەلمەيسىز. مەسىلەن، سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدا ئامېرىكا سوۋېتنىڭ تەھدىتىنى توغرا مۆلچەرلەشكە ئىنتايىن كۆپ ۋاقىت ۋە ئېنېرگىيە سەرپ قىلدى. بىز سوۋېتنىڭ قانداق قابىلىيەتلىرى

**بارلىقنى ئانچە قىينالمايلا بىلىۋالىدۇق. ئۇلارنىڭ ھەر بىر خىل ھەربىي قورالىدىن قانچىسى بارلىقنى ئاسانلا ساناپ چىقتۇق. بۇنداق ماددىي قابىلىيەتلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ، بىلگىلى بولىدۇ، ۋە سانىغىلى بولىدۇ. ئەمما، سوۋېتنىڭ نىيىتىنى بىلىش بىز ئۈچۈن ئىنتايىن تەسكە توختىدى. سوۋېتنىڭ نىيىتىنى مۆلچەرلەشتە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى ئەمەلدارلار ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ ئىختىلاپلار يۈز بەردى. قىسقىسى، بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتنىڭ نىيىتىنى توغرا بىلەلمەيدۇ. بەزى كىشىلەر بۇ كۆز-قاراشقا قوشۇلماسلىقى مۇمكىن. ئۇلار ھەر بىر ئالاھىدە ۋاقىت ۋە مەلۇم بىر ئالاھىدە نەرسە ھەققىدە يېتەرلىك ئۇچۇرغا ئېرىشكىلى، شۇ ئارقىلىق بىر دۆلەتنىڭ ئاشۇ نەرسە ھەققىدىكى نىيىتىنى بىلگىلى بولىدۇ، دەپ قارىشى مۇمكىن. مېنىڭچە بەزى دۆلەتلەرنىڭ ھازىرقى نىيەتلىرىنى يۇقىرىقىدەك ئامىللار بىلەن بىلىۋېلىش بەزىدە مۇمكىن، ئەمما باشقا دۆلەتلەرنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى نىيەتلىرىنى ھازىرلا بىلىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، خۇددى مەن يۇقىرىدىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، پولشانى كەلگۈسىدە كىم باشقۇرىدۇ، ۋە جۇڭگونى كەلگۈسىدە كىم باشقۇرىدۇ، بىز ئۇنى بىلمەيمىز.**

**مەن بۇ يەردە سىلەرگە خەلقئارا مۇناسىۋەت بىلەن ھېچ قانداق چېتىشلىقى يوق، ئەمما ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئاجرىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىسالدىن بىرنى كۆرسىتەي. بىر جۈپ ئەر-ئايال توي قىلغاندا، ئۇلار بىر-بىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ياخشى كۆرۈشۈپ شۇنداق قىلىدۇ. بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى «ئۇ بىر ياخشى ئادەم، ئۇ بىر ياخشى نىيەتلىك ئادەم»، دەپ ئويلايدۇ. ئەمما، ئامېرىكىدىكى ئاجرىشىش نىسبىتى ھازىر 50 پىرسەنتكە يېقىن كېلىدۇ. يەنى، كۆپلىگەن كىشىلەر قارشى تەرەپنىڭ نىيىتى ياخشى، دەپ ئويلاپ توي قىلىدۇ. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قارشى تەرەپ ياخشى نىيەتلىك بولۇپ چىقماي قالىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى چۆشكۈنلەشتۈرىدىغان بىر ئېچىنىشلىق ئەھۋال. قىسقىسى، باشقىلارنىڭ نىيىتىنى ئېنىق بىلىش مۇمكىن ئەمەس.**

**(4) دۆلەتلەرنىڭ تۈپ نىشانى ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىش. ئەگەر بىر دۆلەت ئۆزىنى ساقلاپ قالالمايدىكەن، ئۇ باشقا نىشانلارنى قوغلىشىپ ماڭالمايدۇ.**

**(5) دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى راتسىئوناللىق بىلەن ئويلاپ ۋە ئىستراتېگىيىلىك ھېسابلاپ ئىش قىلىدىغان ئارتىسلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۆلەتلەر ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىشتا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاقىلانە ئىستراتېگىيىلەرنى ئويلاپ چىقىشتا قادىر كېلىدۇ.**

**مەن سىلەرگە بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغان 5 پەرەز يۇقارقىلاردىن ئىبارەت. دۇنيادىكى ئەللەر يۇقىرىدىكى 5 پەرەزنىڭ بىرىكمىسى ئاساسىدا، تۆۋەندىكىدەك 3 خىل ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ:**

**1) خەلقئارا سىستېمىدىكى ئوخشىمىغان ئەللەر بىر-بىرىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. بۇ يەردە مەن ئاساسەن كۈچلۈك ئەللەرنى كۆزدە تۇتۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق 2 سەۋەبى بار: بىرىنچى، سىزنىڭ قوشنىڭىز ناھايىتى كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشى، ھەمدە كۆڭلىدە بىر يامان نىيەتنى ساقلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر سىز بىر 1900-يىللىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ بىرى بولغان بولسىڭىز، گېرمانىيەنىڭ بىر جاھانگىر ياكى ناتسىست گېرمانىيەگە ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولاتتىڭىز. ئىككىنچى، ئەگەر سىز ئامېرىكىدا بولۇپ، بىرەر جىددىي ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالسىڭىز، 911 نومۇرغا تېلېفون قىلىپ، دەرھال قۇتقۇزۇلۇنۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايسىز. ئەمما، خەلقئارا سىستېمىدا ئەگەر سىز 911 نومۇرغا تېلېفون قىلسىڭىز،**

تېلېفوننىڭ قارشى تەرىپىدە سىزگە ھېچ كىم جاۋاب بەرمەيدۇ. سىزنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان ھېچ قانداق ئورۇن چىقمايدۇ. ھەممە ئەللەر باراۋەر بولۇپ، نوپۇزدا بارلىق ئەللەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرەر ئورگان مەۋجۇت ئەمەس.

2) ئۆزىنى ئۆزى يۆلەيدۇ. بارلىق دۆلەتلەر جىددىي ئەھۋالدا ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىدىغان، ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان باشقا بىرەر دۆلەت ياكى ئورۇننىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ناھايىتى تېزلا بايقاپ، ئۆزىنى ئۆزى قۇتۇلدۇرۇش، ئۆزىگە ئۆزى ياردەم قىلىش يولىغا ماڭىدۇ.

ئىلاۋە: بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز تاكى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگۈچە «بىزگە باشقىلاردىن ياردەم كېلىدۇ»، دەپ ئويلاپ ياشاۋاتىدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ ياردىمىنى ساقلاۋاتقىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولدى، ئەمما ئۇ ياردەملەر تېخىچە يېتىپ كەلمىدى. يۇقىرىدىكى نەزەرىيە بويىچە قارىساق، بىزگە باشقىلاردىن مەڭگۈ ياردەم كەلمەيدۇ.

3) خەلقئارا سىستېمىدا ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۆزىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كۈچلەندۈرۈش، دېگەندىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتكە ئىشىنىدۇ. ئامېرىكىدا ئاخشىمى كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلاشتىن بۇرۇن كانادا ۋە مېكسىكىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئەنسىرەيدىغان بىرەر ئادەم يوق. سەۋەبى، ئامېرىكا ناھايىتىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ھېچ كىم بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. بىزنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي تەرىپىمىزدە ئاجىز دۆلەتلەر بار، شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرىپىمىزدە بولسا بېلىقلار بار. بۇ بىر ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىدىغان ئىستراتېگىيىلىك غايىۋى ئەھۋالدۇر. قىسقىسى، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بىر چوڭ ۋە كۈچلۈك دۆلەت بولۇش.

بىر ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇش، دېگەنلىك، بىر زومىگەر (**hegemon**) بولۇش، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بىر رايونلۇق زومىگەر بولۇشتىن ئىبارەت. دۇنيا بەك چوڭ، ۋە دۇنيادا سۇ كۆپ، شۇڭلاشقا بىر دۆلەتنىڭ بىر دۇنياۋى زومىگەر بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئامېرىكا ھاكىمىيىتىنىڭ بېشىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر دۆلەتنى خام-خىيال بىلەن باشقۇرۇپ، ئامېرىكىنى بىر دۇنياۋى زومىگەرگە ئايلاندۇرماقچى بولدى. نەتىجىدە ئالدىنقى 20 يىلدەك ۋاقىتنىڭ ئىچىدە دۆلەتنى بىر قىسىم ناھايىتى قىيىن ئەھۋاللارنىڭ ئىچىگە پاتتۇرۇپ قويدى. دۇنياۋى زومىگەر بولغىلى بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنىدىكەنسىز، سىز ئافغانىستان ۋە ئىراقتەك يەرلەرگە پېتىپ قالىسىز. ئەمما سىز بىر رايونلۇق زومىگەر بولالايسىز. سىز ئۆز رايونىڭىزغا ھۆكۈمرانلىق قىلالايسىز.

دېمەك، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى: (1) بىر رايونلۇق زومىگەر بولۇش، (2) ئۆزىڭىزگە تەڭ كېلەلەيدىغان بىر رىقابەتلەشكۈچىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويماسلىق، يەنى خەلقئارا سىستېمىدا رايونلۇق زومىگەر بولالايدىغان باشقا بىر دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن ساقلىنىش.

ئۇنداق دېسەم، «گېرمانىيە بىر رايونلۇق زومىگەر بولۇپ قالسا، ياكى جۇڭگو بىر رايونلۇق زومىگەر بولۇپ قالسا نېمە بولاتتى؟» دېيىشىڭلار مۇمكىن. بۇ «لاغايلاپ يۈرۈش ئەركىنلىكى» (**freedom to roam**) دېگەن ئۇقۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھازىر ئامېرىكا دۇنيادىكى دېڭىزلارنىڭ ھەممىسىدە باشقىلارنىڭ دۆلەتلىرىنى مارىغان ھالدا لاغايلاپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى يالغۇز ئامېرىكىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقىلا ئەمەس، بەلكى بىزدە لاغايلاپ يۈرۈش ئەركىنلىكى بار بولغانلىقىدا. بىزگە قارىتا بىرەر بىخەتەرلىك تەھدىتى مەۋجۇت بولمىغاچقا، بىز دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە

لاغايلاپ يۈرۈپ، باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ يۈرۈۋاتىمىز. ئامېرىكا بىرەر دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ، خۇددى بىز غەربىي يېرىم شارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندەك، ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ياكى ياۋروپاغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر دۆلەتكە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى، ئەگەر شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدىكەن، ھېلىقى دۆلەتمۇ ئەركىن ھالدا لاغايلاپ يۈرىدىغان بولىدۇ.

ئاسىياغا قاراپ باقىدىغان بولسىڭىز، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي پاراخوتلىرى جۇڭگو ئەتراپىدىكى دېڭىزلاردا خالىغانچە لاغايلاپ يۈرۈيدۇ. ئامېرىكا ئەسكەرلىرى جۇڭگو زېمىنىغا يېقىن يەرلەردە ماكان تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئاۋئاماتكا ۋە ئۇرۇش قوشۇنلىرى جۇڭگونىڭ دېڭىز قىرغىقى رايونلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. ئامېرىكا ھەربىي ئايروپىلانلىرى جۇڭگونىڭ دېڭىز قىرغىقى رايونلىرىدا ئاسمانغا چىقىپ ۋە يەرگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. ئامېرىكا ئەسكەرلىرى 1944-يىلدىن باشلاپ ياۋروپادا ماكان تۇتۇپ تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بىزدە لاغايلاپ يۈرۈش ئەركىنلىكى بار. بىز ئۆز ماكانىمىزنىڭ خەۋپسىزلىكى ھەققىدە ئازراقمۇ ئەنسىرىمەيمىز. ئامېرىكا ئۇچۇن ئەڭ غايىۋى ئەھۋال جۇڭگو، گېرمانىيە ۋە رۇسىيە قاتارلىق ئەللەر ئامېرىكا تەھدىتى تۈپەيلىدىن ئۆز بىخەتەرلىكى ئۈستىدە ئەنسىرەپ ياشىشىدىن ئىبارەت.

دېمەك، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، بىرىنچىدىن بىر رايونلۇق زومىگەر بولۇش، ئىككىنچىدىن ئۆزىڭىزگە تەڭ كېلەلەيدىغان بىر رىقابەتلەشكۈچىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويماسلىق. يەنى خەلقئارا سىستېمىدا رايونلۇق زومىگەر بولالايدىغان باشقا بىر دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن ساقلىنىش.

## 2. ئامېرىكىنىڭ 1783-يىلدىن بۇيانقى تاشقى ئىشلار سىياسەتلىرى

ئامېرىكا 1700-يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا مەۋجۇتلۇقىنى باشلىغاندا، ئۇ ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدىكى 13 شتاتتىن تەركىب تاپقان. ئامېرىكىنى قۇرغۇچىلار شىمالىي ئامېرىكىغا سەپەر قىلىپ، تىنچ ئوكيان قىرغىقىچىلىك كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى توسۇشقا ئۇرۇنغان يەرلىك ئىندىئانلاردىن ناھايىتى كۆپ سانلىق كىشىلەرنى قىرغىن قىلدى. ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى بۇلىدى. ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى غەربىي-جەنۇبىي قىسىملىرىنى مېكسىكىدىن تارتىۋالدى. 1892-يىلى كاناداغا بېرىپ، ئۇلارنىمۇ ئامېرىكىغا قوشۇۋالماقچى بولدى. كانادا ئۆزىنىڭ پايتەختى ئۈچۈن ئامېرىكىغا يېقىن بولغان تورونتونى تاللىماي، ئامېرىكىغا يىراق بولغان ئوتتاۋانى تاللىشىدىكى سەۋەبمۇ ئۇلارنىڭ ئامېرىكىدىن قورقىتالىقىدۇر. باشقىلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋېلىشقا كەلگەندە تارىختا ئامېرىكىغا يېقىن كېلىپ باققان باشقا بىرەر دۆلەت يوق. ئەگەر قۇللار مەسىلىسى يۈز بەرمىگەن بولسا، ئامېرىكا بۇ چاغقىچە جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ كۆپ قىسمىنىمۇ ئىگىلەپ بولغان بولاتتى. ئامېرىكا ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ، غەربىي يېرىم شاردىكى زومىگەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، 1853-يىلى جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى مېكسىكىنىڭ بىر پارچە زېمىنىنى ئىنگلىزچە «**Gadsden Purchse**» دەپ ئاتىلىدىغان كېلىشىم ئارقىلىق 10 مىليون دوللارغا سېتىۋالدى. ئۇ زېمىن كېيىنچە ئارىزونا ۋە يېڭى مېكسىكا شتاتلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. ئامېرىكا يەنە ئەنگلىيە ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق ياۋروپالىقلارنى غەربىي يېرىم شاردىن قوغلاپ چىقاردى. 1897-يىلى ئامېرىكا-ئىسپانىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن بىز ئىسپانىيەلىكلەرنى جەنۇبىي ئامېرىكىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، شۇنىڭ بىلەن بىز رايونلۇق زومىگەرگە ئايلاندۇق. ھازىرقى زامان تارىخىدىكى تۇنجى رايونلۇق زومىگەر بولدۇق. پۈتۈن غەربىي يېرىم شارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلاپ، ئۇ ھۆكۈمرانلىقنى بۆگۈنكى كۈنگىچە

داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمىز.

مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمدەك كۈچلۈك ئەللەر ئىككى ئىشنى نىشان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى بىر رايونلۇق زومىگەر بولۇش. ئۇنىڭ يەنە بىرى بولسا باشقىلارنىڭ رايونلۇق زومىگەرگە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش. تەلىيىمىزگە يارىشا، 19-ئەسىردە بىز بىر رايونلۇق زومىگەر بولۇش يولىدا تەرەققىي قىلىۋاتقاندا، بىز بىلەن ئوخشاش سەۋىيىدە رىقابەتلىشىدىغان باشقا بىرەر دۆلەت ئوتتۇرىغا چىقمىدى. ئەمما 20-ئەسىردە بىز بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە رىقابەتلەشكۈچىلەردىن 4 دۆلەت ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار ئىمپېرىيەچى گېرمانىيە، ئىمپېرىيەچى ياپونىيە، ناتسىست گېرمانىيە ۋە ئىمپېرىيەچى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت. بۇ 4 دۆلەتنىڭ ھەممىسىنىڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىكى ئورنىنى يوق قىلىشتا ئامېرىكا ھالقىلىق رول ئوينىدى. 1917-يىلى ئاپرېلدىكى 1-دۇنيا ئۇرۇشىدا گەرچە گېرمانىيە ئۇتۇپ چىقىدىغاندەك قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا بىز غەلىبە قىلدۇق. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ياپونىيەنى ئامېرىكا ئۆزى يالغۇز يەڭدى. ناتسىست گېرمانىيەنى يېڭىشتە سوۋېت ئىتتىپاقى ھالقىلىق رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئۇ ئۇرۇشتىمۇ ئامېرىكا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلەپ تۇرۇشتا ئامېرىكا مەركىزىي رول ئوينىدى. 1989 – 1991-يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنى تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈرۈۋېتىشتىمۇ ئامېرىكا ھالقىلىق رول ئوينىدى. شۇنداق قىلىپ ئامېرىكا ئۆزى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە رىقابەتلەشكۈچىلەرنىڭ ھېچ قايسىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا يول قويمىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى گۇمران بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، پرېزىدېنت بۇش ئامېرىكىنى دۇنيادىكى 1-ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەت، دەپ جاكارلىدى. ھەمدە ئامېرىكا شۇنىڭدىن باشلاپ ئاشۇنداق ئورۇننى ساقلاپ مېڭىشقا كاپالەتلىك قىلدى.

دېمەك، مېنىڭ نەزەرىيەم بىلەن ئامېرىكىنىڭ 1783-يىلدىن بۇيانقى تاشقى ئىشلار سىياستىگە قاراپ باقىدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئۆز-ئارا ماس كېلىدىغانلىقىنى بايقايسىز. باشقىلار ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئېسىل دۆلەت ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، ماختىنىپ يۈرۈيدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق سەپسەتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەقىقىي ئامېرىكا دەل مەن يۇقىرىدا تەسۋىرلەپ ئۆتكىنىمدەك بىر دۆلەت بولۇپ، كانادا 19-ئەسىردىن تارتىپ ئامېرىكىدىن ئەنسىرەپ ياشاپ كەلدى.

## 3. جۇڭگو كۈچەيگەندە قانداق يول تۇتىدۇ؟

ئامېرىكا ھازىرغىچە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىلا ئەمەس، پۈتۈن غەربىي يېرىم شاردىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇشنى ئىستەپ كەلدى. سىز جۇڭگونىڭمۇ ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولغۇسى بار، دەپ ئويلىمامسىز؟ جۇڭگو ئاجىز ۋاقىتىدا ئۇلارنىڭ بېشىغا قانداق كۈنلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۇنتۇلۇپ قالمىدى. جۇڭگو ئاجىز ۋاقتىدا، ياۋروپالىقلار، ئامېرىكىلىقلار، بولۇپمۇ ياپونلۇقلار جۇڭگوغا قىلغان ئەسكى ئىشلارنى جۇڭگولۇقلار زادىلا ئۇنتۇلۇپ قالمىدى. ئۇ ئېچىنىشلىق ئىشلارنى جۇڭگولۇقلار زادىلا ئۇنتۇلۇپ قالمىدى. ئاجىز بولۇشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇلار ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدۇ. سىز بىر جۇڭگولۇقتىن «جۇڭگو ياپونىيەدىن 20 ھەسسە كۈچلۈك بولۇش بىلەن ياپونىيە جۇڭگودىن بىر ھەسسە كۈچلۈك بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى تاللاشنىڭ قايسىسىنى تاللايسىز؟» دەپ سوراپ بېقىڭ. بۇ بىر ئەستايىدىللىق بىلەن سورالغان سوئالمۇ ئەمەس. جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى ياپونىيەدىن 20 ھەسسە، ھەتتا 50 ھەسسە كۈچلۈك بولۇشنى ئىستەيدۇ. خەلقئارا سىستېمىدا ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ

ياخشى ئۇسۇلى ئۆزىگە قوشنا بولغان ئەللەردىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولۇش. بۇ لوگىكا جۇڭگوغىمۇ ماس كېلىدىغان بولۇپ، جۇڭگولۇقلار بۇ لوگىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا ياۋروپالىقلارنى غەربىي يېرىم شاردىن تولۇق قوغلىۋەتكەن. جۇڭگومۇ ئامېرىكىنى ئاسىيادىن تولۇق قوغلىۋېتىشنى ئىستەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئاسىيادىكى ھاۋا ئارمىيىسى، دېڭىز ئارمىيىسى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى تەلتۆكۈس تازىلىۋېتىشنى ئىستەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى كۇبادا ھەربىي بازا قۇرۇۋالغاندا، ئامېرىكا ئۇلارنى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېتىپ، قوغلىۋېتىشكە تاس قالغان. جۇڭگو ھازىر ھەر خىل چارىلار بىلەن ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنى ئۆزىنىڭ چېگرا رايونلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ بىر ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس. ئۇلارمۇ ئامېرىكىنى ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپ، ئاسىياغا ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئىستەيدۇ. بۇ خۇددى بىز ياۋروپالىقلارنى قوغلىۋېتىپ، غەربىي يېرىم شاردىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇۋالغىنىمىز بىلەن ئوخشاش.

## 4. ئامېرىكا جۇڭگوغا قارىتا قانداق يول تۇتىدۇ؟

مەن يۇقىرىدا ئۆزۈمنىڭ نەزەرىيىسىنى بايان قىلىپ ئۆتتۈم. ئۇ بولسىمۇ، بىز ھەرگىز ئۆزىمىزگە تەڭ كېلەلەيدىغان باشقا بىر رىقابەتچىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى خالىمايمىز. جۇڭگونىڭ يۇقىرىقىدەك بىر پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا رازى بولمايمىز. خۇددى بىز غەربىي يېرىم شارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندەك، جۇڭگونىڭ ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى خالىمايمىز. بىز تارىختا ئىمپېرىيەچى گېرمانىيە، ئىمپېرىيەچى ياپونىيە، ناتسىست گېرمانىيە، ۋە ئىمپېرىيەچى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيادىكى ھۆكۈمران كۈچلەرگە ئايلىنىشىغا يول قويمىدۇق. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بىز ھەرگىزمۇ جۇڭگونىڭ ئاسىيادىكى ھۆكۈمران كۈچ بولۇۋېلىشىغا يول قويمايمىز.

ئۆتكەن يىل (يەنى 2011-يىلى) پرېزىدېنت ئوباما ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئاسىيا ئوتتۇرىسىدا بىر خىل كۈچ تەڭشەش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، يەنى ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى بىر قىسىم كۈچلىرىنى ئاسىياغا يۆتكەيدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ چەت ئەللەردىكى ھەربىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئاسىيانى مەركەز قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى (بۇ ئىنگلىزچە «pivoting Asia policy» دەپ ئاتىلىدۇ). يەنى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ بارغانسېرى چوڭىيىپ، بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىستراتېگىيىسىنى شۇنىڭغا ماس ھالدا تەڭشەۋاتىدۇ. دېمەك، بىز ئۆزىمىز بىلەن تەڭ تۇرىدىغان باشقا بىر رىقابەتچىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويمايمىز.

ھازىر جۇڭگونىڭ قوشنىلىرىنىڭ ئىنكاسلىرى قانداقراق بولۇۋاتىدۇ؟ ئۇلارمۇ ھەربىي كۈچلەرنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان ھەر خىل ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى باشلىدى. ياپونىيە بىلەن ھىندىستاننىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق، ئەمما ئۇلار ھازىر ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىۋاتىدۇ. سەۋەبى بۇ 2 دۆلەتنىڭ ھەر ئىككىسى جۇڭگودىن قورقۇۋاتىدۇ. سىنگاپورمۇ جۇڭگودىن ناھايىتى قورقۇۋاتىدۇ. يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كېلىۋاتقان ھەمكارلاشقۇچى ئەللەر ئامېرىكا، ياپونىيە، جەنۇبىي كورېيە، تەيۋەن، سىنگاپور، ۋيېتنام، ھىندىستان ۋە رۇسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھازىر جۇڭگو قوشنىلىرىنىڭ ھەممىسى ناھايىتى جىددىيلىشىۋاتىدۇ. سەۋەبى جۇڭگو بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭىيىپ، تېخىمۇ كۈچلىنىپ ماڭىدۇ. شۇڭلاشقا ھازىر ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىر خىل بىخەتەرلىك رىقابىتى شەكىللىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىر تەرىپى جۇڭگو بولۇپ، يەنە بىر تەرىپى بولسا ئامېرىكا

باشچىلىقىدىكى جۇڭگونىڭ بىر قىسىم قوشنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمكارلاشقۇچى ئەللەردۇر. تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ھەمكارلىق كۈچلىرىنىڭ ئالامەتلىرى ھازىر ئالللىقاچان نامايان بولۇشقا باشلىدى. بۇ بىر ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋال.

## 5. بىخەتەرلىك دىلەمماسى (Dilemma)

بىخەتەرلىك دىلەمماسى مۇنداق: ئوخشىمىغان ئەللەر ئۆزلىرىنى قوغداش يولىدا ئىلىپ بارىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەر ماھىيەت جەھەتتە قارشى تەرەپكە قارىتىلغان ھۇجۇم بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭ بىر ياخشى مىسالى «چەكلەپ تۇرۇش سىياسىتى» (policy of containment) دىن ئىبارەت. بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى چەكلەپ تۇرۇش سىياسىتى بىر خىل ئۆزىنى قوغداش چارىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، جۇڭگولۇقلارنىڭ قارىشىچە، جۇڭگونىڭ ئەتراپىدا شەكىللىنىۋاتقان ھەمكارلاشقۇچى كۈچلەر بىر خىل «قورشىۋېلىش چارىسى» (encirclement) گە ۋەكىللىك قىلىدۇ. 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە رۇسىيە بىر ھەمكارلاشقۇچى كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەندە، گېرمانىيە ئۇنى «قورشىۋېلىش كۈچلىرى» دەپ ھېسابلىغان. سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدا بىز ياۋروپا ۋە ئاسىيادا بىر خىل تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى كۈچنى شەكىللەندۇردۇق. ھەممە بىز ئۇنى «چەكلەپ تۇرۇش» دەپ ھېسابلىدۇق. سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا ئۇنىڭغا «قورشىۋېلىش» دەپ قارىدى. جۇڭگو ھازىر دۆلەت مۇداپىئە خىراجىتىنى ئۆستۈرۈش، ئاۋئاماتكا ياساپ چىقىش ۋە ھۇجۇمچى ئايروپىلان ياساپ چىقىش قاتارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ، ئۆزىنى قوغدىماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمما بىز ئاپتوماتىك ھالدا ئۇنىڭغا «ماھىيەت جەھەتتە باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش تەدبىرلىرى» دەپ قاراۋاتىمىز.

بۇنى مەن يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان قابىلىيەت ۋە نىيەت چۈشەنچىسى بىلەنمۇ چۈشەنگىلى بولىدۇ: بىر دۆلەتنىڭ قابىلىيىتى كۈچەيگەنسېرى باشقىلار «ئۇنىڭدا يامان نىيەت بار» دەپ قاراشقا باشلايدۇ.

كۈچلۈك ئەللەر سىياسىيسى بويىچە قارىغاندا، بىر دۆلەت ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىنى بىر كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ھازىر جۇڭگو تۇتقان يول ھەرگىزمۇ قانۇنسىز يول ئەمەس. ئەمەلىيەتتىمۇ جۇڭگو ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقىنىنى قانۇنلۇق، دەپ ھېسابلايدۇ. مەنمۇ شۇنداق. بۇ يەردە مەن ھەرگىزمۇ ئامېرىكا ياخشى، جۇڭگو ئەسكى دېمەكچى ئەمەس. شۇنداقلا ھەرگىزمۇ ئامېرىكا ئەسكى، جۇڭگو ياخشى، دېمەكچىمۇ ئەمەس. جۇڭگونىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ قارىغاندا، جۇڭگو ئۆزىنى ئامېرىكا ۋە بىر قىسىم قوشنىلىرىدىن قوغداش ئۈچۈن مەلۇم ئىشلارنى قىلىشى كېرەك. ئەمما ئۇلار ئۆزىنى قوغداش يولىدا قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە بىز «ماھىيەت جەھەتتىن باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش چارىسى» دەپ قارايمىز. ھەممە بىزمۇ ئۆزىمىزنى قوغداش ئۈچۈن بىر قىسىم بېكى تەدبىرلەرنى قوللىنىمىز. ئەمما، جۇڭگونىڭ قارىشىچە بىز قىلغان ئىشلار ماھىيەت جەھەتتىن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش تەدبىرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئەگەر جۇڭگو داۋاملىق تۆردە تەرەققىي قىلىپ مېڭىۋېرىپ، بىر چوڭ خوشكوڭغا ئايلىنىدىكەن، ئاسىيادا ناھايىتى چوڭ قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ چاغدا جۇڭگو ھازىرقىدىن ناھايىتى كۆپ ھەربىي قابىلىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. جۇڭگو ھازىرچە بىر قەغەز يولۋاستىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئامېرىكىغا تەھدىت كېلەلمەيدۇ. ئەمما، مەن يۇقىرىدا دېگەن ئەھۋاللار جۇڭگو تەرەققىي قىلىپ، ئامېرىكىغا تەھدىت كېلەلىگۈدەك بولغاندا ئاندىن يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللاردۇر.

مەن ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە، باشقا بارلىق ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىلىرىگە ئوخشاش، بىر قىسىم

ۋاقىتلاردا توغرا بولۇپ چىقىپ، ھەممە ۋاقىتلاردا توغرا بولۇپ چىقىۋەرمەيدۇ. ئۆزۈمنىڭ يەكۈنىگە ئاساسلانغاندا، مېنىڭ نەزەرىيەم 75 پىرسەنت ۋاقىتلاردا توغرا بولۇپ چىقىدۇ. مېنىڭچە بىر ئادەم ئىجتىمائىي-پەن نەزەرىيىسىدە قولغا كەلتۈرەلەيدىغان ئەڭ ياخشى نەتىجە ئەنە شۇنىچىلىك بولىدۇ. يەنى، مېنىڭ نەزەرىيەم ھەممە ۋاقىتلاردا توغرا بولۇپ چىقىۋەرمەيدۇ. بىز ھەممىمىز مەن يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان مۆلچەرلەرنىڭ ھېلىقى توغرا بولۇپ چىقمايدىغان 25 پىرسەنت ۋاقىتنىڭ بىرسىگە توغرا كېلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلايلى. رەھمەت!

ئىلاۋە: جون مىئېرشايمېر (John Mearsheimer) نىڭ رەسمىي دوكلاتى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. مەزكۇر دوكلاتتىن كېيىن سوئال-جاۋاب پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، مەن كېيىنكى يازمامدا ئاشۇ پائالىيەتتە ئوتتۇرىغا چۈشكەن بىر قىسىم مەزمۇنلارنى، شۇنداقلا جون مىئېرشايمېر باشقا بىر پروگراممىدا ئوتتۇرىغا قويغان بىر قىسىم مۇھىم كۆز-قاراشلارنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

رەسمىي دوكلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جون مىئېرشايمېر (John Mearsheimer) بىلەن دوكلاتنى ئاڭلىغىلى كەلگەنلەر ئوتتۇرىسىدا سوئال-جاۋاب پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. تۆۋەندە مەن ئاشۇ سوئال-جاۋاب پائالىيىتىدە بايان قىلىنغان كۆز-قاراشلارنىڭ ئۆزۈم تاللىغان قىسمىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

### 1-سوئال: جۇڭگونىڭ غەربىي يېرىم شاردىكى ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچىيىشى ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك ئورنىغا تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟

جاۋاب: مەن ئوخشىمىغان ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي باغلىنىش ئوينايدىغان مۇھىم روللار ھەققىدە پەقەت جۇڭگونىڭ ئۆزىدىلا 35 قېتىمدەك ئىلمىي دوكلات بېرىپ بولدۇم. مەن بۈگۈنكى دوكلاتىمدا تىلغا ئالغىنىمدەك، ئەگەر جۇڭگو ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلىپ مېڭىۋېرىدىكەن، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا چوقۇم بىر قىسىم توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. مېنىڭ بۇ كۆز قارىشىمغا قوشۇلمايدىغانلار ئادەتتە مۇنداق 3 سەۋەبنى كۆرسىتىدۇ: (1) جۇڭگو بۇنىڭدىن كېيىن ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلىپ مېڭىۋەرمەيدۇ. (2) جۇڭگو كۈچكى تەلىماتى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولۇپ، ئۇ داۋاملىق كۈچىيىپ ماڭسىمۇ بىر تىنچلىق يولىنى تۇتۇپ ماڭىدۇ. (3) ئىقتىسادىي جەھەتتە ئوخشىمىغان ئەللەرنىڭ بىر-بىرىگە يۆلىنىشى. 3-سەۋەبنى كۆرسەتكەنلەرنىڭ قارىشىچە، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا، ۋە جۇڭگو بىلەن ئۇنىڭ قوشنىلىرى ئوتتۇرىسىدا ھازىر ناھايىتى كۈچلۈك ئىقتىسادىي بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولغاچقا، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆز-ئارا ئۇرۇشمايدۇ. يەنى، ھېچ قانداق بىر ئادەم ئالتۇن تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدىغان ئۆردەكنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى خالىمايدۇ. قىسقىسى، مېنىڭ نەزەرىيەمگە قارشى تۇرىدىغان نەزەرىيىدىكى 1-ئورۇندا تۇرىدىغان سەۋەب ئوخشىمىغان ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي باغلىنىش. ئەمما، مېنىڭ قارىشىمچە مېنىڭ نەزەرىيەمگە قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۇقىرىدىكىدەك نەزەرىيىلەر توغرا ئەمەس.

### 2-سوئال: نېمە ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆز-ئارا بېقىندىغان ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ؟

جاۋاب: بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئىقتىسادىي ساھە بىلەن سىياسىي ساھەنىڭ تەڭپۇڭلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىقتىساد ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم. ئەمما،

كۆپىنچە ئەھۋالدا سىياسىي مەنپەئەت ئىقتىسادىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر تەيۋەن مۇستەقىللىق ئېلان قىلىدىكەن، جۇڭگو بوۋگۇنلا ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش باشلايدىغانلىقى جاكارلىدى. روشەنكى، بۇنداق ئۇرۇش ئالتۇن تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدىغان ئۆردەكنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ يەردە جۇڭگو ئۆزىنىڭ سىياسىي مەنپەئىتىنى ئىقتىسادىي مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋاتىدۇ. سېنكاكۇ ئارىلى مەسىلىسىدىمۇ، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، سىياسىي مەنپەئەتنى كۆزلىگەن ئاساستا بىر قىسىم تاشلار ئۈچۈن ئۆز-ئارا ئۇرۇشۇپ قېلىشقا تاس قېلىۋاتىدۇ. دېمەك، سىياسەت ئىقتىسادتىن كۈپ كۈچلۈك.

جۇڭگودا كوممۇنىزم دېگەندەك بىر قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە ئەمەس، ھەمدە جۇڭگودا دېموكراتىيە يوق. شۇڭا جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تەرتىپنى ساقلاپ مېڭىشى ئىنتايىن قىيىنغا توختايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ھازىرقى تۈزۈمنى ساقلاپ مېڭىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى مىللەتچىلىك (**nationalism**) نى كۈچەيتىش. مىللەتچىلىك خۇددى بىر يېلىمدەك ئوخشىمىغان نەرسىلەرنى بىر گەۋدە قىلىپ تۇتۇپ تۇرالايدۇ. بۇنى بىز يېقىندىن بۇيان يۈز بېرىۋاتقان سېنكاكۇ ئارىلى ۋەقەلىرىدە كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ئۇ توقۇنۇشلاردا مىللەتچىلىك ھەممە ئىشلارنىڭ مەركىزى بولۇش رولىنى ئويناۋاتىدۇ.

ئامېرىكا ۋە جۇڭگوغا قوشنا دۆلەتلەر ئۈچۈن ئىقتىساد ناھايىتى مۇھىم. ئىقتىساد بەزى ۋاقىتلاردا توقۇنۇشلارنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئەمما، سىياسىي مەنپەئەت ھەر دائىم ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

**3-سوئال: سىزنىڭ نەزەرىيىڭىزنىڭ 75 پىرسەنت ۋاقىتتا توغرا چىقىپ، قالغان 25 پىرسەنت ۋاقىتتا توغرا چىقمايدىغانلىقىنى تىلغا ئالدىڭىز. جۇڭگو ئەھۋالىنىڭ ئاشۇ 25 پىرسەنتكە توغرا كېلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى قانچىلىك؟**

جاۋاب: مېنىڭ نەزەرىيەمگە قارشى چىقىپ پىكىر قىلىدىغانلار ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق 3 سەۋەبنى كۆرسىتىدۇ: (1) يادرو بومبىسى بار دۆلەتلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن تۆۋەن بولىدۇ. بۇ ماڭا قويۇلغان ئەڭ كۈچلۈك قارشى پىكىر بولۇپ، بۇ پىكىردىكىلەرنىڭ قارىشىچە ھېچ كىم يادرو بومبىسى بىلەن پارغا ئايلىنىپ كېتىشنى، ۋە 3-دۇنيا ئۇرۇشىنى باشلاشنى خالىمايدۇ. (2) ئوخشىمىغان ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىدا بىر-بىرىگە يۆلىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بولۇپ، بۇ نۇقتىنى مەن يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. (3) مىللەتچىلىك مەسىلىسى. مەن مۇشۇ مەسىلە سەۋەبى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئىراق ئۇرۇشىغا قارشى چىققان. كۆپىنچە كىشىلەر ئەڭ كۈچلۈك سىياسىي ئىدېئولوگىيە دېموكراتىيە، دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەڭ كۈچلۈك سىياسىي ئىدېئولوگىيە دېموكراتىيە بولماستىن، بەلكى مىللەتپەرۋەرلىك. مىللەتپەرۋەرلىك ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى قارار قىلىش، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. مىللەتپەرۋەرلىك بىر دۆلەتنىڭ يەنە بىر دۆلەتكە تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇنى ئىشغال قىلىۋېلىشنى ناھايىتى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. مىللەتپەرۋەرلىك كۈچلۈك بولمىغان بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئامېرىكا ئۇ زېمىن بۇ زېمىنلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ زېمىنى قىلىپ ماڭغان ئىدى. ئەمما، ھازىر دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە مىللەتپەرۋەرلىك ئىنتايىن كۈچىيىپ كەتكەن بولۇپ، سىز باشقىلارنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ بارسىڭىز، چوڭ بالايىئاپەتكە ئۇچرايسىز. ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئەنە شۇنداق بولدى. ۋېيېتنامغا فرانسىيەمۇ تاجاۋۇز قىلىپ باقتى، بىزمۇ تاجاۋۇز قىلىپ باقتۇق. ئەمما ئۇنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ياخشى بولمىدى. ئىراققا قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىقنىڭ

**ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھازىر ھەممىمىزگە ئايان. بۈگۈنكىدەك مىللەتپەرۋەرلىك زامانىدا ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرقتىكى بىر دۆلەتكە بېسىپ كىرىپ، ئۇ يەردە ئىجتىمائىي ئىنژېنېرلىق ئېلىپ بارماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئىشى زادىلا ئاقمايدۇ.**

**شۇڭلاشقا باشقىلارنى ئۆزگە بويسۇندۇرۇشتا جۇڭگو قىلالايدىغان ئىشلارمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇلار 1979-يىلى ۋيېتنامغا تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ، دەككىسىنى خېلى ياخشى يەۋالدى.**

**4-سوئال: بۇرۇن ياۋروپانىڭ رايونلۇق مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن ياۋروپا بىرلىكى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن. سىزچە بۈنىڭدىن كېيىن جۇڭگوغا تاقابىل تۇرىدىغان، ياۋروپا بىرلىكىگە ئوخشاش بىر ئاسىيا ئەللىرى بىرلىكىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش ئېھتىماللىقى بارمۇ؟**

**جاۋاب: ئاسىيانىڭ ئەھۋالى ياۋروپاغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىسى جۇڭگوغا قارشى بىر ئاسىيا بىرلىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز. مەسىلەن، ئەگەر جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئۇرۇشۇپ قالىدىكەن، ھىندىستان، مالايسىيا ۋە ۋيېتنام قاتارلىق ئەللەرنىڭ ياپونىيە بىلەن بىرلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇ ئەللەر ناھايىتى ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، ئاندىن ياپونىيە رايونىغا كېلىشى كېرەك. شۇڭلاشقا بۇ سوئالغا بىر قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تېپىش بىر ناھايىتى قىيىن مەسىلە بولۇپ، مېنىڭچە بۇ بىر تەتقىقات تېمىسى بولالايدۇ.**

**5-سوئال: جۇڭگو ھازىر كوممۇنىزم ۋە ماركسىزم يولىدىن چەتنەپ، بىر خىل فاشىزم يولىغا مېڭىۋاتقاندەك قىلىدۇ. بىر تەرەپتىن كاپىتالىستلارنىڭ باي بولۇشىغا يول قويۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزگە خاس بىر خىل ئالاھىدە سىياسىي مەنپەئەتنى قوغلىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇلار يەنە شىنجاڭ ۋە تىبەتتە كىشىلىك ھوقۇقنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىدىغان سىياسەتلەرنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. سىزچە جۇڭگو ھازىر بىر خىل ئېتنىك مىللەتچىلىك يولىغا مېڭىۋاتامدۇ؟ قارايدىغان بولساق، ھازىر كۆپ ساندىكى خەنزۇلار شىنجاڭ ۋە تىبەتكە كۆچۈپ بېرىپ يەرلىشىپ، ئۇ يەردىكى خەلقلەر بىلەن ئېتنىك توقۇنۇش پەيدا قىلىۋاتىدۇ، ھەمدە كىشىلىك ھوقۇقلارنى دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ. سىزچە جۇڭگونىڭ ئىدېئولوگىيىسى جۇڭگو ئىچىدە ۋە خەلقئارادا بۇنىڭدىن كېيىن قانداق مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىدۇ؟**

**جاۋاب: مەن تاكى بۈگۈنگە كەلگۈچە فاشىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخى تولۇق چۈشىنىپ بولالمىدىم. شۇڭلاشقا، گەرچە مەن سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى خاتاغا چىقارمىساممۇ، سوئالىڭىزنىڭ فاشىزمغا ئائىت قىسمى ئۈستىدە توختالمايمەن. جۇڭگو بىر ھاكىممۇتلەقچىلىك تۈزۈمىدىكى (totalitarian) دۆلەت. ئادەتتە ھاكىممۇتلەقچىلىك تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنى بىر دېموكراتىك تۈزۈمگە قاراپ ئۆزگەرتىپ ماڭالمايدۇ، ئەمما جۇڭگو ھازىرچە دېموكراتىيىگە قىزىقىدىغاندەك قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا جۇڭگو ھاكىمىيىتى ھازىر بىر تولۇق قانۇنىي ئاساسقا ئىگە ئەمەس بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئەھۋال بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تۈردە ناچارلىشىپ مېڭىشى مۇمكىن. ھەمدە مىللەتچىلىكنى كۈچەيتىش چارىسىغا تايىنىشى مۇمكىن. شىنجاڭ ۋە تىبەت مەسىلىسىدە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھازىر ئاشۇ رايونلاردا يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللاردىن ناھايىتى ئەنسىرەۋاتقان بولۇپ، ئۇ يەرنى كونترول قىلىشتا ئۇ رايونلارغا ناھايىتى كۆپ ساندىكى خەنزۇ نوپۇسىنى يۆتكەشكە ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ۋەزىيەت شۇنداق قىلىشقا قىستايدىكەن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىنسان ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىۋېرىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلار كۆرسىتىدىغان سەۋەبلەر بىلەن ئامېرىكا**

كۆرسىتىدىغان سەۋەبلەر ئوخشاش. كۆپلىگەن دۆلەتلەر بەزىدە يالغۇز ئۆز خەلقلىرىگىلا ئەمەس، باشقا ئەللەرنىڭ خەلقلىرىگىمۇ ۋەھشىي ئىشلارنى قىلىدۇ. ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى مەملىكەت ئىچىدە دۆلەت ھاكىمىيىتىگە تەھدىت بولىدىغان كۈچلەر باش كۆتۈرۈۋاتىدۇ، دەپ قارايدىكەن، ئۇلار چوقۇم بىر قىسىم زوراۋان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھېلىقىدەك كۈچلەرنى يوقىتىشقا تىرىشىدۇ. مەن يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان 5 پەرەزنىڭ بىرى مۇنداق: ھەر بىر دۆلەتنىڭ ئاساسىي نىشانى ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش. جۇڭگومۇ ئاشۇنداق دۆلەتلەرنىڭ بىرى. بەزى دۆلەتلەر بەزىدە چوڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىقلارنىمۇ ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب مەلۇم بىر ئىدېئولوگىيىنى قوغلىشىش بولماستىن، بەلكى مەلۇم بىر ئىستراتېگىيىلىك مەقسەت ئۈچۈن بولىدۇ. يەنى ئۇلار ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. مەن بۇ يەردە جۇڭگونى ئاقلىماقچى ئەمەسمەن. مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم، بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگودا چوڭ كۆلەملىك ئىنسان ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن.

### 6-سوئال: سىزچە بۇنىڭدىن كېيىنكى جۇڭگو-رۇسىيە مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: مەن يۇقىرىدا تەكىتلىۋاتقان تۈرۈمدا كۈچلەر ھەمكارلىقى ھەققىدە توختالغاندا، بىر تەرەپتە جۇڭگو بار بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتە ئامېرىكا، ياپونىيە، جەنۇبىي كورېيە، سىنگاپور، ۋيېتنام، ھىندىستان، ئاۋستىرالىيە ۋە رۇسىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. يەنى، جۇڭگوغا قارشى ھەمكارلاشقۇچى ئەللەر ئىچىدە رۇسىيەمۇ بار، دېدىم. سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىنىڭ دۈشمىنى بولدى. ئامېرىكا 1965-يىلدىن 1975-يىلغىچە ۋيېتنام بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولۇپ، ئۇ 20-ئەسىردىكى ئەڭ قانلىق ئۇرۇش بولدى. شۇنداق بولسىمۇ ۋيېتنام ھازىر ئامېرىكا بىلەن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ھەمكارلىشىشنى ئىستەۋاتىدۇ. يەنى، بۇرۇن ئۆز-ئارا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن بولۇش رولىنى ئالغان ئىككى دۆلەت ھازىر بىرلەشمەكچى بولۇۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا مېنىڭچە رۇسىيە بىلەن ئامېرىكا جۇڭگوغا تاقابىل تۇرىدىغان ئىتتىپاقداشلارنىڭ ئەزالىرى بولىدۇ. بۇ ئىش جۇغراپىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. رۇسىيە جۇڭگو بىلەن چېگرىداش بولۇپ، ئۇلار 1969-يىلى بىر چېگرا ماجىراسى تۈپەيلىدىن ئۆز-ئارا ئۇرۇشقىلى تاس قالغان. ئەگەر جۇڭگو توختىماي تەرەققىي قىلىپ، ئەتراپىدىكىلەرنى سىرتقا ئىتتىرىپ، ئەتراپىدىكىلەرگە مۇش تەڭلەپ يۈرۈيدىكەن، رۇسىيە باشقا بىر قىسىم ئەللەرگە قوشۇلۇپ، ئامېرىكا بىلەن بىر تەرەپتە تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىنى ھازىرچە كۆرگىلى بولمايدۇ. ئامېرىكا ھازىر ئوتتۇرا شەرقتە ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، ھازىرچە رۇسىيە جۇڭگو بىلەن بىرلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ، ب د ت نىڭ سۇرىيە ئۈستىدىن چىقارغان قارارلىرىنى ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزمەيۋاتىدۇ. ب د ت لىۋان ئۈستىدىن قارار ئالماقچى بولغاندىمۇ، رۇسىيە بىلەن جۇڭگو بېلەت تاشلاش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن ئىدى. مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ھازىر ياخشى دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار. ئەمما، مېنىڭ پەرىزىمچە بۇ خىل ئەھۋال كەلگۈسىدە ئۆزگىرىدۇ. خۇددى ياپونىيە ۋە ھىندىستانغا ئوخشاش، رۇسىيە كەلگۈسىدە ئامېرىكا تەرەپكە ئۆتىدۇ.

«ئىلاۋە»: پروفېسسور جون مىئېرشايمېر 2013-يىلى 10-ئاپرېلدىمۇ باشقا بىر ئالىي مەكتەپتە ئوخشاش تېمىدا دوكلات سۆزلىگەن بولۇپ، يۇتيۇبتىكى سىن ھۆججىتىدە ئۇ دوكلاتنىڭ قايسى ئۇنىۋېرسىتېتتا سۆزلەنگەنلىكى ھەققىدە ھېچ قانداق ئۇچۇر بېرىلمەپتۇ. بۇ دوكلاتنىڭ ئاخىرىدىمۇ سوئال-جاۋاب پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، مەن مەزكۇر يازمىدا جون مىئېرشايمېر سوئاللارغا جاۋاب

**بەرگەندە ئوتتۇرىغا قويغان كۆز-قاراشلاردىن ئۆزۈم مۇۋاپىق كۆرگەنلىرىنى تاللاپ تونۇشتۇرىمەن. بۇ 2-دوكلاتنىڭ مەنبەسىنى مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا 2-مەنبە قىلىپ كىرگۈزۈپ قويدۇم.**

**7-سوئال: سىز، ئامېرىكا جۇڭگونىڭ رايونلۇق زومىگەرى بولۇۋېلىشىغا يول قويمايدۇ، دېدىڭىز. ئامېرىكا بۇ ئىشنى قانداق ئىشقا ئاشۇرىدۇ؟ ئىقتىسادىي ۋاستە بىلەنمۇ، ھەربىي ئۇرۇش بىلەنمۇ، ياكى باشقا تەدبىر بىلەنمۇ؟**

**جاۋاب: ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بار بولغىنىدەك، ئىقتىسادىي كۈچ ھەربىي كۈچنىڭ ئاساسى. ھەربىي كۈچنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى نەرسە بار. ئۇنىڭ بىرى بايلىق. يەنە بىرى نوپۇس سانى. شۇڭلاشقا ناھايىتى باي بولۇش، ۋە ناھايىتى كۆپ ساندىكى نوپۇسقا ئىگە بولۇش تولىمۇ مۇھىم. جۇڭگونىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا بىزنى ئىنتايىن قورقۇتىدىغان نەرسىلىرىنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ نوپۇسى ئىنتايىن كۆپ، يەنە بىرى بولسا ئۇلار كەلگۈسىدە ناھايىتى زور مىقداردىكى بايلىققىمۇ ئىگە بولۇشى مۇمكىن.**

**جۇڭگونى چەكلەش ھەققىدە گەپ بولغاندا داۋاملىق ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بىر گەپ «ئامېرىكا جۇڭگو ئىقتىسادىغا بۇزغۇنچىلىق قىلالامدۇ-يوق»، دېگەندىن ئىبارەت. مېنىڭچە بۇ سوئالنىڭ جاۋابى «ياق، ئۇنداق قىلالمايدۇ». بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ باققانلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئاخىرىدا «بىز جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنى چەكلىيەلمەيدىكەنمىز»، دېگەن خۇلاسىگە كېلىۋاتىدۇ.**

**سىز جۇڭگو بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ئۇنى داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ مېڭىشتىن توسۇش چارىسىنىمۇ تىلغا ئالدىڭىز. بۇنى «ئالدىنى ئېلىش ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسى» دەپ ئاتىساق بولىدۇ. ئامېرىكا ئىراققا ئەنە شۇنداق ئىستراتېگىيىنى قوللاندى. ئەمما، مېنىڭچە ئامېرىكا جۇڭگوغا ئۇنداق قىلمايدۇ. بىزنىڭ جۇڭگوغا ئىشلىتىدىغان ئىستراتېگىيىمىز مېنىڭچە بىۋاستە چەكلەش (straight containment) ئىستراتېگىيىسى بولىدۇ. يەنى، ئامېرىكىنىڭ قوللىنىدىغىنى بىز سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشلەتكەن ئىستراتېگىيە بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بىز بىر تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ھەمكارلىق ئەللىرى (balancing coalition states) نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، جۇڭگونى چەكلەش ئۈچۈن ئۇنى بىر قورشاۋ ئىچىگە ئالىمىز. بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىمۇ شۇنداق قىلغان.**

**8-سوئال: جۇڭگوغا تەسىر كۆرسىتىشتە ب د ت قانداق رول ئوينايدۇ؟ ھازىر ئاساسىي رول ئويناۋاتقىنى پەقەت ئامېرىكىلا بولۇۋاتىدۇ.**

**جاۋاب: سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدا، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىشتا ب د ت كىچىككىنە رول ئوينىدى. جۇڭگو تەرەققىي قىلىپ، مەن يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن بىخەتەرلىك رىقابىتى يولغا قويۇلغان ۋاقىتتا، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئۈچۈن ب د ت تىن پايدىلىنىش ئانچە مۇمكىن بولمايدۇ. سەۋەبى جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىدىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ب د ت قارارلىرىنى رەت قىلىش ھوقۇقى بار. شۇڭلاشقا ب د ت بىز ئۈچۈن بىر ناھايىتى پايدىلىق قورال بولۇپ بېرەلمەيدۇ. ب د ت سوۋېت ئىتتىپاقى گۇمران بولغان 1989-يىلدىن 2010-يىلىغىچە بولغان 20 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە بىر ناھايىتى كۈچلۈك ئورۇنغا ئۆتتى. ئۇنىڭ سەۋەبى ئاشۇ مەزگىلدە ئامېرىكا باشقا ھەممە دۆلەتلەردىن كۆپ كۈچلۈك بىر ئورۇندا تۇرالىدى.**

تۈرغانلىقىدۇر. ئاشۇ بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە ئامېرىكا ب د ت دىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىدى. ئەمما، شۇ چاغدىمۇ رۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئۆزلىرىنىڭ ب د ت قارارلىرىنى رەت قىلىش ھوقۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىزنىڭ بىر قىسىم پىلانلىرىمىزنى توسۇپ قالالىغان ئىدى. ئەگەر جۇڭگو داۋاملىق كۈچىيىپ ماڭىدىكەن، ب د ت نىڭ رولىمۇ بۇرۇنقىدەك بولالماي قالىدۇ.

ب د ت 1945-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ شۇ چاغدىكى دۇنيادىكى كۈچلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىغا ۋەكىللىك قىلغان بولسىمۇ، ھازىرقى دۇنيا كۈچلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەر ب د ت دائىمىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ئەمەس. جەنۇبىي ئامېرىكىدىن ب د ت دائىمىي ئىشلار كومىتېتىغا ئەزا دۆلەتلەردىن بىرسىمۇ يوق. ئەگەر ھازىر ب د ت نى ئۆزگەرتىدىغان بولساق، گېرمانىيە، ياپونىيە، ھىندىستان ۋە بىرازىلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر دائىمىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بولالىشى مۇمكىن.

**9-سوئال: بەزىلەر «جۇڭگونىڭ يادرو بومبىسى ئامېرىكىغا بىۋاستە ئۇچۇپ كېلەلەيدىغان بولغاندا، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيە، جەنۇبىي كورىيە ۋە تەيۋەن قاتارلىق ئەللەر بىلەن بىرلىشىپ جۇڭگونى چەكلەش ئىستراتېگىيىسى ئىشلىمەس بولۇپ قالىدۇ»، دەپ قارايدىكەن. سىز بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟**

جاۋاب: مېنىڭچە ئۇلارنىڭ پەرىزى خاتا. مېنىڭ نەزەرىيەمگە قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەڭ كۈچلۈك ئىدىيىلەرنىڭ بىرى يادرو قورالى بار ئىككى دۆلەتنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەندىن ئىبارەت. مۇشۇنداق ئىدىيىگە ئىگە كىشىلەر سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھازىر يادرو قورالى بار ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشمايدۇ، دەپ قاراۋاتىدۇ.

ئامېرىكىدىكى جورج ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى چارلىس گلېيزېر (Charles L. Glaser) «ئامېرىكا تەيۋەندىن ۋاز كېچىشى كېرەك»، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى [4]. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى، بىز تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ ئوت تۇتاشتۇرۇشى سەۋەبىدىن جۇڭگو بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. مەن جۇڭگوغا بېرىپ ئىلمىي دوكلات بەرگەندە، ئۇ يەردىكى زىيالىيلار مېنىڭ نەزەرىيەمگە قارشى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئەڭ كۈچلۈك كۆز-قاراش، ئامېرىكا-جۇڭگودىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ ھازىر ئىقتىسادتا بىر-بىرىدىن ئايرىلالماس بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت. ئەمما، جۇڭگولۇقلار سىزگە مۇنداق بىر نەرسىنىمۇ دەيدۇ: ئەگەر تەيۋەن مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ قالىدىغان بولسا، جۇڭگو ھېچ قانداق ئىككىلەنمەستىن تەيۋەن بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك «جۇڭگو ئامېرىكا بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ»، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ دېمەكچى بولغىنى سىياسەت ئىقتىسادتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. جۇڭگو تەيۋەن بىلەن ئۇرۇشسا ئالتۇن تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدىغان ئۆردەكنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر چوڭ بالايىئاپەت يۈز بېرىدىغانلىقىنى جۇڭگولۇقلار ئوبدان بىلىدۇ. شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق يۇقىرىقىدەك يول تالىلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئىقتىسادقا قارىغاندا سىياسەت بەكرەك مۇھىم ئىكەنلىكىدىندۇر. بۇ نۇقتىنى چارلىس گلېيزېر تولۇق چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئامېرىكىغا تەيۋەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش تەكلىپىنى بېرىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن مۇنداق بىر ئىشنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: يادرو قورالى دەۋرىدىمۇ بىخەتەرلىك رىقابىتى ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. سوغۇق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

ھەر ئىككىسىدە يادرو قورالالار بار بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بىخەتەرلىك رىقابىتى ئۇزۇلۇپ باقمىغان ئەمەس.

شۇڭلاشقا مېنىڭ قارىشىمچە، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر-بىرىگە يۆلىنىش ھالىتى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇش ئېھتىماللىقىنىڭ دەرىجىسىنى بىر ئاز تۆۋەنلىتىدىغان بولۇپ، يادرو قورالالىرىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار ھېلىقىدەك ئېھتىماللىقنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ.

## 10-سوئال: سىزچە ئامېرىكا چەت ئەللەردىكى ھەربىي كۈچ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشى كېرەكمۇ؟

جاۋاب: مېنىڭچە ئەگەر ئوتتۇرا شەرق، ياۋروپا ۋە ئاسىيادا بىرەر رايونلۇق زومىگەرنىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقىلا مەۋجۇت بولمايدىكەن، ئامېرىكا ئۇ يەرلەردە بىر كۈچلۈك ھەربىي قوشۇننى تۇرغۇزماسلىقى كېرەك. ئامېرىكا 1968-يىلىغىچە ئوتتۇرا شەرقتە بىرەر ھەربىي بازا قۇرمىدى. سەۋەبى، ئامېرىكا 1945-يىلىدىن 1968-يىلىغىچە ئوتتۇرا شەرقتىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئەنگلىيەگە تاياندى. 1968-يىللىرىغا كەلگەندە ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى ئاجىزلاپ، «بىز ئوتتۇرا شەرقنى قوغدىيالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق»، دېدى. ئاشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىز ئىراننىڭ پادىشاھى بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتۇق. شۇنىڭ بىلەن 1968-يىلىدىن 1979-يىلىغىچە ئوتتۇرا شەرقتىكى مەنپەت ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىزگە ئىران قىلىپ بەردى. 1979-يىلى ئىران پادىشاھى ئۆرۈپ تاشلىنىپ، ئاياتوللا خومەينى ھوقۇقنى ئۆز قولىغا ئالدى. شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلدى. ئافغانىستان بىلەن ئىران قوشنا دۆلەتلەردۇر. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىزگە كېڭەيمىچىلىك قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، بىزنى ناھايىتى قورقاتتى. بىز ئۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئىرانغا كىرىپ، ئىراندىكى نېفىتكە ئىگە بولىۋالىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇرى بولدۇق. پرېزىدېنت كارتېرنىڭ ۋاقتىدا بىز بىر ناھايىتى تېز ھۇجۇمغا ئۆتەلەيدىغان ھەربىي قوشۇننى بەرپا قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇ ئىش پرېزىدېنت رېگاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئاندىن تاماملاندى. شۇ چاغدا ئامېرىكا تۇنجى قېتىم پارس قولتۇقىدا ئىش ئېلىپ بارىدىغان ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى بەرپا قىلدى. ئۇ بىر ناھايىتى تېز ھۇجۇمغا ئۆتەلەيدىغان قوشۇن ئىدى. ئۇ قوشۇن پارس قولتۇقىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان بولۇپ، زۆرۈر بولغاندا ئۇ رايونغا ناھايىتى تېزلا يۆتكىلىپ بارالايتتى. بۇ چەت ئەللەردىكى ھەربىي كۈچنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋالدا ھەربىي قوشۇنلار چەت ئەلدىكى رايونلارغا جايلاشقان بولىدۇ. 1991-يىلى بىز 1-قېتىملىق ئىراق ئۇرۇشىنى ئېلىپ باردۇق. 1993-يىلى كلىنتون پرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن، بىر ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدى. ئۇ بولسىمۇ ئامېرىكا قوشۇنىنى ئىراق دېڭىز قولتۇقى رايونىدا تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت. بىز ئەسكەرلىرىمىزنى ئۇ رايونلاردىن ئېلىپ چىقىپ كەتمىدۇق. بۇش پرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن ئۇ رايونلاردا دۆلەت ھاكىمىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇ رايونلارنى دېموكراتلاشتۇرماقچى بولدى. چەت ئەلدىكى كۈچلەرنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش (**balancing offshore power**) ئىستراتېگىيىسى بويىچە بولغاندا، ئۇ يەردە ھەرگىزمۇ ئەسكەر تۇرغۇزماسلىق، قىلىدىغان ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىنلا دەرھال ئەسكەرلەرنى ئۇ يەرلەردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىش كېرەك ئىدى.

سوغۇق ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا ياۋروپادىكى ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنىمۇ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بولسا توغرا بولاتتى. ئامېرىكا ياۋروپانى قوغداشقا خەجلىگەن پۇللارنى ئامېرىكىنىڭ

ئىچىدىكى يول ۋە كۆۋرۈكلەر قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى قايتىدىن ياساپ چىقىش ئىشلىرىغا خەجلىگەن بولسا توغرا بولاتتى. بىز ئۆز-ئۆزىنى تولۇق قوغدىيالايدىغان كىشلەرنى قوغداشقا پۇل خەجلىمىسەك توغرا بولاتتى. مەن ھەر قېتىم ياۋروپاغا بېرىپ، ئۇ يەرلەردىكى گۈزەل ئىمارەتلەرنى كۆرگىنىمدە، ناھايىتىمۇ زەردەم قايناپ كېتىدۇ. بىز شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپ، ئۆز-ئۆزىنى پۇتۇنلەي قوغدىيالايدىغان ياۋروپالىقلارنى قوغداۋاتىمىز. ياۋروپادا ھازىر بىر رايونلۇق زومىگەر بولۇۋالالايدىغان كۈچ مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭلاشقا بىز ئۇ يەردە چەت ئەللەردىكى كۈچلەرنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئىشىنى ئېلىپ بارمىساقمۇ بولۇۋېرىدۇ.

چەت ئەلدىكى كۈچلەرنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارنىڭ قارىشى مۇنداق: چەت ئەلدىكى مەلۇم بىر جايدا بىر دۆلەت رايونلۇق زومىگەر بولۇۋېلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئۇنى شۇ يەردىكى باشقا ئەللەر چەكلىيەلمەيدىكەن، ئۇ ھالدا سىز شۇ رايوندا ئۇزۇن مۇددەت ئەسكەر تۇرغۇزسىڭىز بولىدۇ. سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلدە يۈز بەرگەن ئەھۋال ئەنە شۇنداق. 1945-يىلى گېرمانىيە مەغلۇپ قىلىنىپ، 3-4 پارچىغا بۆلۈۋېتىلدى. ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ھالىدىن كەتتى. سوۋېت ئارمىيىسى بېسىۋالغان يەرلەردىن چىقىپ كەتمەي، ئۇ رايونلارنى بېسىپ ياتتى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلەش ئۈچۈن ئامېرىكا ئۇ رايونغا ئەسكەر ئەۋەتىشكە، ھەمدە ئۇ ئەسكەرلەرنى ئاشۇ رايونلاردا 40 يىلدەك ۋاقىت تۇرغۇزۇشقا مەجبۇرى بولدى.

ئەمدى ئاسىياغا كەلسەك، ياپونىيە، جەنۇبىي كورىيە، ھىندىستان ۋە رۇسيە قاتارلىق ئەللەر جۇڭگونى چەكلەپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا ئەگەر جۇڭگو داۋاملىق كۈچىيىپ مېڭىۋېرىدىكەن، ئامېرىكىنىڭ چەت ئەلدىكى كۈچلەرنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش قوشۇنى ئاشۇ رايونغا بېرىپ، ئاشۇ رايوندا نەچچە ئون يىل بازا قۇرۇپ تۇرۇشقا مەجبۇرى بولىدۇ.

### 11-سوئال: كىچىك بۇش يولى (Bush Doctrine) غا قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: مەن ھەر قېتىم جۇڭگوغا بارغاندا، ئۇ يەردىكىلەرگە مۇنداق دەيمەن: ئامېرىكا تېررورىزمغا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئافغانىستان بىلەن ئوتتۇرا شەرققە پېتىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى خورىتىۋاتىدۇ. تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇش جۇڭگو ئۈچۈنمۇ مۇھىم بولسىمۇ، ئۇلار دۇنيانىڭ ھېچ قانداق ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، ئامېرىكا قىلىۋاتقان ئىشلارنى قوللاپ قويۇپ ۋە ئامېرىكىغا ئىلھام بېرىپ قويۇپ، ھەدەپ ئۆزىنى كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلدۇرۇپ مېڭىش بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال جۇڭگو ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق. جۇڭگو ئۈچۈن ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەللەرگە قانچە كۆپ ھۇجۇم قىلسا، ئۇ يەرلەردىكى قانچە كۆپ ئەللەرنى بېسىۋالسا شۇنچە ياخشى. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە بىر قىسىم كىشىلەر بۇ ئىشتىن قاتتىق نارازى بولۇپ كەتتى. مەن بولسام «ئۇنىڭغا نېمىشقا نارازى بولىسىلەر؟ بۇ بىز ئۈچۈن يۈز بەرگەن ئەڭ ياخشى ئىشلارنىڭ بىرى»، دېدىم.

1954-يىلى فرانسىيە ۋېيتنامغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. 1964- ۋە 1965-يىلى ئامېرىكا ۋېيتنامغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرمەكچى بولغاندا فرانسىيەنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پرېزىدېنتى بىزگە «ئۇ دۆلەتكە ھەرگىزمۇ كىرمەڭلار. بىز ئۇ يەرگە كىرىپ باققان. ئۇ يەرگە كىرىش بالايىئاپەتتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ»، دېدى. ئەمما بىز ساراڭلىق قىلىپ، ۋېيتنامغا كىردۇق. ئاندىن ئۇ يەردىن 1973-يىلى يېڭىلىپ چىقتۇق. ئۇ چاغدا جۇڭگو بىزگە قارشى ۋېيتنامغا ياردەم قىلدى. ئەمما جۇڭگومۇ ساراڭلىق قىلىپ

1979-يىلى ۋېيېتنامغا تاجاۋۇز قىلدى، ھەممە جاجىسىنى قاتتىق يېدى. مەن 1965-يىلدىن 1975-يىلغىچە ئامېرىكا ئارمىيىسىدە ئىشلىگەن. شۇڭا ۋېيېتنام ئۇرۇشىنىڭ قانداق ئۇرۇش بولغانلىقىدىن ناھايىتى ياخشى خەۋىرىم بار. مەن ئۆگەنگەن بىر مۇھىم ئىش شۇ بولدىكى، ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ۋېيېتنام، ئافغانىستان ۋە ئىراقتەك دۆلەتلەردىن يىراق تۇرۇڭ. ئەگەر ئۇنداق دۆلەتلەرگە كىرىپ قالسىڭىز، جاجىڭىزنى يەتكۈچە يەيسىز. بىز ئافغانىستان ۋە ئىراق بىلەن ئۇرۇشۇپ ھەقىقەتەنمۇ نادانلىق قىلدۇق. ھازىر بەزىلەر تېخى ئىران بىلەن ئۇرۇشۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. جۇڭگو ئۈچۈن ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋال خۇددى بىر جەننەتتەك بولۇۋاتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ غەلىبە قىلىشتىن ھېچ قانداق ئۈمىد يوق ئۇرۇشلارغا پېتىپ قېلىشى ئۇلار ئۈچۈن يۈز بەرگەن ئەڭ ياخشى ئىش. سوغۇق ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى 22 يىلنىڭ 15 يىلىدا بىز ئوخشىمىغان يەرلەر بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق. يەنى سوغۇق ئۇرۇشتىن كېيىنكى ھەر 3 يىل ئىچىدىكى 2 يىل ئىچىدە بىز ئۇرۇش قىلدۇق. بۇ خىل ئەھۋال ھازىرمۇ ئاخىرلىشىدىغاندەك ئەمەس. ئەگەر جۇڭگولۇقلار ئەقىللىق بولىدىغان بولسا، ئامېرىكىنى مۇشۇنداق ئىشلارنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ توختاتماي قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە بولغان تەرەققىياتىنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا داۋاملاشتۇرۇپ ماڭىدۇ.

**12-سوئال: مەن مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا جۇڭگو تارىخىنى ئوقۇۋاتىمەن. مەن ھازىرغىچە ئىگىلىگەن بىلىملەرگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگولۇقلارنىڭ تارىخى باشقا رايون خەلقلىرىدىن ئۆزگىچە ئىكەن. ھەممە ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ چېگراسى ئىچىگىلا كۆڭۈل بولۇپ، سىرتىنىڭ ئىشلىرىغا ئاساسەن ئارىلىشىۋالمايدىكەن. سىز «جۇڭگو بۇنىڭدىن كېيىن تىنچ يول بىلەن تەرەققىي قىلالمايدۇ» دېگەندە قانداق ئامىللارنى كۆزدە تۇتىۋاتىسىز؟**

جاۋاب: مېنىڭ كۆز قارىشىم جۇڭگو باشقىلار بىلەن ئۆزلۈكىدىنلا ئۇرۇشىدۇ، ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا-جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا بىخەتەرلىك رىقابىتى يۈز بېرىپ، شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆز-ئارا تۇتىشىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا ھەربىي مۇسابىقە يۈز بېرىپ، ئوق چىقىرىپ ئۇرۇشىدىغان ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ باقمىغان. ئەمما مېنىڭچە ئۇ دەۋر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئامېرىكا-جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئوق چىقىرىپ ئۇرۇشۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى خېلىلا كۈچلۈك. بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا بىخەتەرلىك رىقابىتى يۈز بېرىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. بۈگۈنكى گېرمانىيە-فىرانسىيە مۇناسىۋىتىگە قاراپ باقىدىغان بولسىڭىز، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىخەتەرلىك رىقابىتى مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا ئۇلار بىر-بىرى بىلەن تىنچلىق مۇناسىۋەتنى ساقلىيالايدۇ.

مەن ئەمدى جۇڭگو تارىخى ھەققىدە قىسقىچە توختىلاي. مەن ھەر قېتىم جۇڭگوغا بارغاندا ئۇ يەردىكىلەردىن مېنىڭ نەزەرىيەم خاتا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مۇنداق 3 سەۋەبى بارلىقىنى ئاڭلايمەن: (1) ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر-بىرىگە يۆلىنىش نەزەرىيىسى، (2) «بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز كۇڭزى مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەت بىر تىنچلىقنى ياقلايدىغان مەدەنىيەت. بىز باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىشنى، ۋە بىر زومىگەر بولۇۋېلىشنى خالىمايمىز» دېگەن كۆز-قاراش، (3) جۇڭگو ھازىرقىدىن ئارتۇق تەرەققىي قىلمايدۇ، شۇڭا جۇڭگو دۇنيا ئۈچۈن بىر خەۋپ بولۇپ قالمايدۇ، دېگەن كۆز-قاراش. مېنىڭچە سىز ئۆگەنگەن جۇڭگو تارىخى بىلەن جۇڭگولۇقلار تەشۋىق قىلىۋاتقان جۇڭگو تارىخىنىڭ ھەر ئىككىسى خاتا. جۇڭگومۇ تارىختا كۆپلىگەن جايلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، باشقىلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋالغان [3]. ھەربىي

كۈچ جەھەتتە ئىمكانىيىتى يار بەرگەن ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇلار شۇنداق قىلغان. باشقىلارغا ھۇجۇم قىلماي، باشقىلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋالماي ئۆتكەن دەۋرلەرنىڭ ھەممىسى ھەربىي كۈچ جەھەتتە ئۇلاردا ئاشۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ۋاقىتلارغا توغرا كەلگەن. ھەقىقەتەنمۇ جۇڭگو داۋاملىق ئۆزلىرىنى «ياخشى تەرەپ» قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۆزلىرىنى «ياخشى تەرەپ»، دەپ تەشۋىق قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلار ئامېرىكا بىلەن ئوخشاش. ئەمما تارىختا سادىر قىلغان يامان قىلمىشلىرى جەھەتتە جۇڭگولۇقلارنىڭ باشقىلاردىن ھېچ قانداق پەرقى يوق.

## پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


[1] Why China Cannot Rise Peacefully 20:10
https://www.youtube.com/watch?v=CXov7MkgPB4
Part 2: 37:58

[2] Why China Cannot Rise Peacefully
https://www.youtube.com/watch?v=Jzlxl5wC1s4

[3] Crouching Tiger: John Mearsheimer on Strangling China & the Inevitability of War
https://www.youtube.com/watch?v=yXSkY4QKDlA&t=10s

[4] https://elliott.gwu.edu/glaser

# نېمىشقا لىدېرلار يالغانچىلىق قىلىدۇ؟

**2017-يىلى 5-ماي**

**مەن ئالدىنقى ماقالىدە ئامېرىكا چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دۇنياغا تونۇلغان تاشقى ئىشلار سىياسىيسى مۇتەخەسسىسى دوكتور جون مېئېرشايمېر (John Mearsheimer) نىڭ «جۇڭگو نېمىشقا تىنچ يول بىلەن تەرەققىي قىلالمايدۇ؟» دېگەن تېمىدىكى بىر مەيدان ئىلمىي دوكلاتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. دوكتور جون مېئېرشايمېرنىڭ داڭلىق كىتابلىرىنىڭ ئىچىدە «نېمىشقا لىدېرلار يالغانچىلىق قىلىدۇ: خەلقئارا سىياسەتتىكى يالغانچىلىق ھەققىدىكى ھەقىقەتلەر» دېگەن بىر كىتابمۇ بار بولۇپ، ئۇ مۇشۇ تېمىدىمۇ كۆپ قېتىم ئىلمىي دوكلات بەرگەن. ئاشۇ ئىلمىي دوكلاتلارنىڭ بىرى 2012-يىلى 1-مارتتا ئامېرىكىنىڭ چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلەنگەن بولۇپ، مەن مەزكۇر ماقالىدە ئاشۇ بىر قېتىملىق ئىلمىي دوكلاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. مەن بايان قىلىدىغان ئىدىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى مەنبەگە تەۋە بولۇپ، ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ سۆزلىرىنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى «ئىلاۋە» شەكلىدە بىر ئايرىم ئابزاس قىلىپ يازىمەن.**

**تۆۋەندىكىسى دوكتور جون مېئېرشايمېر دوكلاتىنىڭ مەن ئۆزۈم تاللىغان مەزمۇنلىرى.**

## 1. شەخسىيەتچى يالغانچىلىق بىلەن ئىستراتېگىيىلىك يالغانچىلىقنىڭ پەرقى

**يالغانچىلىق بەزىدە ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. بەزىدە مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ لىدېرى (رەھبىرى) نىڭ يالغانچىلىق قىلىشى مەلۇم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. يالغانچىلىق بەزىدە دۆلەت ھاكىمىيەت ھۆنەرلىرىنىڭ بىر ياخشى قورالى بولالايدۇ. يالغانچىلىقنى «شەخسىيەتچى يالغانچىلىق» بىلەن «ئىستراتېگىيىلىك يالغانچىلىق» دېگەن 2 تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. لىدېرلار ئۆزلىرى پايدا ئېلىش ئۈچۈن قىلىدىغان يالغانچىلىق شەخسىيەتچى يالغانچىلىق بولىدۇ. لىدېرلار دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ قىلىدىغان يالغانچىلىق بولسا ئىستراتېگىيىلىك يالغانچىلىق بولىدۇ.**

**مەن كىتابىمدا ئىراق ئۇرۇشىنى قوزغاش ئۈچۈن ئامېرىكا پرېزىدېنتى كىچىك بۇش قىلغان 4 خىل يالغانچىلىقنى تىلغا ئالدىم. بۇش ھاكىمىيىتى ئۇ يالغانچىلىقلارنى شەخسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قىلغان ئەمەس. ئۇلار ئىراق بىلەن ئۇرۇشۇش ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلىق، دەپ قاراپ، ئاشۇنداق يالغانچىلىقلارنى قىلغان. ھازىر ھەممەيلەننىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ئۇ بىر دۆتلۈك بىلەن ئېلىنغان قارار. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرى ئىراق ئۇرۇشى ئىشىدا «بىز توغرا ئىشنى قىلىۋاتىمىز»، دەپ ئويلىغان.**

**لىدېرلار قىلىدىغان يالغانچىلىقلارنىڭ بەزىلىرى «ياخشى يالغانچىلىق» كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن، سابىق ئامېرىكا پرېزىدېنتى كېننېدى كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كرىزىسى جەريانىدا قىلغان يالغانچىلىق ئەنە شۇنىڭغا كىرىدۇ. ئۇ ۋەقە مۇنداق: سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى باشلىقى خرۇشېۋ ئامېرىكا پرېزىدېنتى كېننېدىگە «ئەگەر سىلەر ئامېرىكىنىڭ تۈركىيەدىكى يۇپىتېر تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان**

بومبىلىرىنى ئۆز دۆلىتىڭلارغا قايتۇرۇپ كەتسەڭلار، بىزمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۇبادىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنى ئۆز دۆلىتىمىزگە قايتۇرۇپ كېلىمىز»، دەيدۇ. سىلەرنىڭمۇ خەۋىرىڭلاردا بولغىنىدەك، تۈركىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قوشنىسىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكىنىڭ يۈپيېتىر ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا توغرىلاپ قويۇلغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بومبىلىرى بولسا ئامېرىكىغا توغرىلاپ قويۇلغان. كېنىدىمۇ شۇنداق قىلىشقا رازى ئىدى. ئۇ 1961-يىلى 1-ئايدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولغان ۋاقىتتىلا تۈركىيەدىكى بومبىلارنى قايتۇرۇپ كېلىشنى ئارزۇ قىلغان بولۇپ، ئەمما Pentagon (ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى) ئۇنداق قىلالماي قالغان ئىدى. ئەگەر كېنىدى بۇ قېتىم خرۇشېۋ بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئاشۇ بومبىلارنى ئامېرىكىغا يۆتكەپ كەلسە، ئۇنى ئامېرىكا خەلقىگە چۈشەندۈرۈش تەسكە توختايتتى. تۈركىيەمۇ «ئامېرىكىنىڭ ياۋروپانى قوغداش ۋەدىسى تازا دېگەندەك مۇستەھكەم ئەمەسكەن»، دەپ ئويلاپ قالاتتى. شۇڭلاشقا كېنىدى خرۇشېۋغا مۇنداق دەيدۇ: «بىز شۇنداق كېلىشىپ، بومبىلىرىمىزنى يۆتكەيلى. ئەمما، بۇ ئىشنى دۇنياغا ئېلان قىلماي مەخپىي تۇتايلى. ئەگەر سىز بۇ ئىشنى ئاشكارىلاپ قويىدىكەنسىز، مەن ئۇنى ھەرگىزمۇ ئۆز ئۈستۈمگە ئالمايمەن. شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئەگەر ئامېرىكىدىكىلەر بۇ ئىشنى سىزدىن سوراپ قېلىپ، مەندىن سوئال سوراشقا باشلايدىكەن، مەن بۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ ئۆز ئۈستۈمگە ئالمايمەن.» كېيىن ئامېرىكىدىكى ژۇرنالىستلار بۇ ئىشنى سىزدىن قېلىپ، كېنىدىدىن سوئال سورىغاندا، كېنىدى ھەقىقەتەنمۇ «ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئىش يوق»، دەپ، يالغان سۆزلەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا كېنىدىنىڭ سۆزىگە مەنمۇ ئىشەنگەن ئىدىم. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئويلىغىنىمىز خاتا ئىكەن. كېنىدى بىزگە يالغان سۆزلىگەن ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئىشتا يالغانچىلىق قىلغىنىمۇ ياخشى بولۇپتىكەن. سەۋەبى، كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كرىزىسى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان ئىدى. ئەگەر ئاشۇنداق بولمىغان بولسا، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا يادرو بومبا ئۇرۇشى پارتلاپ قېلىش ئېھتىماللىقىمۇ بار ئىدى.

مەن بۈگۈنكى دوكلاتتا ئاساسەن ئىستراتېگىيىلىك يالغانچىلىق ئۈستىدە توختىلىمەن. ئىستراتېگىيىلىك يالغانچىلىق بەزىدە ياخشى يالغانچىلىق بولۇپ چىقىدۇ. بەزىدە بولسا ئېغىر خاتالىق بولۇپمۇ چىقىدۇ.

## 2. ئىستراتېگىيىلىك يالغانچىلىق

يالغانچىلىق دېگىنىمىز راست گەپ قىلىشقا قارىمۇ-قارشى بولغان ئەھۋالغا قارىتىلغان. يەنى، بىر تەرەپتە راست گەپ قىلىش، يەنە بىر تەرەپتە ئالدامچىلىق (deception) بار.

ئالدامچىلىق يەنە يالغانچىلىق، گەپ ئويىنىتىش، ۋە يوشۇرۇش (concealment) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

راست گەپ قىلىش دېگىنىمىز بىر ئادەمنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بىر ئەھۋالنى ئۇتتۇرلا، ھەممە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئەمەلىي پاكىتقا ئۇيغۇن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇشقا قارىتىلغان.

ئالدامچىلىق بولسا يۇقىرىقىنىڭ ئەكسى بولىدۇ. ئۈچ خىل ئالدامچىلىقنىڭ ئىچىدىكى يالغانچىلىق راست ئەمەس ئەھۋالنى راست قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشقا قارىتىلغان. بالىڭىز تاپشۇرۇقنى ئىشلىمىگەن بىر كۈنى سىز ئۇنىڭدىن «تاپشۇرۇقنى ئىشلىدىڭمۇ؟» دەپ سورىسىڭىز، ھەممە بالىڭىز: «ھەئە، ئىشلىدىم»، دەپ جاۋاب بەرسە، بىر بىر يالغانچىلىق بولىدۇ.

يەنە بىر مىسال: ئامېرىكا ئىراققا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى

2002-يىلى 27-دېكابىردا مۇنداق دېدى: «بىزدە ئوساما بىن لادىن بىلەن سادام ھۆسەيىن ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ھەققىدە پولاتتەك ئىسپات بار.» ئۇنىڭدىن تەخمىنەن 2 يىل ئۆتكەندە، يەنى 2004-يىلى ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «مېنىڭ بىلىشىمچە، بىن لادىن بىلەن سادام ھۆسەيىن ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ھەققىدە بىرەر كۈچلۈك پاكىت يوق.» مانا بۇ يالغانچىلىق.

يالغانچىلىقنىڭ يەنە بىر شەكلىمۇ بار. ئۇنىڭدا سۆزلىگۈچى يالغان گەپتىن بىرنى تۈپتۈزلا قىلمايدۇ، بەلكى، بىر قاتار گەپلەرنى قىلىپ، ئاڭلىغۇچىنىڭ ئۇنىڭ سۆزىدىن خاتا يەكۈن چىقىرىشىغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا سىز سۆزلىرىڭىزنى مەقسەتلىك ھالدا ئاڭلىغۇچىنى خاتا تەرەپكە يېتەكلەيدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىنىڭ خاتا يەكۈنگە ئېرىششىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىسىز.

مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى كىچىك بۇش مۇنداق دېدى: «سادام ھۆسەيىن 11-سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ بىر قىسمىغا مەسئۇل.» ئامېرىكا 2003-يىلى ئىراققا تاجاۋۇز قىلغاندا، ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ تەڭدىن تولىسى دەل شۇنداق، يەنى «سادام ھۆسەيىن 11-سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ بىر قىسمىغا مەسئۇل»، دەپ ئويلىغان. بۇنىڭ سەۋەبى بۇش ھۆكۈمىتى ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئامېرىكىلىقلارنى يۇقىرىدىكى گەپكە ئىشەندۈرگەنلىكىدىندۇر. بۇ ئىشتا بۇش ھۆكۈمىتى ھەرگىزمۇ «سادام ھۆسەيىن 11-سېنتەبىر ۋەقەسىنى بىۋاستە كەلتۈرۈپ چىقارغان»، دەپ ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويمىدى. بەلكى ئۇلار بىر مەزگىللىك ۋاقىت ئىچىدە سىزنى «11-سېنتەبىر ۋەقەسىنى سادام ھۆسەيىن كەلتۈرۈپ چىقارغان» دېگەنگە ئىشەندۈرىدىغان بىر قاتار باياناتلارنى بەردى.

ئىككىنچى خىل ئالدامچىلىق يوشۇرۇشتىن ئىبارەت. يوشۇرۇش دېگىنىمىز بىر ئادەمنىڭ ئاڭلىغۇچىغا بىر قىسىم پاكىتلارنى قەستەن دېمەسلىككە قارىتىلغان. مەسىلەن، ئامېرىكا ئىراق ئۇرۇشىنى قوزغاشتىن بۇرۇن قولغا چۈشكەن بىر قانچە تېررورىستلارنى سوراق قىلىپ، ئوساما بىنلادىن بىلەن سادام ھۆسەيىن ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق مۇناسىۋەتنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە چىش-تىرنىغىچە ئۆچ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان. ئەمما بۇش ھۆكۈمىتى بۇ ئۇچۇرنى ئامېرىكا خەلقىدىن يوشۇرۇپ، «ئۇ ئىككىسىنىڭ ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋىتى بار»، دېدى. بۇ يالغانچىلىقتا ئەمەس، بەلكى يوشۇرۇشتا كىرىدۇ.

ئۈچىنچى خىل ئالدامچىلىق گەپ ئوينىتىش (**spinning**) تىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەھۋالدا سىز بىۋاستە يالغانچىلىق قىلمايسىز، بەلكى باشقىلارغا ھېكايە ۋە پاكىتلارنىڭ ئىچىدىكى سىزگە پايدىلىقلىرىنى دەپ، سىزگە پايدىسىزلىرىنى بولسا قەستەن دېمەي ئايرىپ قويىسىز. مەسىلەن، بىر جۈپ ئوغۇل-قىزلار مۇھەببەتلىشىش پاراڭلىرىغا چۈشكەندە گەپ ئوينىتىدىغان ياكى گەپ يۆتكىلىدىغان ئىشلارنى كۆپ قىلىدۇ. ئەگەر ھازىر پرېزىدېنت ئوباما مۇشۇ مەيداندا بار بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن: «ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ئەھۋالى قانداقراق؟» دەپ سورايدىغان بولساق، ئۇ بىزگە ئىقتىسادنىڭ پەقەت ئىجابىي تەرەپلىرىنى دەپ، سەلبىي تەرەپلىرىنى تىلغا ئالماي ياكى يوشۇرۇپ، گەپ ئوينىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ياكى باشقا بىر ئەمەلدار يالغانچىلىق قىلمايدۇ، ئەمما گەپ ئوينىتىدۇ.

قىسقىسى، ئالدامچىلىقنىڭ يۇقىرىقىدەك 3 خىلى بار. بىز ھەممىمىز گەپ يورغىلىتىش ۋە يوشۇرۇش ئىشلىرىنى داۋاملىق قىلىپ تۇرىمىز. ئەمەلىيەتتە ئەگەر گەپ يورغىلىتىش ۋە يوشۇرۇش ئىشلىرى مەۋجۇت بولمايدىكەن، بىر جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرى نورمال ھالدا يۈرۈشمەيدۇ. ئەمما، يالغانچىلىق بىر پۈتۈنلەي باشقىچە ئىش. سىز باشقىلارنى «گەپ يورغىلىتىدۇ، يوشۇرىدۇ» دەپ خاراكتېرلىسىڭىز، كۆپىنچە كىشلەر ئۇنى قوبۇل قىلالايدۇ. ئەمما «يالغانچى» دەپ خاراكتېرلىسىڭىز، ئۇنى كۆپىنچە كىشلەر قوبۇل

قىلالمايدۇ.

ئەمدى مەن يۇقىرىدىكى ئالدامچىلىقلار خەلقئارا سىياسەتتە قانداق رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىمەن.

## 3. يالغانچىلىقنىڭ خەلقئارا سىياسەتتىكى قوللىنىلىشى

خەلقئارالىق يالغانچىلىقنىڭ تۆۋەندىكىدەك 5 خىل تۈرى بار.

(1) دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى يالغانچىلىق. بۇنىڭدا بىر دۆلەتنىڭ لىدېرى يەنە بىر دۆلەتنىڭ لىدېرى ياكى يەنە بىر دۆلەتنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرىغا يالغانچىلىق قىلىدۇ. مەسىلەن، سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدا، ئامېرىكا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇردى: ئەگەر ئۇلار شەرقىي ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلىدىكەن، ئامېرىكا يادرو بومبىسى بىلەن شەرقىي ياۋروپانى قوغدايدۇ. ئامېرىكىنىڭ بۇنداق تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى سەۋەب، ئامېرىكىنىڭ يادرو بومبىسى ئىشلىتىش ھەيۋىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايتتى. بىزنىڭ يادرو بومبىسى ئىشلىتىدىغانلىقىمىزغا، شۇنداق بولغاندا سوۋېت ئىتتىپاقى باشلىغان ئەنئەنىۋى ئۇرۇش بىر يادرو ئۇرۇشىغا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنسە، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي ياۋروپاغا ئەنئەنىۋى ئۇرۇش باشلىمايتتى. شۇڭلاشقا سوۋېتلىقلارنى بىزنىڭ يادرو بومبىسى ئىشلىتىدىغانلىقىمىزغا ئىشەندۈرۈش بىزگە ناھايىتىمۇ پايدىلىق ئىدى. ئەمما بىزنىڭ يادرو بومبىسىنى راست ئىشلىتىدىغانلىقىمىز ياكى ئىشلەتمەيدىغانلىقىمىز ئېنىق ئەمەس ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئۆزىلا ئۇ يەردە ناھايىتى ئېغىر پاجىئە پەيدا قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى ئاز دەپ ئامېرىكىنىڭ ئۇ رايونلاردا يادرو بومبىسىنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىز ئانچە تەسەۋۋۇر قىلالمايتتۇق. شۇنداق بولسىمۇ ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي ياۋروپانى يادرو بومبىسى بىلەن قوغدايدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئەمما، ئۇلار كېيىنچە ھەرگىزمۇ شەرقىي ياۋروپانى يادرو بومبىسى بىلەن قوغدىمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى پەقەت قۇرۇق ھەيۋىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. دېمەك، ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا لىدېرلىرى پەقەت ھەيۋە قىلغان (bluffing). ھەيۋە قىلىشمۇ يالغانچىلىقنىڭ بىر شەكلى. ئاشۇ قېتىملىق يالغانچىلىقنىڭ قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. ئۇ سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدا ياۋروپانى بىر قېتىملىق چوڭ بالايىئاپەتتىن ساقلاپ قالدى. بۇ ئىشتىكى بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئامېرىكا لىدېرلىرى كېيىنچە ئۆزىنىڭ يالغانچىلىق قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.




1-رەسىم: جون مېئرشايمېر چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكلات بېرىۋاتقاندىكى بىر كۆرۈنۈش.

(2) ئەندىشە پەيدا قىلىش (fear mongering). ئەندىشە پەيدا قىلىش بىر دۆلەت لىدېرىنىڭ ئۆز خەلقىگە ئىشلىتىدىغان ۋاستىسى. بۇش ھاكىمىيىتىنىڭ ئىراق ئۇرۇشى قوزغاشتىن بۇرۇن دۆلەت ئىچىدە ئېلىپ بارغان ئىشلىرى ئەنە شۇنداق ئەندىشە پەيدا قىلىشنىڭ بىر مىسالى بولالايدۇ. بۇش ھاكىمىيىتى ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئىراق ئۇرۇشىنى ئانچە قوللاپ كەتمەيدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئامېرىكا خەلقىگە «سادام ھۇسەيىن تەختتىن چۈشۈرۈلمىسە بولمايدىغان دەرىجىدە ناھايىتىمۇ خەتەرلىك» دېگەن ئۇقۇمنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشۋىق قىلدى. شۇ جەرياندا ئۇلار 4 خىل يالغانچىلىقنىڭ ھەممىسى بىلەن شۇغۇللاندى: ئالدامچىلىق، گەپ ئويىنتىش، يالغانچىلىق، ۋە ئەندىشە پەيدا قىلىش. ئامېرىكا لىدېرلىرى ۋېيتنام ئۇرۇشىنى قوزغاشنىڭ ئالدىدىمۇ ئەندىشە پەيدا قىلىش ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان ئىدى.

(3) ئىستراتېگىيىلىك يوشۇرۇش. بۇنىڭ بىر ياخشى مىسالى ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى كېنىېدىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى لىدېرى خرۇشىۋ بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى يوشۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كرىزىسىنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقى. بۇ ئىشتا كېنىېدى ناھايىتى زىددىيەتلىك سىياسىي قاراردىن بىرنى ئېلىپ، ئۇنى ئامېرىكا خەلقى بىلەن ياۋروپالىقلاردىن يوشۇردى.

(4) مىللەتچىلىك قىلىپ خاتا ئىدىيە پەيدا قىلىش (nationalist myth-making). ھەممە ئەللەر مىللەتچىلىكتىن پايدىلىنىدىغان بولۇپ، مىللەتچىلىكنىڭ ھەممىسى چوقۇم ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە يالغان سۆزلەيدۇ. ھەممە دۆلەتلەر يالغان تارىخ توقۇش ئىشىنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۆزىنى ياخشى تەرەپ، يەنە بىر دۆلەتنى يامان تەرەپ قىلىپ كۆرسىتىدىغان ھېكايىلەرنى توقۇيدۇ. مەسىلەن، مەن داۋاملىق ئىشلىتىدىغان بىر مىسال 1947-يىلىدىكى ئىسرائىلىيەنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇ چاغدا مەن ۋە مەن بىلىدىغان بارلىق كىشىلەر مۇنداق بىر بايانغا ئىشەنگەن: ئەينى ۋاقىتتا ھازىرقى ئىسرائىلىيەدە ياشاۋاتقان ئەرەبلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆز يەردىن كۆچۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ سەۋەبى ئەرەب لىدېرلىرى ئۇلارغا ئەنە شۇنداق يوليورۇق بېرىپ، ئۇلار كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەرەب ئەسكەرلىرى

كېلىپ، بارلىق يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى، يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن پەلەستىنلىكلەر ئۆيىگە قايتىپ كەلسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مۇشۇ بويىچە بولغاندا، ئەرەب لىدېرلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئەرەبلىكلەرنىڭ ھازىرقى ئىسرائىلىيە زېمىنىدىن كۆچۈپ كېتىپ، پەلەستىندە كۆچمەنلەر مەسىلىسىنى پەيدا قىلغانلىقى ئاشۇ ئەرەبلەرنىڭ ئۆز گۇناھى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ھازىر ئىسرائىلىيە تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق، ئەسلىدىكى ئىشنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلدۇق. ھەقىقىي يۈز بەرگەن ئەھۋال ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن: ئىسرائىلىيەلىكلەر ئەرەبلىكلەر ئۈستىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، يەنە 700 مىڭ ئەرەبنى ئۆ يەردىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن. ھەممە كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىشىگە يول قويمىغان. مانا بۇ مىللەتچى خاتا ئىدىيە پەيدا قىلىشتۇر. بۇنداق ئىشلارنى قىلغانلار يالغۇز ئىسرائىلىيەلا ئەمەس. بۇنداق ئىشنى ھەممە دۆلەتلەر قىلىدۇ.

**(5)** لىبېرالىست (**liberal**) يالغانچىلىق. ئۇرۇشنى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكى ھەققىدە ھازىر خەلقئارادا ناھايىتى ياخشى قوبۇل قىلىنغان بىر قاتار ئۆلچەملەر بار. مەسىلەن، يول قويۇلىدىغان ئۇرۇش، ۋە بىر ئۇرۇشتا قانداق ئىشلارغا يول قويۇش، دېگەنلەر. ئۇ ئۆلچەملەر ئادالەتلىك ئۇرۇش نەزەرىيىسى بويىچە بېكىتىلگەن. بەزى ئەللەر ئۇرۇش قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاندىن ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆزى قىلغان ئىشلارنى يوشۇرىدۇ. 2-دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا بىر ناھايىتى قىزىقارلىق ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئۇرۇش جەريانىدا ئامېرىكا گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىر سەپتە تۇردى. 2-دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ، سوغۇق ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن بولسا ئامېرىكا گېرمانىيە بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇردى. يەنى، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى بىلەن ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى ئالماشتۇردى. ئامېرىكا ئۈچۈن يېقىنقى تارىختا بۇنداق ئىشلار ناھايىتى كۆپ يۈز بەردى. يەنى ئامېرىكا كۆپلىگەن ھازىرقى زامان تارىخىدا ئادەم قىرغان ھاكىمىيەتلەر بىلەن دوست بولدى. سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدا ياۋروپانىڭ مەركىزىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بىر چوڭ كۈچ ھاسىل قىلىشتا گېرمانىيە ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، بىز ئۇلارنى ئاقلاشقا مەجبۇرى بولدۇق. بىز «2-دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا شەرقىي ئۇرۇش رايونى ۋېرمونت (**Vermont**) ئالدىنقى سەپىدە يۈز بەرگەن چوڭ قىرغىنچىلىقتا گېرمانىيەنىڭ قولى يوق»، دېدۇق. بۇ بىر يالغانچىلىق. 1942-يىلى ئەتىيازدا ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسى گېرمانىيەنى بومباردىمان قىلىپ، چامىسىنىڭ يېتىشچە گېرمان پۇقرالىرى ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق قىلدى. ئەمما ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ گېرمانىيە پۇقرالىرىنى قەستەن قىرغانلىقىنى دۇنيادىن يوشۇردى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى ئۇرۇش قائىدىسىگە خىلاپ ئىدى. ئەنگلىيە يالغانچىلىق قىلىپ، دۇنياغا «بىز پەقەت ھەربىي نىشانلارنى، ۋە ئىقتىسادىي نىشانلارنىلا بومباردىمان قىلدۇق»، دەپ جاكارلىدى. مانا بۇ لىبېرالىست يالغانچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئىلاۋە:** يۇلغۇن لۇغىتىدە ئىنگلىزچە «**liberal**» دېگەن سۆز «سېخىي، مەرد، ئوچۇق قول، قولى ئوچۇق، مول، باي، تولۇق، يېتەرلىك، ئەركىن، باشباشتاقلىق، لىبېرالىست» دەپ ئىزاھلىنىپتۇ.

## 4. ئىككى ئاساسىي بايقاش

مەن كىتابىمدا ئىككى ئاساسىي بايقاشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇم. ئۇنىڭ بىرى، دۆلەتلەر ئۆز-ئارا يالغانچىلىق قىلىدىغان ئىشلار ئانچە كۆپ يۈز بەرمەيدۇ. مەن بۇ ئىشنى بايقىغاندا بىر ئاز چۆچۈپ كەتتىم. مەن دۆلەت ئەمەلدارلىرى باشقا دۆلەت خەلقلىرىگە يالغان گەپ قىلىدىغان ئىشلارنى ئىنتايىن

كۆپ ئۇچراتقان. چەت ئەل دىپلوماتلىرى ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ خەلقىگە يالغانچىلىق قىلىدىغان ئىشلارنىمۇ داۋاملىق ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئەمما مەن دۆلەتلەر بىر-بىرىگە يالغان سۆزلەيدىغان ئىشنىڭ مىسالللىرىنى تېپىش ئىنتايىن قىيىن ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. كىتابىمغا بۇ ھەقتە بىر قانچە مىسالللارنى كىرگۈزگەن بولۇپ، مەن ئۇ مىسالللارنى تېپىش ئۈچۈن ئىنتايىن قاتتىق تىرىشتىم.

مەن مۇشۇنداق مەزمۇندا باشقىلارغا دوكلات بەرگەندە، تىڭشىغۇچىلارنىڭ نۇتۇقچىلارغا نەقەدەر ئىشەنمەيدىغانلىقىغا ھەيران قالدىم. يەنى، باشقىلار ماڭا داۋاملىق «ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. دۆلەتلەر بىر-بىرىگە يالغان سۆزلەيدىغان ئىشلار ئىنتايىن كۆپ بولۇشى كېرەك»، دەيدۇ. مەن شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا: «ئۆيىڭىزگە بېرىپ، كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە دۆلەتلەر بىر-بىرىگە يالغان سۆزلەيدىغان ئىشلار ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ، تاپقان مىسالللىرىڭىزنى ماڭا ئېلخەت ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىڭ»، دەيمەن. نەتىجىدە بىرەر ھەپتىدىن كېيىن ماڭا جاۋابلار كېلىشكە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ جاۋابىدىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا 3 تەك مىسال چىقىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىككىسى يالغانچىلىق ئەمەس بولۇپ، قالغان بىرى بولسا مەن كىتابىمدا تىلغا ئالغان مىسالنىڭ ئۆزى بولۇپ چىقىدۇ.

بەزى سورۇنلاردا تىڭشىغۇچىلار مەندىن: «سىزچە سادام ھۈسەيىن يالغانچىلىق قىلمىغانمىدۇ؟» دەپ سورىدى. «ئىران پرېزىدېنتى ئەخمەد نىجات يالغان سۆزلىمىدىمۇ؟» دەپ سورىدى. «شىمالىي كورېيەلىكلەر بىزگە يالغان گەپ قىلمىدىمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن سوئال سورىغۇچىلارغا: «ئەگەر سىز ئۇلار يالغان گەپ قىلدى، دەپ ئويلىسىڭىز، ماڭا ئۇلارنىڭ قايسى گېپى يالغان ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىڭ»، دېدىم. ئەمما، ماڭا بىرەر مىسال كۆرسىتىپ بېرەلىگەنلەر چىقمىدى. مەن ئۆزۈممۇ سادام ھۈسەيىننىڭ يالغان گەپ قىلغانلىقىنىڭ بىرەر مىسالىنى تاپالمىدىم. بۇ دېگىنىم سادام بىر ياخشى ئادەم، ئەخمەد نىجات بىر ياخشى ئادەم، دېگىنىم ئەمەس. بۇ يەردىكى سوئال «ئۇلار بىزگە يالغان گەپ قىلىپ باقتىمۇ»، دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا ئىسپات تاپالمىدىم. كىشىلەر مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئىشەنمەيدىكەن. مەن بۇنىڭغا ناھايىتى ھەيران قالدىم.

مېنىڭ ئىككىنچى بايقىشىم شۇكى، لىدېرلار باشقا ئەللەرگە يالغان سۆزلىگىنىگە قارىغاندا ئۆز خەلقىگە كۆپرەك يالغان گەپ قىلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئەھۋالىدا ئەندىشە پەيدا قىلىش ھەممىدىن ئېغىر. بىر ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس تارىختىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتلىرى قىلغان يالغان گەپلەر ھەققىدە بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇ كىتاب ئىنتايىن ئېسىل چىقىپتۇ. ئەمما، ئۇ كىتاب ئوقۇرمەنلەرنى ناھايىتىمۇ چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتىدىكەن. يەنى ئۇ كىتاب يالغان گەپلەر ھەققىدىكى مىسالللار بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئادەم ئامېرىكا پرېزىدېنتلىرىنىڭ قايسى دەرىجىدە يالغان گەپ قىلغانلىقىنى بىلسە، بىر ئاز چۈشكۈنلىشىپ كېتىدىكەن. ئاشۇ كىتابتىكى بىر مىسال سادام ھۈسەيىن ھەققىدە ئىكەن. ھەممەيلەننىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ئامېرىكا لىدېرلىرى دەسلىپىدە ھەممە يەرلەردە «سادامنىڭ چوڭ ۋەيرانچىلىق قورالللىرى بار»، دېگەن باياناتلارنى بېرىپ يۈرگەن. ئەمما كېيىنچە ئۇنداق قورالللار تېپىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر «ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب سادام بىزگە قۇرۇق ھەيۋە قىلغانلىقىدا. ئۇنىڭدا چوڭ ۋەيرانچىلىق قوراللىرى يوق بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى ئاشۇنداق قوراللىرى باردەك قىلىپ كۆرسەتتى. شۇڭا بىز ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭدا چوڭ ۋەيرانچىلىق قوراللىرى بار، دەپ ئويلاپ قاپتىمىز»، دېيىشكە باشلىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا سادام ئىزچىل تۈردە «ئىراقتا چوڭ ۋەيرانچىلىق قوراللىرى يوق»، دەپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ئىشتا ئۇ ھەقىقەتەنمۇ يالغان سۆزلەپ باقمىغان. ئۇ يالغان گەپ بىلەن ھەيۋە قىلغانغا ئائىت پاكىتمۇ مەۋجۇت ئەمەس. مەن كۆپلىگەن ساھەلەردىكى كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرىدىغان

بولۇپ، ئۇلارغا «سىلەردە بىرەر ئىسپات بار بولسا ماڭا بەرگەن بولساڭلار»، دەپ تۇردۇم. ئەمما مەن هازىرغىچە ئۇنداق ئىسپاتقا ئېرىشەلمىدىم. دېمەك، ئىراق ئۇرۇشى باشلىنىشتىن بۇرۇن، ھەمدە 1990-يىللىرىنىڭ ھەممىسىدە سادام ھۈسەيىن بىزگە يالغان گەپ قىلىپ باققان ئەمەس. ئەمما پرېزىدېنت كىچىك بۇش بىزگە يالغانچىلىق قىلدى. بۇ ئەھۋال مېنىڭ ئىككى بايقىشىم بىلەن ئوخشاش.

ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بىر دۆلەتنىڭ لىدېرلىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭ لىدېرلىرىغا يالغانچىلىق قىلماي، ئۆز دۆلىتىنىڭ خەلقىگە يالغانچىلىق قىلىدۇ؟ مېنىڭ چۈشەنچەم مۇنداق: خەلقئارا سىياسەتتە ئوخشىمىغان ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ئۆز-ئارا ئىشەنچ كۆچلۈك ئەمەس. بىر-بىرىگە ئىشەنمىگەن ئەھۋالدا قارشى تەرەپكە يالغان گەپ قىلىشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى قالمايدۇ. دۆلەتلەر بىر-بىرىگە ئانچە ئىشەنمەيدۇ. شۇڭلاشقا رىگان ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا «ئۇلارغا ئىشىنىڭلار، ئەمما جەزملەشتۈرۈڭلار»، دېگەن. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى، سوۋېتلىقلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، شۇڭلاشقا بىز جەزملەشتۈرمىسەك بولمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، سوۋېتلىقلارمۇ بىزگە ئىشەنمىگەن. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا هازىر بىر-بىرىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلار يۇقىرىدىكىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ لىدېرلىرىغا ئىشىنىدۇ. لىدېرلارنىڭ بىزنى قوغداش ۋەزىپىسى بار. ئۇلار بىز بىلەن بىر تەبىقىنىڭ ئادەملىرى. شۇڭلاشقا دۆلەتلەر ئارا مەۋجۇت ئەمەس ئىشەنچ لىدېرلار بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

مەسىلەن، ئىراق ئۇرۇشى باشلىنىشتىن بۇرۇن، مەن ئىراقتىكى قوراللارنى تەكشۈرۈش ئىشىغا مەسئۇل بولغان ئەپەندىنىڭ بىر نۇتقىنى ئاڭلاپ، ئىراقتا زور ۋەيرانچىلىق كەلتۈرىدىغان قوراللارنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەنگەن ئىدىم. ئەمما، بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رامسفېلد (Rumsfeld) مۇنداق دېدى: «بىز ئىراقتا زور ۋەيرانچىلىق قوراللىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمىز، چۈنكى، بىز ئۇلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.» دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ھېلىقى قوراللارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، يۇقىرىقىدەك گەپ قىلمايتتى. ئۇ مۇشۇنداق مۇھىم ئىشلاردا بىزگە تۈپتۈز يالغانچىلىق قىلمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن مەيدانىمنى ئۆزگەرتىپ، كىشىلەرگە «ئىراقتا زور ۋەيرانچىلىق قوراللىرى بار بولۇشى مۇمكىن»، دەپ يۈردۈم. ئەمەلىيەتتە بولسا ئىش ئۇنداق ئەمەس بولۇپ، رامسفېلد بىزگە يالغان سۆزلەپتۇ. بۇ ئىشتا بىز لىدېرلىرىمىزغا ئىشەندۇق. ئەگەر ئۆز لىدېرىغا ھېچ كىم ئىشەنمىسە، بىر دۆلەتنىڭ ئىشى نورمال ماڭمايدۇ. دېمەك، لىدېرلار باشقا دۆلەتكە يالغان سۆزلىگەنگە قارىغاندا ئۆز خەلقىگە بەكرەك يالغان سۆزلەيدۇ.

## 5. خۇلاسە

مەن يۇقىرىدا خەلقئارا سىياسەتتە لىدېرلارنىڭ ئەھۋالغا قاراپ يالغانچىلىق قىلىشى بىر ئادەتكە ئايلانغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. لىدېرلارنىڭ بەزىدە ئۆز خەلقىگە يالغانچىلىق قىلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق. ئەمما، يالغانچىلىقنىڭ رېئال زىيانلىق تەرەپلىرى بارلىقىنى چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم. بولۇپمۇ ئەندىشە پەيدا قىلىشنىڭ زىيىنى ناھايىتى چوڭ. يالغانچىلىقنىڭ 2 چوڭ خەتىرى بار. ئۇنىڭ بىرى ئۆزىگە يېنىش (blowback) بولۇپ، يەنە بىرى بولسا ئەكسى نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقىرىش (backfiring).

«ئۆزگە يېنىش» مۇنداق بولىدۇ: بىر لىدېر ئۆز خەلقىگە مەلۇم بىر تاشقى سىياسەت ھەققىدە يالغان سۆزلىگەندە، ئۇ ئىچكى سىياسەتلەر ئۈستىدىمۇ يالغان سۆزلەشكە مەجبۇرى بولۇپ، سەممىيەتسىزلىكنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر بىر لىدېر تاشقى سىياسەت تەھدىتى ئۈستىدە ئۆز خەلقىگە يالغان سۆزلەشكە مەجبۇرى بولىدىكەن، بۇ ئاشۇ خەلق راستچىللىقنى توغرا قوبۇل قىلالمايدۇ، دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. خەلقتە بىر مەسىلە بارلىقىدىن، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر ئويلىيالمايدىغانلىقىدىن، ۋە ئۇلارنىڭ ناھايىتى پەرۋاسىز ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. لىدېر توغرا ئىش قىلىش ئۈچۈن ئۆز خەلقىنى ئەخمەق قىلمىسا بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مانا بۇ ئەندىشە پەيدا قىلىشنىڭ دەل ئۆزىدۇر. تاشقى سىياسەت بىلەن ئىچكى سىياسەتنىڭ ھەر ئىككىسىدە يالغانچىلىق قىلىش خەلق ئاممىسى ئارىسىدا سەممىيەتسىزلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە سەۋەبچى بولىدىغان بولۇپ، ئۇ تولىمۇ خەتەرلىك. بۇنداق ئەھۋالدا بىر جەمئىيەت نورمال ھەرىكەتلىنەلمەيدۇ.

«ئەكسى نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقىرىش» تا سىز قىلغان يالغانچىلىق سىز كۈتكەن نەتىجىنى ئېلىپ كەلمەي، سىز كۈتكەننىڭ ئەكسىگە توغرا كېلىدىغان نەتىجىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، بۇش ھاكىمىيىتى بىر يالغانچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، ئامېرىكا خەلقىنى ئالداپ، شۇ ئارقىلىق ئىراق ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئەمما بۇ ئۇرۇش بىر بالايىئاپەت بولۇپ چىقتى. ئۇلارنىڭ يالغانچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئىراق ئۇرۇشى ھەققىدىكى ئىدىيىسى باشتىنلا خاتا بولغانلىقىدۇر. ئەگەر ئۇلار بىزگە راست گەپ قىلغان بولسا، ئىراق ئۇرۇشى يۈز بەرمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىزگە بۇ بالايىئاپەتمۇ كەلمەيتتى. ۋىيېتنام ئۇرۇشىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىش يۈز بەرگەن. يەنى ئۇ چاغدىمۇ دۆلەت لىدېرى خەلققە يالغان سۆزلىگەن. ئاشۇ ئىككى ئۇرۇشنىڭ ھەر ئىككىسى بىزگە ئەكسى نەتىجە ئېلىپ كەلدى.

دېمەك، ئەندىشە پەيدا قىلىش بىر ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش. ئۇ ناچار سىياسەتكە ئېلىپ بېرىپ، مەدەنىيەتنى زەھەرلەپ، ئەڭ ئاخىرى بىزنى بىر مەغلۇبىيەتكە مەجبۇرلايدۇ.

ئەندىشىنى ئەڭ كۆپ پەيدا قىلىدىغان ئەللەر دېموكراتىك ئەللەر بولۇپ، ئۇلار يىراق كەلگۈسىدىكى تەھدىتكە قارشى ئالدىنى ئېلىش ئۇرۇشى ئېلىپ بارىدۇ. چەت ئەل تەھدىتى ھەققىدە ئۆز خەلقىگە ئەڭ كۆپ يالغانچىلىق قىلىدىغان ئەللەرمۇ دېموكراتىك ئەللەر. ئاشۇنداق ئەللەرنىڭ بىرى ئامېرىكىدىن ئىبارەت. ئامېرىكا دۇنيانى باشقۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بىر دۆلەت بولۇپ، ئۇ يەنە بىر دېموكراتىك دۆلەت.

## پايدىلىنىش مەنبەسى:

[1] Why Leaders Lie: The Truth About Lying in International Politics
https://www.youtube.com/watch?v=VPe5f5dcrGE

# جۇڭگونىڭ بىر بەلۋاغ، بىر يول پىلانى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

**2017-يىلى 26-ماي**

ئۇقۇرمەنلەرنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، يېقىنقى بىر مەزگىلنىڭ مابەينىدە ۋەتىنىمىزدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەھۋالىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن ۋەتەنداشلارنىڭ كۆڭلىدە «ئۇيغۇرلارغا نېمە ئىش بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟» دېگەن سوئال تۇغۇلۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ كەينىدە بىر چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش بار. كونكرېت قىلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ كەينىدە مۇنداق ئىككى چوڭ ئەھۋال بار: (1) جۇڭگو ھۆكۈمىتى «بىر بەلۋاغ، بىر يول پىلانى» دېگەن بىر پىلاننى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇ يەردىكى «بىر بەلۋاغ» ئۇيغۇر دىيارى بىلەن ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىكى 60 تەك دۆلەتنى تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈر يول بەلۋېغىنى كۆرسىتىدۇ. «بىر يول» بولسا جۇڭگونى دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان بىر «دېڭىز ئۈستىدىكى يېڭى يىپەك يولى» نى كۆرسىتىدۇ. ئاشۇ بىر بەلۋاغ بىلەن بىر يولنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى ماقالىنىڭ ئاستىدىكى 2-رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك. (2) جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شېنجېن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق دېڭىز قىرغىقىدىكى سانائەت بازىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ قازاقىستان چېگرىسىغا يېقىن بولغان رايونلىرىغا يۆتكەش پىلانى. ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە مۇقىم بولۇشى بۇ ئىككى چوڭ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئۇيغۇر مەسىلىسىنى «تەلتۆكۈس بىر تەرەپ قىلىۋېتىش» نىڭ بىر ياخشى خەلقئارالىق پۇرستى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىر جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇر دىيارىدىكى يېڭى ئەھۋاللار ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋۇجۇدقا كېلىۋاتىدۇ. مەن مەزكۇر ماقالىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر قىسىم ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. مېنىڭ بۇ قېتىم پايدىلىنىدىغىنىم بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر بىر خەلقئارالىق ئىلمىي سۆھبەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان كۆز-قاراشلاردىكى ئۆزۈم تاللىغان بىر قىسىم مەزمۇنلار بولۇپ، ئەگەر ماقالىگە ئۆز كۆز-قارىشىمنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇلارنى «ئىلاۋە» شەكلىدە بىر ئايرىم ئابزاس قىلىپ كىرگۈزۈپ قويىمەن.

## 1. بىر بەلۋاغ، بىر يول ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

بۇ پىلان خەنزۇچە «丝绸之路经济带和 21 世纪海上丝绸之路» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ قىسقارتىلىپ «بىر بەلۋاغ، بىر يول» (一带一路) دېيىلىدۇ [1]. ئۇ بىر تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى بولۇپ، ئۇنى جۇڭگو رەھبىرى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ مەقسىتى جۇڭگو بىلەن ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلىنىش ۋە ھەمكارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. ئۇنىڭ «يىپەك يولى ئىقتىسادىي بەلۋېغى» بىلەن «دېڭىز ئۈستى يىپەك يولى» دىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي تەركىبىي قىسمى بار. بۇ ئىستراتېگىيە جۇڭگونىڭ دۇنياۋى ئىشلاردا چوڭراق رول

ئېلىشنى، ھەممە جۇڭگونىڭ پولات ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىق سانائەت ساھەلىرىدىكى چوڭ كۆلەملىك ھەمكارلىق ئېھتىياجىنى ئاساس قىلغان. بۇ پىلان 2013-يىلىنىڭ سىنتەبىر-ئۆكتەبىر ئايلىرى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، شۇ يىلى جۇڭگو دۆلەت رەھبىرى لى كېچياڭ ئاسىيا ۋە ياۋروپادا دۆلەت زىيارىتىدە بولغاندا بۇ پىلانىنى كۈچلۈك ھالدا تەشۋىق قىلغان. بۇ ئۇقۇم 2016-يىلى «خەلق گېزىتى» دە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان تېمىغا ئايلاندى.

## 2. بىر بەلۋاغ، بىر يول پىلانىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولىدىغان بىر قىسىم سانلىق مەلۇماتلار


مەن ماقالىنىڭ بۇ قىسمىدا ئىنگلىزچە «دۇنيا ئىقتىسادىي سەھنىسى» (World Economic Forum) دەپ ئاتىلىدىغان تەشكىلاتنىڭ 2016-يىللىق يىغىنى جەريانىدا ئۆتكۈزۈلگەن «ياۋروپا-ئاسىيا ۋە زامانىۋى يىپەك يولى» دېگەن تېمىدىكى بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ئوتتۇرىغا چۈشكەن بىر قىسىم كۆز قاراشلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. بۇ سۆھبەتنىڭ ۋىدېئو فىلمى يۇتيۇبقا 2016-يىلى 21-يانۋاردا قويۇلغان. يۇقىرىدىكى تەشكىلات شۋېيتسارىيەنىڭ گېنېۋا (Geneva) شەھىرىگە جايلاشقان بىر خەلقئارالىق فوندى جەمئىيىتى بولۇپ، بۇ قېتىمقى سۆھبەتكە مەن «جۇڭگو دۇنيادىكى 1-ئورۇنغا چىققاندا» دېگەن ماقالىدە تونۇشتۇرغان كىشور ماھبۇبانى (Kishore Mahbubani) ئەپەندى رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇنىڭغا يەنە تۆۋەندىكى كىشىلەر قاتناشقان:

ئاندرېي كوستىن (Andrey L. Kostin): رۇسىيە VTB بانكىسىنىڭ پرېزىدېنتى ۋە رەئىسى.

گىئورگى كۋىرىكاشۋىلى (Giorgi Kvirikashvili): گىرۇزىيەنىڭ باش مىنىستىرى.

ئالېكساندېر ماشكېۋىچ (Alexander Machkevitch): ياۋروپا-ئاسىيا بايلىق مەنبەلىرى گۇرۇپپىسى دىرېكتورلىرىنىڭ رەئىسى (Luxembourg).

سۇلتان سۇلايەم (Sultan Ahmed Sulayem): ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى ئىنگلىزچە «DP World» دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوڭ شىركەتنىڭ رەئىسى.




1-رەسىم: «دۇنيا ئىقتىسادىي سەھنىسى» 2016-يىلى ئورۇنلاشتۇرغان، ماقالىنىڭ مۇشۇ قىسمىدا تونۇشتۇرۇلغان مەزمۇنلارنىڭ مەنبەسى بولغان سۆھبەت يىغىنىنىڭ سەھنە كۆرۈنۈشى.

**تۆۋەندىكىسى مەزكۇر سۆھبەتنىڭ ئۆزۈم تاللىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى كېيىنكى تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قانچە قىسقا مەزمۇنلىرى.**

**كىشور ماھبۇبانى: ھەممەيلەننىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ھازىر ياۋروپا-ئاسىيا بۈرۈنقىدىن كۆپ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى. نېمىشقا ئۇنداق بولىدۇ؟ نېمىشقا ھازىر شۇنداق بولىدۇ؟ مېنىڭ بۇ ھەقتە بىر قىسىم نەزەرىيىلىرىم بار بولۇپ، مەن بۇ يەردە 3 خىل مۇمكىنچىلىكى بار سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.**

**ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ياۋروپا دېگىز يولى بىلەن باشقا جايلارنى مۇستەملىكە قىلىپ، دۇنيادىكى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىشتىن بۇرۇنقى ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي دەۋرلەردە دۇنيانى ياۋروپا-ئاسىيا رايونلىرى سورىغان. بىزنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقىنىمىز ئاشۇ تارىخنىڭ تەكرارلىنىشى، ياكى ياۋروپا-ئاسىيانىڭ ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئورنىغا قايتىپ كېلىشى بولۇشى مۇمكىن.**

**ئىككىنچى سەۋەب گېئوپولىتىكا (geopolitics). ئەگەر بۇ يېڭى ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش ۋاقتىغا قارايدىغان بولساق، ھازىر ئامېرىكا ئاسىيانى ئايلىنىش ئوقى (pivot) قىلغان بولۇپ، جۇڭگو بولسا ئوتتۇرا ئاسىيانى ئايلىنىش ئوقى قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر باغلىنىشنىڭ بار-يوقلۇقى سىزنىڭ ئۆز چۈشەنچىڭىزگە باغلىق. ئېھتىمال جۇڭگو دېگىز يولىغا يۆلىنىشنى ئازايتىپ، قۇرۇقلۇقتىكى يولغا يۆلىنىشنى كۈچەيتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.**

**ئۈچىنچى سەۋەب، ھازىر دۇنيا سەھنىسىدە مۇھىم رول ئالىدىغانلارغا كۆپلىگەن يېڭى ئەزالار قوشۇلدى. دۇنيا ئىشلىرى بىر ئىنتايىن مۇرەككەپ ئويۇنغا ئايلاندى. شۇڭلاشقا مەزكۇر سورۇنغا ئولتۇرغان مۇتەخەسسسلەرنىڭ يىغىلىشى بىر ئىنتايىن مۇۋاپىق ۋاقىتتا توغرا كەلدى.**

**گېئورگى كۆرىكاشۋىلى: بىر بەلۋاغ، بىر يول پىلانى ياۋروپا-ئاسىيا قىتئەلىرىدىكى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ. ئاشۇ ئەللەرنى تۆمۈر يول ۋە دېگىز ئۈستىدىكى يول تورلىرى بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ. يېقىندا بىر قانچە پويىز جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن چىقىپ، قازاقىستان، ئەزەربەيجان، گىرۇزىيە، تۈركىيە ياكى قارا دېگىز ئارقىلىق ياۋروپاغا بىۋاستە يېتىپ باردى. بۇ يول ئارقىلىق مال توشۇشنىڭ سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجمۇ كۈنسايىن ئۆسۈپ مېڭىۋاتىدۇ. مۇشۇ يولدىن پايدىلانغاندا، شىنجاڭدىن چىققان پويىز 10 – 11 كۈندىلا ياۋروپاغا يېتىپ بارالايدۇ. بۇ لىنىيە قىممەت باھالىق ماللارنى جۇڭگودىن ياۋروپاغا ۋە ياۋروپادىن جۇڭگوغا يۆتكەشتىكى ئەمگەك كاپىتال تەلپىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدۇ.**

**بۇ يول باشقا يوللار بىلەن دۈشمەنلەشمەيدۇ، باشقا يوللار بىلەن دوستلۇق ئىچىدە رىقابەتلىشىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش ئوخشىمىغان ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتكە ئەمەس، ھەمكارلىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ.**

**ئالېكساندېر ماشكېۋىچ: ھازىر يۈك پاراخوتلىرى بىر يۈك ساندۇقى (shipping container) نى ئافرىقىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن جۇڭگوغا 8 دوللارغا يۆتكەپ بېرىدۇ. ئەمما ھازىرغىچە قۇرۇقلۇقتا ئۇنداق بىر شارائىت ھازىرلانمىدى. كىشلەر ياۋروپا بىلەن جۇڭگونى تۇتاشتۇرىدىغان بىر يولنى ئىزدىگىلى بىرەر مىڭ يىل بولغان بولۇپ، ئاخىرى قەدىمكى يىپەك يولىنى تاپقان. بىز قازاقىستاندا كارخانا ماڭدۇرۇۋاتقىلى 25 يىل بولدى. بىزنىڭ قازاقىستاندىكى شىركىتىمىزدە 70 مىڭ ئادەم ئىشلەيدۇ. بىز بىر بەلۋاغ، بىر يول قۇرۇلۇشىدىن ناھايىتى چوڭ پۇرسەتكە ئېرىشەلەيمىز. سەۋەبى قازاقىستان دېگىز بىلەن تۇتاشمايدۇ.**


شۇڭا بىز بىر بەلۋاغ قۇرۇلۇشىدىن ناھايىتى كۆپ پايدىلىنالايمىز.

سۇلتان سۇلايەم: بۈرۈنقى ۋاقىتلاردا دېڭىز يولى قاتنىشى ئىشەنچلىك بولمىغاچقا، قۇرۇقلۇقتىكى يىپەك يولى تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. يېقىنقى زامان تەرەققىياتلىرى بىلەن قەدىمكى يىپەك يولى ئۆز قىممىتىنى يوقاتتى. ھازىرقى بىر بەلۋاغ، بىر يول قۇرۇلۇشى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياۋروپاغا يۈك ئاپىرىش ۋاقتىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىدۇ. ھازىر دېڭىز يولى بىلەن جۇڭگودىن ياۋروپاغا مال ئاپىرىش ئۈچۈن 42 كۈن ۋاقىت كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ مال تۆمۈر يول بىلەن توشۇلسا ئاران 12 كۈن ۋاقىت كېتىدۇ. بەش-ئالتە ئاينىڭ ئالدىدا بىز جۇڭگودىن ياۋروپاغا پويىز بىلەن يۈك توشۇپ كۆرۈپ باقتۇق. ئۇنىڭغا جەمئىي 12 كۈن ۋاقىت كەتتى. ھازىر يۈك توشۇش سانائىتى ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلدى. يەنى، يۈك توشۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ مىقدارى ئېھتىياجدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. كىشىلەر بارغانسېرى چوڭ يۈك توشۇش پاراخوتلىرىنى ياساۋېرىپ، ھەممە ئۇلارنى كۆپلەپ ياساۋېرىپ، ھازىرقىدەك ئەھۋال كېلىپ چىقتى. جۇڭگودىن ياۋروپاغا بىر ساندۇق (one container) يۈك توشۇش ھەققى بۇرۇن 1500 – 1800 دوللار ئىدى. ھازىر ئۇ 300 – 400 دوللارغا چۈشۈپ قالدى. مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ھازىر كۆپلەپ زىيان تارتىۋاتىدۇ. ئاشۇنداق بىر ساندۇقنى پويىز بىلەن توشۇشنىڭ ھەققى ھازىر 4500 – 5000 دوللار. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، جۇڭگو ھازىر بۇ ئىشقا ناھايىتى قىزىقىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى، ھازىر جۇڭگودا ئەمگەكچىلەر ئىش ھەققى بۇرۇنقىدىن كۆپ ئۆسۈپ كەتتى. بىزنىڭ چىڭداۋ، يەنتەي ۋە تيەنجىنلەردە دېڭىز پورتلىرىمىز بار بولۇپ، ئۇ يەرلەردە ئالدىنقى 7 يىل ئىچىدە ئەمگەكچىلەر ئىش ھەققى 20 پىرسەنت ئۆسۈپ كەتتى. جۇڭگو بۇ مەسىلىنى تونۇپ يېتىپ، ھازىر بىر قىسىم سانائەتلەرنى دېڭىز قىرغىقى رايونلىرىدىن ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىغا يۆتكىمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ پىلانلىرىنىڭ بىرى شىنجاڭدىكى قازاقىستان بىلەن چېگرىداش رايونلاردا بىر چوڭ سانائەت بازىسى قۇرۇش. سانائەت بۇيۇملىرىنى ئاشۇ يېڭى سانائەت بازىسىدا ئىشلەپچىقارغاندا، ئۇلارنى ياۋروپاغا پويىز بىلەن يۆتكەش چىقىمىمۇ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەيدۇ. كومپيۇتېر ۋە كوپى-ماشىنىسىغا ئوخشاش قىممەت باھالىق بۇيۇملاردىن بىر ساندۇقنى يۆتكەشكە بىر قانچە مىڭ دوللار خەجلەش ھەرگىزمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قالمايدۇ. يانفونغا ئوخشاش بازارغا تېز سۈرئەتتە سالمىسا بولمايدىغان بۇيۇملارنى توشۇش ئۈچۈن 12 كۈن ۋاقىت كەتسە بولۇۋېرىدۇ، ئەمما 42 كۈن ۋاقىت كەتسە بولمايدۇ. شۇڭلاشقا تۆمۈر يولنىڭ يەنىلا ناھايىتى يۇقىرى قىممىتى بار. يېڭى تۆمۈر يولنىڭ بەرپا قىلىنىشى دېڭىز ئارقىلىق يۈك توشۇشقا بولغان ئېھتىياجغا ئانچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ھەر بىر دۆلەتنىڭ ھاۋا يولى، دېڭىز يولى ۋە قۇرۇقلۇقتىكى يوللارنىڭ ھەممىسىگە ئېھتىياجى بار بولۇپ، بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە ئۈنۈمدارلىقتىن ئىبارەت.

## 3. قىسقىچە خۇلاسە

مېنىڭ مەزكۇر يازمىنى تەييارلاشتىن مەقسىتىم ئوقۇرمەنلەرنى بىر بەلۋاغ ۋە بىر يول پىلانى ھەققىدە بىر ئومۇمىي چۈشەنچە بىلەن، شۇنداقلا بىر قىسىم سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەش. يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن كۆرگىنىمىزدەك، جۇڭگونى پاكىستان ۋە قازاقىستان ئارقىلىق سىرتقى دۇنيا بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈر يول ئۇيغۇر دىيارىدىن باشلىنىدۇ، ياكى ئۇيغۇر دىيارىدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگونىڭ ھازىر ئۇيغۇر دىيارىنىڭ قازاقىستان بىلەن چېگرىداش رايونلىرىدا بىر چوڭ سانائەت

بازىسى قۇرۇپ، جۇڭگونىڭ دېڭىز قىرغىقى رايونلىرىدىكى بىر قىسىم سانائەتنى مۇشۇ رايونلارغا يۆتكەپ كەلمەكچى ئىكەن. مانا مۇشۇ ئەھۋاللار ھازىر ئۇيغۇر دىيارىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈپ قالغانلىقىنى، يەنى جۇڭگونىڭ بىر بەلۋاغ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ نەقەدەر مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەن كېيىنكى يازمامدا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ بىر بەلۋاغ پىلانى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە يەنە بىر قىسىم يېڭى ئۇچۇرلارنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.




2-رەسىم: بىر بەلۋاغ ۋە بىر يولنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى. بۇ رەسىمنى چۈشىنىشتە بىر ئاز ئىنگلىزچىنى بىلىش ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، تۆۋەندىكىسى مۇشۇ خەرىتىدە ئىشلىتىلگەن بىر قىسىم ئىنگلىزچە سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچىسى:

Silk Road Economic Belt – يىپەك يولى ئىقتىسادىي بەلۋېغى
Maritime Silk Road – دېڭىز ئۈستىدىكى يىپەك يولى
AIIB Member states – ئاسىيا ئۇستقۇرۇلما مەبلەغ بانكىسىغا ئەزا دۆلەتلەر
Proposed economic corridor – تەۋسىيە قىلىنغان ئىقتىسادىي كارىدور
Railroad connections – تۆمۈر يول لىنىيىلىرى
Existing – ھازىر بارلىرى

پىلانلانغان ۋە ھازىر ياسىلىۋاتقانلىرى – Planned or under construction
تەبىئىي گاز تۇرۇبىلىرى – Gas pipelines
نېفىت تۇرۇبىلىرى – Oil pipelines
جۇڭگومۇ شېرىك بولغان دېڭىز پورتلىرى – Ports with Chinese engagement

## پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


[1] Belt and Road Initiative
https://en.wikipedia.org/wiki/Belt_and_Road_Initiative

[2] Davos 2016 - Eurasia and the Modern Silk Road
https://www.youtube.com/watch?v=E8Nqs_8JLis

[3]
https://www.merics.org/fileadmin/user_upload/pic/China-Mapping/170515_MERICS_China_Mapping_BRI_March_2017.jpg

# جۇڭگونىڭ ئۇيغۇر دىيارى ۋە پاكىستاندىن ئۆتىدىغان يېڭى يىپەك يولى

**2017-يىلى 2-ئىيۇن**

مەن ئالدىنقى قېتىملىق يازمىدا جۇڭگونىڭ بىر بەلۋاغ، بىر يول ئىستراتېگىيىسى ھەققىدە بىر قىسىم دەسلەپكى چۈشەنچىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتتۈم. مەزكۇر يازمىدا ئاشۇ يازمىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە يەنە بىر قىسىم يېڭى، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى يۈزلىنىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇچۇرلارنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. مېنىڭ بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغىنىم ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندىكى دۇنياغا داڭلىق، «خادسون ئىنستىتۇتى» (Hudson Institute) دەپ ئاتىلىدىغان ئويلاش ئامبىرىدىكى بىر قانچە مۇتەخەسسىسلەر 2015-يىلىدىكى بىر مەيدان ئىلمىي سۆھبەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان كۆز-قاراشلارنىڭ ئۆزۈم تاللىغان بىر قىسىم مەزمۇنلىرى. بۇ سۆھبەتنىڭ تېمىسى «جۇڭگونىڭ پاكىستاندىن ئۆتىدىغان يولى» بولۇپ، ئۇنىڭ سىن ھۆججىتى يۇتيۇبتا 2015-يىلى 18-نويابىردا قويۇلۇپتۇ. مەن مەزكۇر يازمىدا ئوتتۇرىغا قويىدىغان كۆز-قاراشلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى مەنبەگە تەۋە بولۇپ، ئەگەر ماقالىگە ئۆز كۆز-قارىشىمنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇلارنى «ئىلاۋە» شەكلىدە بىر ئايرىم ئابزاس قىلىپ كىرگۈزۈپ قويىمەن.




China's Road Through Pakistan

1-رەسىم: «جۇڭگونىڭ پاكىستاندىن ئۆتىدىغان يولى» دېگەن تېمىدىكى سۆھبەت يىغىنىدىن بىر كۆرۈنۈش.

## 1. ئومۇمىي بايان

تۆۋەندىكىسى خادسون ئىنستىتۇتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى ئېرىك براۋن (Eric Brown) نىڭ دېگەنلىرى.

جۇڭگونىڭ بىر بەلۋاغ، بىر يول پىلانى پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇ پىلان تارىختىكى ئەڭ چوڭ يېڭى ئۇيستىقۇرۇلما بەرپا قىلىش پىلانىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ پىلان جۇڭگونى مەركەز قىلغان ھالدا شەرقىي ئاسىيانى غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي ياۋروپا، ۋە كەلگۈسىدە ئافرىقا بىلەن قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز يوللىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇشنى نىشان قىلىدۇ. ئەگەر «21-ئەسىردىكى يىپەك يولى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ پىلان ئىشقا ئاشۇرۇلىدىكەن، ئۇ دۇنيادىكى 63 دۆلەتنى ئۆز-ئارا تۇتاشتۇرۇپ، دۇنيا ئاھالىسىنىڭ 3 تىن 2 قىسمىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆز-ئارا قانداق مۇناسىۋەتلىشىشىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن ناھايىتى زور گېئوپولىتىكىلىق تەسىرى بار. ئۇ ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا قاراتقان تاشقى سىياسەتلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا ھازىر ئامېرىكا، ھىندىستان ۋە ياپونىيە قاتارلىق بىر قىسىم ئەللەر بۇ پىلاننىڭ ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە بىخەتەرلىكىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش يولىدا تىرىشىشنى باشلىدى.




China's Road Through Pakistan

2-رەسىم: سۆھبەتتە خادسون ئىنستىتۇتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى ئېرىك براۋن سۆز قىلىۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.

پاكىستاننىڭ دۆلەت رەھبەرلىرى ھازىرغىچە ئۆز دۆلىتىنى دۇنيانىڭ ئايلىنىش ئوقى (pivot) دەپ ھېسابلاپ كەلدى. ئالدىنقى 50-60 يىللارنىڭ مابەينىدە پاكىستان ئاسىيانىڭ بەزى گېئوپولىتىكا ساھەسىدە ھەقىقەتەنمۇ مەلۇم دەرىجىدىكى ئايلىنىش ئوقى بولۇش رولىنى ئوينىدى. ئۇ ھازىر يېڭىۋاشتىن دۇنيانىڭ بىر ئايلىنىش ئوقى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

**جۇڭگو پاكىستاندا چوڭ تىپلىق قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن 46 مىليارد دوللار پۇل مەبلەغ سالىدىغانلىقنى ئېلان قىلدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ئۇلار بۇ پۇلنى يول، كۆۋرۈك ۋە گاز-نېفىت تۇرۇبىلىرى قاتارلىق بىر قاتار ئۇلىتقۇرۇلما قۇرۇلۇشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىدىكەن. ياسىلىدىغان يول جۇڭگو بىلەن ئەرەبىستان دېڭىز بوغۇزى رايونلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان بولۇپ، پاكىستاندىكى ئۇلىتقۇرۇلما قۇرۇلۇشلىرى بولسا پاكىستاندا بىر ئۆز-ئۆزىنى قامدىيالايدىغان ئىقتىسادىي ھالەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىكەن. شۇ ئارقىلىق پاكىستاندىكى كەمبەغەلچىلىككە خاتىمە بېرىپ، ئېتنىك بۆلۈنۈش ۋە تېررورچى گۇرۇھلارنى يوق قىلىش ئىشلىرىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرىدىكەن. شۇڭا بۇ پىلان پاكىستاننىڭ دۆلەت ئەمەلدارلىرىنى ناھايىتى خوش قىلىۋاتىدۇ. ھازىرغىچە ۋەدە قىلىنغان 46 مىليارد دوللار پۇل چەت ئەللەر پاكىستانغا 2008-يىلىدىن بۇيان بىۋاستە مەبلەغ سالغان پۇل مىقدارىنىڭ 3 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن ھازىرغىچە ئامېرىكا پاكىستانغا تەخمىنەن 14 مىليارد دوللار قىممىتىدىكى بىخەتەرلىك ياردىمىنى بەردى. جۇڭگو ھازىر ھېلىقىدەك پۇل مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پاكىستاندىكى تەسىر كۈچىنى ئاشۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ (ئەسكەرتىش: ئامېرىكىنىڭ بەرگىنى ياردەم، جۇڭگونىڭ بەرگىنى بولسا مەبلەغ).**

**تاكى يېقىنغىچە جۇڭگونىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئاساسىي جەھەتتىن دېڭىز رايونلىرىدىكى ھادىسە، دەپ قارىلىپ كەلگەن ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەسلەپكى 30 يىلنىڭ ئىچىدە، ماۋ زېدۇڭنىڭ زامانىۋى رادىكالىزملىقى يۈز بەرگەنگە قارىماي، جۇڭگونىڭ قىلغىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئالدىنقى قېتىملىق جۇڭگو سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىقىش ئىستراتېگىيىسىنى قايتىدىن يولغا قويۇش بولدى. بۇرۇنقى مەمۇرىي دەرىجە تۈزۈمى بىلەن، قۇرۇقلۇقنى ئاساسىي بازا قىلغان، ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆزى قاندۇرالايدىغان بىر يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت ئىقتىسادىي سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش بولدى. بۇنداق قىلىش تارىختا بىر ناھايىتى قىيىن ئىش بولۇپ ئىسپاتلانغان بولۇپ، ھازىرقى زاماندا بولسا ئۇ بىر مۇمكىن ئەمەس ئىش بولۇپ ئىسپاتلاندى. شۇڭلاشقا 1976-يىلى ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى (ج ك پ) ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىچىگە قاراتقان ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى بىلەن چەت ئەللەرگە قاراتقان تاشقى سىياسەتلىرىدە دېڭىز قىرغىقى ۋە دېڭىز رايونلىرىنى مەركەز قىلدى. بۇ خىل سىياسەتلەرنى ئامېرىكا ۋە ياپونىيەنى ئاساس قىلغان دېڭىز قىرغاقلىرىغا جايلاشقان بىر قىسىم چەت ئەل دۆلەتلىرى قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو دۇنياۋى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سىستېمىغا كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. بۇ ئىشتا جۇڭگو ئالدىنقى 200 يىلنىڭ ئىچىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ياخشى خەلقئارالىق بىخەتەرلىك مۇھىتىغا ئېرىشتى. ھەمدە ئاشۇنداق مۇھىت ئىچىدە جۇڭگونى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈرۈشكە ئاتلاندى. كەلگۈسىدە تارىخشۇناسلار ھازىرقى دەۋرنى تەكشۈرگىنىدە 2008-يىلى جۇڭگونىڭ كۆتۈرۈلۈشىدە بىر يېڭى ئۆزگىرىش پەيدا بولغانلىقنى بايقىشى مۇمكىن. 2008-يىلى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي كرىزىس، ۋە شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن جۇڭگودا يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كرىزىسنىڭ ئۆزى ج ك پ نى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىلىرىنى قايتىدىن باھالاپ چىقىشقا مەجبۇرلىدى. قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى مونوپوللۇق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈستىدە يېڭىۋاشتىن چوڭقۇر ئىزدىنىشكە قىستىدى. نەتىجىدە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئالدىنقى 10 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ چوڭ ئىستراتېگىيىلىرىنى قايتىدىن تەڭشەپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات سىياسەتلىرىنى يېڭىۋاشتىن تۈرغۈزۈپ چىقتى. ئاشۇنداق ئىستراتېگىيىلەرنىڭ بىرى ئۆزىنى دېڭىز يولى ساھەسىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش**

يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى بىلەن ئاسىيا-ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئەللەرنى تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈر يول تورلىرىنى قۇرۇپ چىقىشقا يۆتكەش بولدى.

بۇ ئىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىۋاتقان بىر قانچە سەۋەبلەر بار. ئۇنىڭ بىرى خەلقئارالىق گېئوپولىتىكا. يەنە بىرى بولسا جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سەۋەبلەر. جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقئارا ئىشلار ئۈچۈن قوللانغان سىياسەتلەرنىڭ ئاساسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن چوقۇم جۇڭگونىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش كېرەك.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تەڭشەش جەريانى يېقىن كەلگۈسىدە ئاخىرلىشىدىغاندەك ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئاسىيا-ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئىش ئېلىپ بېرىشى خېلى ئۇزۇن يىللارغا سوزۇلۇشى مۇمكىن. پاكىستان بىلەن جۇڭگودىكى ھۆكۈمران تەبىقىلەر بۇ ئىشقا «بىر ياخشى پۇرسەت»، دەپ قاراۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشتىن بىر-بىرى بىلەن بولغان ئىستراتېگىيىلىك ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى دۆلەت ئىچىگە قارىتىلغان سىياسەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈنمۇ پايدىلىنىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆرىمىز. ئاشۇنداق نەتىجىلەرنىڭ بىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەت بىلەن شىنجاڭغا قاراتقان كونتروللۇقىنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە كۈچەيتىلىشى بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىرى بولسا، بىز ھازىر كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك، جۇڭگونىڭ پاكىستانغا سالغان مەبلىغىنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە كۆپىيىشى، پاكىستاننىڭ بۇرۇن ئەسكەر تۇرغۇزمىغان بىر قىسىم رايونلىرىغا ئەسكەر يۆتكەپ، ئۇ يەرلەرگە بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتىشى بولىدۇ. ئاشۇنداق رايونلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ بىلەن چېگرىداش رايونلارمۇ بار.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار ئاسىيا-ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى باشقا ئەللەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىلىرىگە بىر قىسىم تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇ بىر يېڭىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە بىز ئاشۇنداق تەسىردىن پەيدا بولغان يېڭى ئەھۋاللارنى كۆزىتەلەيمىز.

بۈگۈنكى سۆھبەتكە قاتناشقان نۇتۇق ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى خادسون ئىنستىتۇتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسى يۇقىرىقىدەك ناھايىتى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممە ساھەسىگە ماس كېلىدۇ.

## 2. جۇڭگو بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇناسىۋىتى

تۆۋەندىكىسى خادسون ئىنستىتۇتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى چارلىس خورنېر (Charles Horner) نىڭ دېگەنلىرى. چارلىس بىر جۇڭگوشۇناس بولۇپ، ئۇ جۇڭگو ھەققىدە ئىككى قىسىملىق «كۆتۈرۈلۈۋاتقان جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زاماندىن كېيىنكى تەقدىرى» (Rising China and its postmodern fate) دېگەن كىتابنى ۋە كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان.

بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئېرىك بىلەن ئىككىمىز بىر يېڭى ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىنى ئىجات قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا «جۇڭگو بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى» دېگەن ئىسمنى قويدۇق. بۇ ساھەنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى خەنزۇلار دۇنياسى بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى زىيالىيلىق (intellectual)، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئالاقە-مۇناسىۋەتلەرنى چۈشىنىش. بىز تەكشۈرۈشنى باشلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو بىر دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوخشىمىغان جايلاردىكى كۆپلىگەن ئىسلام

جەمئىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىدىغانلىقىنى بايقىدۇق. بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، جۇڭگو بىر كۈچلۈك دۆلەت بولۇش سالاھىيتى بىلەن ئوخشىمىغان ئىسلام جەمئىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئوخشىمىغان شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىدىكەن. مەسىلەن، ھىندونېزىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، جۇڭگو ئاشۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىدا ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن ئېتنىك خەلقلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ساقلايدىكەن. مالايسىيا، بېنگال ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇڭگوغا يېقىن دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىمۇ شۇنداق ئىكەن. ئىسلام دۇنياسى بىر ناھايىتى كۈچلۈك رەڭدارلىقتا ئىگە دۇنيا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەرەب دۇنياسى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ 25 پىرسەنتىدىنمۇ ئاز بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.




3-رەسىم: سۆھبەتتە خادسون ئىنستىتۇتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى، جۇڭگوشۇناس چارلىس خورنېر سۆز قىلىۋاتقان ۋاقتىدىكى بىر كۆرۈنۈش.

شۇنىڭ بىلەن بىز ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جۇڭگو بىلەن ئوخشىمىغان مۇسۇلمانلار رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز-ئارا باغلىنىشلىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشتۇق. بۇ مەسىلىنى تەھلىل قىلغاندا، دۇنيانىڭ بىر يېرىدە بىر ئىش يۈز بەرگەندە، ئۇ دۇنيانىڭ يەنە بىر يېرىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشقا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

بىز تەكشۈرگەن يەنە بىر ئىش قۇرۇقلۇقتىكى ئىشلار بىلەن دېڭىز رايونلىرىدىكى ئىشلارنىڭ مۇناسىۋىتى، ۋە بۇ ئىككى خىل رايونلار ئوينايدىغان ئوخشىمىغان روللار قاتارلىقلار بولدى. بىز بىر قىسىم تارىخىي ۋەقەلەرگە قاراپ چىقتۇق. ئۇنىڭ بىرى ياپون ئىمپېرىيىسى بولدى. ياپونلار ئاسىيادىكى دېڭىز رايونلىرى بىلەن قۇرۇقلۇق رايونلىرىنىڭ ھەر ئىككىسىنى بىسىۋالماقچى بولۇپ، ھەر ئىككىسىدە مەغلۇپ بولدى. مەن لوندون ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر پروفېسسور ئىشلەتكەن «جۇڭگوچە سۆزلەش» (**China speak**) ئىبارىسىنى ياقتۇردۇم. بۇ، دۇنيادىكى كۈچلەر ۋە ئورۇن دەرىجىسى تۈزۈمىنى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىسى بويىچە چۈشىنىش، دېگەنگە يېقىن كېلىدۇ.

هازىر دېڭىز ئارقىلىق دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دەۋر ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا هازىر ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك كرىزىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىشىدىن ئىبارەت جۇڭگونىڭ ئىچكى مەسلىسى، ھەممە مەلۇم شەكىلدىكى جۇڭگو – ئىسلام دۇنياسى مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىش مەسىلىرى، ھەممە جۇڭگو ئۈچۈن يېقىن شەرقتىكى ئەللەرگە قارىغاندا يىراق شەرقتىكى ئەللەر (مەسىلەن ئىران ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان) بىلەن كۈچلۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى.

بىر بەلۋاغ ۋە بىر يول ئىستراتېگىيىسىگە مۇشۇنداق بىر نۇقتىدا تۇرۇپ قاراپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر جۇڭگونىڭ بۇ ئىستراتېگىيىگە سېلىۋاتقان مەبلىغى بىلەن باشقا ئىشلارغا سېلىۋاتقان مەبلىغىنى سېلىشتۇرۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈپ باقىدىغان بولساق، مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالنى بايقايمىز. ئەڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغان ئەھۋال جۇڭگونىڭ ئىچكى مۇقىملىقىنى ساقلاشقا ئاجرىتىۋاتقان غايەت زور مىقداردىكى مەبلىغى. بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار رايونى بولغان شىنجاڭ ھازىر پۈتۈنلەي مىخلاپ قويۇلغان بولۇپ، بەزى مۆلچەرلەرگە ئاساسلانغاندا شىنجاڭدىكى قوراللىق قوشۇنلارنىڭ سانى بىر مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. يەنە بىر ئەھۋال بولسا جۇڭگونىڭ پاكىستانغا 46 مىليارد دوللار مەبلەغ سالغانلىقى، ئۇنىڭ ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە مەبلەغ سېلىش بانكىسى بىلەن بىرلىكتە ئۈستقۇرۇلما بانكىسغا زور مىقداردا پۇل بەرگەنلىكى، ھەممە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زور مىقداردا پۇل خەجلەۋاتقانلىقىدۇر. جۇڭگونىڭ ئاشۇ ساھەلەرگە ئاتىغان پۇلىنىڭ مىقدارى ئىنتايىن زور بولۇپ، غەربتىكىلەر بۇ ئەھۋالغا يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتىدۇ. جۇڭگونىڭ ئۆزىنى يىراق شەرقتىكى ئىسلام دۇنياسى بىلەن دېڭىز يولى بىلەن، پاكىستان ۋە قازاقىستان قاتارلىق ئەللەردىن ئۆتىدىغان قۇرۇقلۇقتىكى كارىدورلار بىلەن، ياكى ھەر ئىككىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇش پىلانى، ۋە بۇ پىلاننىڭ ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دېڭىز رايونلىرىدىكى ئامېرىكا، ياپون ۋە ھىندىستانلاردىن ئىبارەت چوڭ كۈچلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى قاتارلىقلار بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يېقىندىن كۆزىتىشىمىزگە ئەرزىيدىغان مەسىلىلەردۇر.

## 3. پاكىستاندىن ئۆتىدىغان يول قۇرۇلۇشىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەر

تۆۋەندىكىسى خادسون ئىنستىتۇتىنىڭ مېھمان تەتقىقاتچىسى، جەمئىيەتشۇناس، سىياسەتشۇناس، ۋە «جۇڭگو ئۈچۈن تەشەببۇسنامىلەر» (Initiatives for China) دېگەن تەشكىلاتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خەن ليەنچاۋ (韩连潮, Han Lianchao) نىڭ دېگەنلىرى.

جۇڭگونىڭ يېڭى يىپەك يولى تەشەببۇسىنىڭ ئەڭ ھالقىلىق تەركىبىي قىسمى 46 مىليارد دوللارلىق «جۇڭگو-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» (China-Pakistan Economic Corridor, CPEC) دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ جۇڭگو ئىستراتېگىيىسىدىكى بىر يۆتكىلىشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

--جۇڭگو نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئۆزگىرىش ئېلىپ بارىدۇ؟

--CPEC جۇڭگونى نەگە باشلايدۇ؟

--ئۇ جۇڭگونى دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا چىقىرامدۇ؟

--ئۇ جۇڭگونىڭ ئۆز-ئۆزىنى ۋەيران قىلىشىغا ئېلىپ بارامدۇ؟

--ياكى ئۇ جۇڭگودا ھېچ قانداق ئۆزگىرىش ياسىيالامدۇ؟

مەن بۇ يەردە جۇڭگونىڭ بۇ قۇرۇلۇش ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، ۋە مېنىڭ

**ئۇنىڭغا قانداق قارايدىغانلىقىم ھەققىدە توختىلىمەن.**




**4-رەسىم: سۆھبەتتە خادسون ئىنستىتۇتىنىڭ مېھمان تەتقىقاتچىسى خەن لىيەنچاۋ سۆز قىلىۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.**

**جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆپىنچىسى CPEC (ئىنگلىزچىدا «سىپەك» دېگەن ئاھاڭدا ئوقۇلىدۇ) نى كۈچلۈك دەرىجىدە قوللايدۇ. جۇڭگودىكى بىر قىسىم ئىستراتېگىيە ئويلاش ئامبىرىنىڭ ئەزالىرى ۋە زىيالىيلار ھەتتا CPEC كە نىسبەتەن «بۇ بىزگە بىرەر مىڭ يىلدا ئاران بىر قېتىم كېلىدىغان، جۇڭگونى دۇنيادىكى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىرىدىغان بىر ئالتۇن پۇرسەت»، دەپ قارايدۇ. ئالدىنقى 30 يىلنىڭ مابەينىدە جۇڭگو ئۆزىنىڭ چەت ئەللەرگە قاراتقان ياردىمىنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەلىي قىممەت ۋە ئىقتىسادىي كىرىم يارىتىدىغان ئىشلارغا يۆتكەش جەھەتتە بىر قىسىم ئىشلارنى ئېلىپ باردى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ يەنىلا بىر يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭىدىغان قارار ئېلىش مېخانىزمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، يېقىندىن بۇيان «ھەممە نەرسىنىڭ رەئىسى» شى جىنپىڭ دۆلەت كۈچى ھەققىدە كۆپرەك سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. جۇڭگونىڭ قوللىنىۋاتقىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپ قارار ئېلىش ئۇسۇلى بولغاچقا، ھازىر جۇڭگونىڭ نىيىتىنى بىلىش بارغانسېرى قىيىنلىشىپ، جۇڭگونىڭ زادى قايسى تەرەپكە ماڭىدىغانلىقىنىمۇ ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.**

**شى جىنپىڭ CPEC پىلانىنى يولغا قويۇشنى بۇيرۇپ بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىتىگە نىسبەتەن ئوخشىمايدىغان كۆز-قاراشتا بولغانلار بۇنىڭدىن كېيىن «دۆلەت سىياسىتىگە ئوچۇق-ئاشكارا قارشى چىققان» دېگەن قالپاق بىلەن جازالىنىشى مۇمكىن. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باش تەھرىرى يولۇقتان تەقدىر مانا شۇنىڭ بىر مىسالى.**

**جۇڭگودىكىلەرنىڭ قارىشىچە CPEC ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى چەكلەش ئۈچۈن قۇرغان چەمبىرەكنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئامېرىكىنىڭ ئاجىز نۇقتىسىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئافرىقىدا ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ج ك پ نىڭ «يېزا ئارقىلىق شەھەرنى قورشاش»**

ئىستراتېگىيىسى بىلەن ئوخشاش. جۇڭگو CPEC ئارقىلىق ئۆزى ۋە پاكىستاننىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولغان ھىندىستاننىمۇ ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى CPEC نىڭ ئېھتىياجى بىلەن جۇڭگو-پاكىستان چېگرىسىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتىپ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېررورلۇق تەھدىتىنىمۇ مەڭگۈ قايتىدىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە يوق قىلىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

جۇڭگودا شى جىنپىڭ تۇتقان يولغا گۇمان بىلەن قاراۋاتقانلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ قارىشىچە جۇڭگونىڭ پاكىستانغا سالغان مەبلىغىدىن پايدا ئېلىش ئانچە كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. مەسىلەن، شىنجاڭ بىلەن پاكىستاننى تۇتاشتۇرىدىغان قارا قۇرۇم تاش يولىنى ھازىر بىر يىل ئىچىدە ئاران 6 ئاي ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بۇ يول بەك ئېگىز بولغاچقا، قالغان 6 ئاي ۋاقىتتا بۇ يولنى قار ۋە مۇزلار توسۇپ قويىدۇ. ئالدىنقى قېتىم بۇ يولدا تاغ ئۆرۈلۈپ چۈشۈش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بۇ يول 5 يىلدەك ۋاقىت تاقىلىپ قالدى.

پاكىستاننىڭ سىياسىي مۇقىمسىزلىقى، ئىچكى توقۇنۇشلىرى، ئوخشىمىغان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشلىرى، تېررورىست ۋە بۆلگۈنچىلەر ھەرىكەتلىرى تۈپەيلىدىن، جۇڭگو پاكىستانغا سالغان ھازىرقىدەك زور مىقداردىكى مەبلەغ خۇددى «نىشخارا قەرز پۇلى» غا ئوخشاش بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ تارىخىي ۋەقە مۇنداق: 1917-يىلى ياپون ھۆكۈمىتى مەخپىي ھالدا جۇڭگونىڭ بېيياڭ ئارمىيىسىگە ئۇنىڭ باشلىقى دۈەن چىرۈي ئارقىلىق زور مىقداردا پۇل قەرز بېرىدۇ. ياپونلار شۇ ئارقىلىق جۇڭگولۇقلاردىن ئۆزىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىشنى ئىستەيدۇ. ئەمما، كېيىن بۇ ئىش پاش بولۇپ قېلىپ، دۈەن چىرۈي «خائىن» ئاتىلىپ ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ. ھەمدە 4-ماي ياشلار ھەرىكىتى شۇ سەۋەبتىن پارتلايدۇ. جۇڭگودا 1925-يىلى يېڭى ھاكىمىيەت تەختكە چىقىپ، ياپونلارنىڭ ھېلىقى قەرز پۇلنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ياپون بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىشىنىڭ بىر سەۋەبى ئەنە شۇ [2].

شى جىنپىڭغا قارشى پىكىردە بولۇۋاتقانلارنىڭ يەنە بىر كۆز-قارىشى مۇنداق: CPEC نىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بىلەن، شىنجاڭغا تېخىمۇ كۆپ مۇسۇلمانلار ئېقىپ كىرىپ، جۇڭگو ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى پەيدا قىلىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە بۇ جۇڭگونىڭ بىر تاش بىلەن كۆپ قۇشقاچنى ئېتىش ئىستراتېگىيىسى بولۇپ، جۇڭگو بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ باشلامچىلىقىدىكى بىر يېڭى خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەرنى، بىر يېڭى دۇنيا تەرتىپىنى بەرپا قىلماقچى. ئەمما، بىر قىسىم رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە بولغان گۇمانخورلۇق كېسىلى تۈپەيلىدىن، جۇڭگو رەھبەرلىرى بۇ قۇرۇلۇش ھەققىدە يېتەرلىك دەرىجىدە چوڭقۇر ئويلانماي، ئالدىراپ ئىش باشلاپ كەتتى. بۇ ئىشنى ئىسپاتلانغان ئىقتىسادىي پرىنسىپلارغا ئەمەس، بىر قىسىم گېئوپولىتىكىلىق چۈشەنچىلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ قارار قىلدى. مېنىڭچە جۇڭگو ھازىر تۇتقان يول ئۇنى ھېچ قانداق نەتىجىگە ئېرىشتۈرمەيدۇ. پاكىستاننىڭ ئىچكى مەسىلىرى بۇ قۇرۇلۇشنى ئاسانلا ئەسلىدىكى يۆنىلىشتىن چەتنىتىۋېتەلەيدۇ. جۇڭگو بۇنىڭدىن 15 يىل بۇرۇن غەربىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىنى باشلىغان بولۇپ، ئۇ قۇرۇلۇشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىزنى بىر قىسىم ياخشى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ قۇرۇلۇشتا جۇڭگو ناھايىتى زور مىقداردىكى پۇللارنى مەبلەغ سالدى، ناھايىتى كۆپ يوللارنى ياسىدى، ناھايىتى كۆپ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى قۇردى، ھەمدە باشقا

**ئۆستۈرۈلمىلارنىمۇ بەرپا قىلدى. ئەمما ئۇ مەبلەغلەر ھازىرغىچە بىر گۈللەنگەن ئىقتىسادنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمىدى. جۇڭگو بۇرۇن پاكىستانغا بەرگەن پۇللار ئىقتىسادىي ياردەم ئىدى. ئۇ پاكىستانغا ھازىر بېرىۋاتقان پۇللار بولسا مەبلەغدىن باشقا نەرسە ئەمەس. جۇڭگو بۇ مەبلەغلەردىن ناھايىتى كۆپ پايدا تېپىشنى ئىستەۋاتىدۇ. بۇ ئىشقا پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگو كاراچى رايونى ئەتراپىدىكى بىر قۇياش ئېنېرگىيىسى قۇرۇلۇشىغا 760 مىليون دوللارلىق مەبلەغ سالدى. ئاندىن بۇ پۇلنىڭ ئۆسۈمىگە يەنە نۇرغۇن راسخوت پۇللىرىنى قوشۇپ، جۇڭگو پاكىستاندىن 950 مىليون دوللار پۇل قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ قۇرۇلۇش جەريانىدىكى پۇلنىڭ ئۆسۈمى شۇنىڭ بىلەن 33 پىرسەنتكە توغرا كەلدى. بۇنداق مەبلەغ سېلىش قۇرۇلۇشى چوقۇم توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ. چوقۇم پاكىستانلىقلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىنى قوزغايدۇ. جۇڭگو بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا پولاتتەك قاتتىق باغلانغان دوستلۇق مەۋجۇت بولسىمۇ، جۇڭگو پاكىستانلىقلارنىڭ گېپىگە تايىنىپلا ئىش ئېلىپ بارالمايدۇ. جۇڭگودا پاكىستانلىقلارنى ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىدىغانلار ئاساسەن يوق بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا جۇڭگولۇقلار پاكىستانلىقلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ. شۇڭا بۇ بىر ناھايىتى خەتەرلىك ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى بىزگە تارىخ دەپ بېرىدۇ.**

**مەن بۇ يەردىكى مەزمۇننى شېكسپىر (Shakespeare) نىڭ مۇنداق بىر سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن: پۇل قەرز ئالغۇچىمۇ بولما، پۇل بېرىپ تۇرغۇچىمۇ بولما. چۈنكى قەرز پۇل سېنى پۇلدىنمۇ ۋە دوستتىنمۇ مەھرۇم قالدۇرىدۇ.**

## پايدىلىنىش مەنبەسى:


**[1] China's Road Through Pakistan**
**https://www.youtube.com/watch?v=u1ahrMhq9LQ&t=109s**

**[2] Nishihara Loans**
**https://en.wikipedia.org/wiki/Nishihara_Loans**

# پاكىستان پارچىلىنىپ كېتەمدۇ؟


**2017-يىلى 16-ئىيۇن**

مەن بۇ يىل جۇڭگو ۋە ئۇيغۇر دىيارى ھەققىدە ئىزدىنىشنى باشلىغاندىن بۇيان، غەربتىكى سىياسىي ئانالىزچىلار ۋە خەلقئارا سىياسەت مۇتەخەسسىسلىرى پاكىستان ئۈستىدە گەپ قىلغاندا داۋاملىق «پاكىستان بىر مەغلۇپ بولغان دۆلەت» دېگەن ئىبارىنى تىلغا ئالىدىغانلىقىنى بايقىدىم. ھەممە پاكىستاننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئەھۋالىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان بولغاچقا، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ يېڭى يىپەك يولىنىڭ بىر مۇھىم تارمىقى ئۇيغۇر دىيارى ۋە پاكىستاندىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن «پاكىستان بىر مەغلۇپ بولغان دۆلەت» دەيدىغانلىقىنى بىلىۋالغۇم كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ تېمىدا ئازراق ئىزدىنىپ، مەزكۇر يازمىنى تەييارلاش قارارىغا كەلدىم.

مېنىڭ بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغىنىم سېلىگ خەررىسون (**Selig S. Harrison, 1927 - 2016**) ئەپەندى 2016-يىلى 4-مارتتا ئەنگلىزچە «**Carnegie Endowment for International Peace**» دەپ ئاتىلىدىغان دۇنياغا داڭلىق ئويلاش ئامبىرىدا بەرگەن بىر مەيدان ئىلمىي دوكلاتىنىڭ ئۆزۈم تاللىغان مەزمۇنلىرى [1]. خەررىسون ئەپەندى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، «ۋۇدروۋ ۋىلسون خەلقئارا زىيالىيلار مەركىزى» (**Woodrow Wilson International Center for Scholars**) ئاسىيا پروگراممىسىنىڭ دىرېكتورى ۋە شۇ مەركەزنىڭ خەلقئارا سىياسەت ئورگىنىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى بولۇشتەك بىر قاتار مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. شىمالىي كورېيەگە 11 قېتىم بېرىپ باققان. ئاسىيا ئىشلىرى ۋە ئامېرىكا-ئاسىيا مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە 5 پارچە كىتاب چىقارغان بولۇپ، كورېيە ھەققىدىكى بىر كىتابى ئامېرىكا نەشرىياتچىلار بىرلەشمىسىنىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. خەررىسون ئەپەندى مەزكۇر دوكلاتنى بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى ئۆتكەن يىل دېكابىر ئېيىدا ۋاپات بولغان [2].

خەررىسون ئەپەندى پاكىستان ھەققىدە بىر تەپسىلىي ئىلمىي دوكلاتمۇ تەييارلىغان بولۇپ [3]، قىزىققان ئوقۇرمەنلەر ئاشۇ دوكلاتتىن تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولالايدۇ.

تۆۋەندە مەن ئالدى بىلەن پاكىستاننىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ، ئاندىن خەررىسون ئەپەندىنىڭ دېگەنلىرىنى بايان قىلىمەن.




**1-رەسىم: پاكىستاندىكى 4 چوڭ مىللەتنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى.**

## 1. پاكىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى

**پاكىستان ئەسلىدە ھىندىستاننىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ 1947-يىلى 14-ئاۋغۇستتا ھىندىستاندىن ئايرىلىپ، بىر ئايرىم دۆلەت بولدى. ئەمما ئۇ ئەڭ دەسلىپىدىن باشلاپلا ئامېرىكا بىلەن دوست بولۇش يولىنى تاللاپ، ئامېرىكىنىڭ زور مىقداردىكى ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، دۇنيادىكى ئەللەرنىڭ تەڭ يېرىمى پاكىستاننى بىر ئايرىم دۆلەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلمىدى [4]. ئۇنىڭدىن كېيىن پاكىستاندا يەنە كۆپ قېتىم ئۆزىگە پايدىسىز بولغان چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىقلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:**

--پاكىستاندا 1954-يىلى 24-ئۆكتەبىردە بىر قېتىم سىياسىي ئۆزگىرىش بولدى. يېڭىدىن ھوقۇقنى تارتىۋالغان باش مىنىستىر مۇھەممەد ئەلى بۇغرا پاكىستاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى 4 ئۆلكىنىڭ ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پاكىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بېنگال خەلقىنى پەقەت ئوردۇ تىلىنىلا قوللىنىشقا مەجبۇرلىدى. نەتىجىدە بالۇچىستان ۋە پاشتۇنىستان ھەرىكەتلىرى پارتلىدى (پاكىستاندا چوڭ مىللەتلەردىن پەنجاپ، پاشتۇن، سىندى ۋە بالۇچ قاتارلىق 4 مىللەت بار، يۇقىرىدىكى 1-رەسىمگە قاراڭ).

--پاكىستاندىكى بېنگاللار بىلەن پاكىستان ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا چوڭ توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ھىندىستاننىڭ ياردىمى بىلەن، 1970-يىلى بېنگاللار پاكىستاندىن ئايرىلىپ چىقىپ، بېنگال دۆلىتىنى قۇردى.

--گېنېرال زىيا-ئۇل-ھەق (Zia-ul-Haq) بىر سىياسىي ئۆزگىرىش بىلەن زۇلفىقار ئەلى بۇتتو (Zulfikar Ali Bhutto) دىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ، 1977-يىلى بىر يالغان سوت ئېچىپ بولغاندىن كېيىنلا ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن پاكىستاندا بىر خىل سۇلالە سىياسىيىسى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

--سوۋېت 1979-يىلى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، سوۋېتنى يېڭىش ئۈچۈن ئامېرىكا پاكىستانغا زور مىقداردا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى. ئەمما پاكىستان ئۇ ياردەملەرنىڭ بىر قىسمىنى سوۋېتقا زەربە بېرىدىغان تېرروررىست قوشۇنلىرىنى بەرپا قىلىشقا ئىشلەتكەن بولسا، قالغان قىسمىنى گېنېرال زىيا پاكىستاننىڭ دىنىي قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىپ، پەقەت ئافغانىستاندىلا جىھاد ئۇرۇشى ئېلىپ بارىدىغان ئىسلاملاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشلەتتى. نەتىجىدە پاكىستاندا كلاشنىكوف مەدەنىيىتى، زەھەرلىك چېكىملىك مەدەنىيىتى، زورلۇق، ئىسلام گۇرۇھۋازلىقى ۋە جىھادلىق قاتارلىق نەرسىلەر پەيدا بولدى. بۇ نەرسىلەر تەرەققىي قىلىپ، پاكىستاننىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى پېشاۋۇر «جىھاد ئۇنىۋېرسىتېتى» دەپ ئاتىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. مۇشۇ مەزگىلدە پاكىستان ئامېرىكىدىن كەلگەن پۇلنىڭ كۆپىنچە قىسمىنى قورال سېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ئىشلەتتى. پاكىستاننىڭ يادرو پروگراممىسىمۇ ئاشۇ مەزگىلدە تاماملانغان بولسىمۇ، پاكىستاندىن پايدىلىنىپ ئافغانىستاندىكى سوۋېت ئىنتىپاقى قوشۇنلىرىنى يېڭىش ئۈچۈن، ئامېرىكا ئۇنىڭغا قارشى چىقمىدى. پاكىستان مۇشۇ مەزگىلدە ئافغانىستان ئۈچۈن تەربىيىلەنگەن جىھاد قوشۇنلىرىنى كەشمىردە پارتىزان ئۇرۇشى قىلىشقا سېلىشنىمۇ باشلىدى.

ئىلاۋە: كالاشنىكوف مەدەنىيىتى دېگەننىڭ ئىزاھاتى مۇنداق ئىكەن: ئۇ سوۋېت-ئافغانىستان ئۇرۇشىدىن كېلىپ چىققان مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇ ئاپتوماتىك قورال‌لارغا ئېرىشىش ناھايىتى ئاسانلىشىپ كەتكەنلىكى، ۋە ھەر خىل ماجىرالار مىلتىق ۋە قان تۆكۈش بىلەن بېسىقتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامېرىكا ئافغانىستانغا بەرگەن قورال‌لارنىڭ نۇرغۇنلىرى پاكىستاننىڭ قاراڭغۇ بازىرىدا سېتىلىدىغان بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنى سېتىۋېلىش ئىنتايىن ئاسانلىشىپ كەتكەن. ئاشۇ قورال‌لارنىڭ ئىچىدە «كالاشنىكوف» ياكى «AK-47» دەپ ئاتىلىدىغان ئاپتومات ئەڭ كۆپ قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشكەن قورال بولغاچقا، مۇشۇنداق ئەھۋالغا «كالاشنىكوف مەدەنىيىتى» دېگەن ئىسىم قويۇلۇپ قالغان [5].

--پاكىستان-ھىندىستان مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىشقا باشلىغان، ھەمدە كەشمىر مەسىلىسىمۇ ھەل بولۇشقا يېقىنلىشىپ قالغان 1999-يىلى پاكىستاننىڭ باش ھەربىي قوماندانى شۇ چاغدىكى دۆلەت

باشلىقى ناۋاز شەرىفتىن يوشۇرۇن ھالدا ھىندىستاننىڭ كارگىل ئېگىزلىكىنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن كارگىل ئۇرۇشى پارتلىدى. ئۆزىنىڭ يۈزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئامېرىكا بۇ ئۇرۇشقا ئارىلاشتى. ئۇرۇشتىن كېيىن گېنېرال پەرۋەز مۇشەررەف بىر سىياسىي ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىپ، دۆلەت ھوقۇقىنى قولغا چۈشۈرۈپ، كېيىنكى 8 يىل پاكىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

--ھەممىيلەن بىلىدىغان 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، پاكىستان ئامېرىكا بىلەن ئافغانىستاندىكى تېررورىست گۇرۇھلارنى تەڭ ئوۋىنىپ، ئوتتۇرىدىن پايدا ئالدى. پاكىستاننىڭ بۇ قېتىم قىلغىنى 1979-يىلىدىن كېيىنكى سوۋېت-ئافغانىستان ئۇرۇشىدىكى ئەھۋالغا بىر ئاز ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، ئوخشىمايدىغان يېرى، بۇ قېتىم پاكىستان ئامېرىكا ۋە تېررورىست گۇرۇھلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە بىر خىل تەڭپۇڭلۇق ساقلاشقا مەجبۇرى بولدى. يەنى، ئامېرىكا پاكىستان ئارمىيىسىدىن پايدىلىنىپ تېررورىستلار مۆكۈنۈۋالغان جايلارغا زەربە بەرمەكچى بولدى، ئەمما، ئەمەلىيەتتە زەربە بەرمەكچى بولغان تېررورىستلار پاكىستان ئارمىيىسىگە تەۋە كىشىلەر ئىدى. كېيىنچە پاكىستاننىڭ بۇنداق ئىشلىرى پاش بولۇپ قېلىپ، ئۇ زور زىيانلارنى تارتتى. 2001-يىلىدىكى ئافغانىستان ئۇرۇشى باشلانغاندىن بۇيان، پاكىستاندا 35000 پۇقرا ۋە 4000 ئەسكەرلەر ئۆلۈپ، ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ 65 مىليون دوللار زىيان تارتىپ، پاكىستاننىڭ ئىقتىسادى ئىنتايىن زور دەرىجىدە چېكىندى.

--ئۆزىنى غەربنىڭ دوستى دەپ يۈرگەن پاكىستاننىڭ ئوساما بىن لادېننى مۆكتۈرۈپ يۈرگەنلىكى 2011-يىلى پۈتۈن دۇنياغا ئاشكارىلاندى. شۇنىڭ بىلەن تاكى شۇ ۋاقىتقىچە پاكىستاننى قوللاپ كەلگەن غەرب ئەللىرى ئۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇردى. ھازىر پۈتۈن دۇنيا پاكىستاننى دۇنياۋى تېررورلۇقنىڭ مەركىزى، دەپ قارايدىغان بولدى [4].




2-رەسىم: ئوساما بىن لادېن 2011-يىلى پاكىستاننىڭ ھەيبەر پاكتونكىۋا (Khyber Pakhtunkhwa) ئۆلكىسى ئاببوتئاباد شەھىرىنىڭ «بىلال» كەنتىدىن تېپىلغان ۋە شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەن.

**مەن ئەمدى خەررىسون ئەپەندىنىڭ دوكلاتىنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلىشنى باشلايمەن. تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى مەنبەگە تەۋە بولۇپ، ئەگەر ئۆزۈمنىڭ كۆز-قاراشلىرىنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇلارنى «ئىلاۋە» شەكلىدە بىر ئايرىم ئابزاس قىلىپ قىستۇرۇپ قويىمەن.**




**3-رەسىم: سېلىگ خەررىسون ئەپەندى 2016-يىلى 4-مارتتا دوكلات بېرىۋاتقان بىر كۆرۈنۈش.**

## 2. پاكىستاننىڭ بىر ئىقتىدارسىز دۆلەت بولۇپ قېلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى

**1945-يىلى 3-ئايدا ئەنگلىيە باش مىنىستىرى ۋىنستون چېرچىل ۋە ئۇنىڭ گېنېراللىرى مەلۇم ئىستراتېگىيىلىك مەقسەتلەر ئۈچۈن پاكىستاننى ھىندىستاندىن بۆلۈپ، بىر ئايرىم دۆلەت قىلىشنى قارار قىلغان. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەقستى پاكىستاندا ئەنگلىيە ئۈچۈن بىر ھەربىي بازا قۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. بۇ نېمە ئۈچۈن پاكىستاننىڭ بۈگۈنكىدەك ئىقتىدارسىز بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ بىر سۇنئىي سىياسىي قۇرۇلمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەنگلىيە پاكىستاننى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، تارىختا زادىلا بىللە ياشاپ باقمىغان 5 خىل مىللەت خەلقلىرىنى بىر دۆلەتكە تەۋە قىلىپ قويىدى. ئەينى ۋاقىتتا بېنگاللارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى قالغان 4 مىللەت نوپۇسىنى قوشقان ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى. قالغان 4 مىللەت پەنجاپ، پاشتۇن، بالۇچ ۋە سىندىلار ئىدى. بېنگال ئايرىم دۆلەت بولۇپ ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، 5 مىللەت 4 مىللەتكە ئۆزگەردى.**

**1971-يىلى بېنگال كرىزىسى يۈز بەرگەندە، مەن ئاشۇ رايوندا ئىدىم. شۇ چاغدا مەن پاكىستاننىڭ ھەربىي باش قوماندانى بۇتتو ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەن بولۇپ، ئۇ ماڭا بېنگال ئايرىلىپ چىقىپ كەتسە، پاكىستاننى باشقۇرۇش ئاسانراق بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى، ئۇنىڭ ئۆزى پاكىستاننى ياخشىراق باشقۇرالايدىغان بولىدىغانلىقى ئىدى. كېيىن ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىش يۈز بەردى. ئەمما، ئارىلىقتىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇتتو ئەپەندى پاكىستان ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. پاكىستان ئارمىيىسى ۋە ئۇنىڭ ھەربىي ئوفىتسېرلىرىدا پەنجاپلار مۇتلەق كۆپ سانىنى**

ئىگىلىدى. بېنگاللارنىڭ كېتىشى بىلەن پاشتۇن، بالۇچ ۋە سىندىدىن ئىبارەت قالغان 3 مىللەت تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە بوزەك قىلىنىشقا باشلىدى. تارىختىكى نەچچە ئەسىرلىك ۋاقىت ئىچىدە يۇقىرىدىكى 3 مىللەت موڭغۇللارنىڭ ھۆجۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئەمدى ئۇلار پەنجاپلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالدى. ھازىر ھېلىقى 3 مىللەت پاكىستان نوپۇسىنىڭ ئاران 33 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئەمما ئۇلار ئىگىلىگەن زېمىن پاكىستاننىڭ 72 پىرسەنتىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ زېمىن ئاشۇ 3 مىللەتنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇلۇپ كەلگەن تارىخىي مىراسلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئاشۇ رايونلاردا توقۇنۇش پەيدا قىلىدىغان تۈپ ئامىللاردىن ئىبارەتتۇر.

## 3. بالۇچلار بىلەن سىندىلار

بالۇچلار زېمىنىدا (ياكى بالۇچىستاندا) تەبىئىي بايلىقلار، بولۇپمۇ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھازىر ئۇ گازدىن پۈتۈن پاكىستان پايدىلىنىدۇ. بالۇچلار بۇ ئىشتا ئۆزلىرىنى ئادالەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىنغۇچىلار ھېسابلاپ، پاكىستان ھۆكۈمىتىگە بىر خىل نارازىلىق پوزىتسىيىسى بىلەن قارايدۇ. تويلاڭچىلارنىڭ ھۇجۇملىرى تۈپەيلىدىن، پاكىستان بالۇچىستاندىكى نېفىت بايلىقىدىن تېخىچە پايدىلىنالمايدۇ. چەت ئەللىكلەر بالۇچىستانغا مەبلەغ سالغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىچىدىكى 22 قۇرۇلۇش ھازىر توختىتىپ قويۇلدى. سىياسىي ۋە ھەربىي مەسىلىلەردىن باشقا، بۇ پاكىستان ھازىر دۇچ كەلگەن بىر چوڭ ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

پاكىستان ئارمىيىسى بالۇچلارنى پارچىلاپ بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل تاكتىكىلارنى قوللىنىۋاتقان بولۇپ، بالۇچلارنىڭ 2 نەپەر چوڭ قوماندانلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئەنە شۇنداق ھەرىكەتلەرنىڭ نەتىجىسى. بالۇچلارنىڭ نوپۇسى 6 مىليون بولۇپ، ئۇلار ھازىر سىياسىي جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى مۇستەقىل بولۇش.

بالۇچلارنىڭ ھەربىي كۈچى ئاجىز بولۇپ، ئەگەر ئۇلار سىندىلار بىلەن بىرلىشىۋالسا، پاكىستانغا خېلى كۈچلۈك تەھدىت سالالايدۇ. ھازىر بۇ جەھەتتىكى ئىشلارمۇ باشلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىر بالۇچ-سىندى فېدېراتسىيەسى قۇرۇش. ئۇلار ئۆز خەرىتىسىگە كىرگۈزۈۋالغان زېمىن ھىندىستاندىن ئىرانغىچە سوزۇلىدۇ. كاراچى ئاشۇ زېمىننىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ.

بالۇچلار ۋە سىندىلارنىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ 1973-يىلىدىكى دۆلەت قانۇنىنىڭ ئاپتونومىيە ھەققىدىكى قىسىملىرىنى قانداق ئىجرا قىلىشىغا باغلىق. شۇنداقلا پاكىستان-ھىندىستان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق تەرەققىي قىلىشىغىمۇ باغلىق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پاكىستان ئېلىپ بارغان ھىندىستانغا قارشى بىر قىسىم ئىش-ھەرىكەتلەر ھازىر ھىندىستاننى بالۇچ-سىندىلارنى قوللاپ، شۇ ئارقىلىق پاكىستانغا زەربە بېرىش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە ئويلىنىشقا ئېلىپ باردى. ھىندىستان ئۈچۈن پاكىستانغا قارشى بىر ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش باشلاشقا قارىغاندا، بالۇچ-سىندىلارنى قوزغاش ئىستراتېگىيىسى بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا بىر يادرو بومبىسى ئۇرۇشىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، چەت ئەللەرنىڭ پاكىستانغا مەبلەغ سېلىشىنىمۇ توختىتىپ قويالايدۇ. ھىندىستاننىڭ بالۇچلارغا ياردەم قىلىشى بىلەن سىندىلارنىڭ توختىماي قوزغىلاڭ قىلىپ تۇرۇشى پاكىستان ئارمىيىسىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ مۇشۇ ئىككى ئالدىنقى سەپتە ناھايىتى ئالدىراش ئۆتۈشكە قىستايدۇ. پاكىستان ئارمىيىسىنىڭ قالغان قىسمى بولسا كەشمىر بىلەن پەنجاپتا ھىندىستان ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرمىسا بولمايدۇ.

**ھازىرقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا بالۇچىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشى، ياكى بىر بالۇچ-سىندى فېدېراتسىيەنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئېھتىماللىقتىن بىر قەدەر يىراق. ئەمما ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ قالىدىكەن، يۇقىرىدىكى ئېھتىماللىق ئۆزگىرىدۇ. ئۇنداق ئەھۋالدا ھىندىستان ھاۋا ئارمىيىسى بالۇچ قوزغىلاڭچىلىرىغا بىۋاسىتە ياردەم قىلىدۇ. بۇرۇنقى ئۇرۇشلاردا پاكىستان ھاۋا ئارمىيىسى بالۇچ قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بالۇچ يۇقرالىرى ئۈستىدىن ئىنتايىن ۋەھشىي قىرغىنچىلىقلارنى ئېلىپ باردى. بالۇچلار ھىندىستان ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ياردىمى بىلەن قولدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇۋېلىش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.**

**ئۇرۇش قىلىش فۇنكسىيىسىدىن باشقا، ھازىر پاكىستان ئارمىيىسى ناھايىتى چوڭ كۆلەمدىكى ئىگىلىك قۇرۇلمىلىرىنىمۇ باشقۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ماددىي بايلىقىنىڭ مىقدارى 38 مىليارد دوللار كېلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىقتىسادىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھىندىستان-پاكىستان ئۇرۇشى پاكىستاننىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى-چىقارماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، بالۇچ ۋە سىندى بۆلگۈنچىلىرى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ مېڭىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا پاكىستاننىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىنى بىر خىل تىنچ يول بىلەن ھەل قىلمايدىكەن، ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار تېخىمۇ كۈچىيىپ، پاكىستان دۇچ كەلگەن ھازىرقى ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ناچارلىشىپ مېڭىشى مۇمكىن. بۇنداق توقۇنۇشلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىپ، پاكىستاننىڭ چوڭ قىسىملىرىدا چەت ئەل مەبلەغ كېلىشمىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدا يول قويماسلىقى مۇمكىن.**

## 4. پاشتۇنلار

**پاشتۇنلارنىڭ نوپۇسى 41 مىليون بولۇپ، ئۇلار پاكىستان بىلەن ئافغانىستاننىڭ ھەر ئىككىسىگە ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ بىرلىك ساقلاپ ياشىغان تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. ئەنگلىيە قول تىقىشتىن بۇرۇن پاشتۇنلار سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەن ھالەتتە ئىدى. 1940-يىللىرى ئەنگلىيە ئافغانىستانغا تاجاۋۇزلۇق قىلىپ، پاشتۇنلارنىڭ نۇرغۇن زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى. ئەمما پاشتۇنلار ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن قوبۇل قىلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنى 1947-يىلى ئەنگلىيە ئۆزى ئىگىلىۋالغان پاشتۇنلار زېمىنىنى پاكىستاننىڭ يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. مانا بۇ پاكىستاندىكى پاشتۇنلارنىڭ كېلىش مەنبەسىدۇر. ئاشۇ ئىش يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، پاشتۇنلار بىر قېتىم بىر مۇستەقىل پاشتۇنىستان قۇرۇشقىمۇ ئۇرۇنۇپ باقتى. ئەمما ئەنگلىيەنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا غەلىبە قىلالمىدى. پاشتۇنىستان پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى تۈرمىگە تاشلىنىپ، ئۇلارنىڭ گېزىتى توختىتىلدى. ھازىر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇچۇن ئىشلەۋاتقان پاشتۇنلار بەزىدە ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇچرىغان ئادالەتسىزلىكنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان پاكىستان ۋە ئافغانىستان ھۆكۈمەتلىرى پاشتۇنلار زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى قارشىلىقلارغا ئۇچراپ كەلدى. ئافغانىستان پاكىستان ئىچىدە بىر ئاپتونومىيىلىك پاشتۇنىستان دۆلىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان ۋاقىتلار، ھەمدە پاكىستاندىكى پاشتۇنلار بىر مۇستەقىل پاشتۇنىستان قۇرۇشقا ئۇرۇنغان ۋاقىتلارمۇ بولدى.**

**سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا قىلغان تاجاۋۇزى، ۋە ئامېرىكىنىڭ تالىبانغا قاراتقان ئۇرۇشلىرى پاشتۇنلار جەمئىيىتىدە چوڭ پارچىلىنىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، پاشتۇنلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى**

قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر ھالەتكە ئەكىلىپ قويىدى. ھازىر پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدا بىر مۇستەقىل پاشتۇنىستاننىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مەسئۇل بولۇپ ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئورگانلار بار.

پاشتۇنلار ئارىسىدا پەيدا قىلىنغان بۆلۈنۈشلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا قارىماي، پاشتۇنلار ھازىرمۇ بىر ناھايىتى كۈچلۈك مىللىي كىملىك ئېڭىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملاشقان تارىخىي قەبىلە چۈشەنچىسىگە ئاساسلانغان. گەرچە ھازىر ئوخشىمىغان پاشتۇن گۇرۇھلىرى ئارىسىدا قاتتىق توقۇنۇشلار يۈز بېرىۋاتقان بولسىمۇ، پاشتۇنلاردىكى ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى بىرلىك چۈشەنچىسى ھازىرمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلاردا سىياسىي جەھەتتىن بىرلىشىش ئىمكانىيىتى ھازىرمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

پاكىستان ئارمىيىسى پاشتۇنلار ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايونلاردا ئېلىپ بارغان ھەر خىل ئۇرۇشلار ۋە ئامېرىكىنىڭ ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان بىلەن ئېلىپ بارغان ھۇجۇملىرى ناھايىتى كۆپ ساندىكى پاشتۇن پۇقرالىرىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەمما، بۇنىڭ سىياسىي تەسىرى مۇۋاپىق ئېتىۋارغا ئېلىنمىدى. يېقىندىن سىياسىيلاشتۇرۇلغان ۋە رادىكاللاشتۇرۇلغان پاشتۇنلار ھازىر ئۆزلىرىنى غەربىي-شىمالىي پاشتۇنلار زېمىنى ۋە بالۇچىستاننىڭ شىمالىي بۆرجىكىنىڭ سىياسىي ئىش باشقۇرغۇچىلىرى، دەپ ھېسابلايدۇ. ھازىر پاشتۇنلار ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستەيدۇ. پەنجابلار ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقىدىكى تەرەققىياتنى ئەمەس، بەلكى پاشتۇنلارنىڭ ئۆز كونتروللۇقىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىستەيدۇ. ئامېرىكا ۋە پاكىستان ھۆكۈمىتى پاشتۇنلار رايونلىرىدا ئېلىپ بارغان ئەل قائىدەگە قارشى ئۇرۇشلار پاشتۇنلاردىن تەركىب تاپقان جىھاد كۈچلىرىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈۋەتتى. يەنى، ئامېرىكا جىھاد كۈچلىرىنى يوقاتماقچى بولۇۋاتقان بولسا، پاشتۇنلاردىن تەركىب تاپقان جىھاد كۈچلىرى ھازىر تېخىمۇ كېڭىيىپ ۋە كۈچلىنىپ مېڭىۋاتىدۇ. پاشتۇن تەبىقىلىرى ئارىسىدا تالىبان رەھبەرلىك بازىلىرىمۇ بار. دېمەك، ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتى تالىبانلارنىڭ ئىسلاملىقى بىلەن پاشتۇنلارنىڭ مىللەتچىلىكىنىڭ كۈچەيتىشىگە زور دەرىجىدە ياردەم قىلدى. تاكى يېقىنغا كەلگۈچە پاشتۇنلار زېمىنىدا ياكى ئىسلام كۈچىيىپ، ياكى پاشتۇنلارنىڭ مىللەتچىلىكى كۈچەيگەن ئىدى. ئەمما ھازىر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تەڭلا كۈچىيىۋاتىدۇ. بىر ئىسلامىي پاشتۇنىستانغا بولغان ئىستەكمۇ مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. 2007-يىلى پاكىستاننىڭ ئامېرىكىدىكى ئەلچىخانىسىنىڭ بىر پاشتۇندىن بولغان سابىق ئەلچىسى مۇنداق دېدى: «مەن تالىبان بىلەن پاشتۇن مىللەتچىلىكىنىڭ بىرلىشىپ قالماسلىقىنى ئارزۇ قىلىمەن. ئەگەر ئاشۇنداق ئىش يۈز بېرىدىكەن، ئۇ بىزگە ناھايىتى چوڭ تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. بىز ھازىر ئاشۇنداق بىر ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا ناھايىتى ئاز قالدۇق.»

## 5. خۇلاسە

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار بىلەن ئامېرىكا مەنپەئىتى ۋە ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

ئوخشىمىغان ئېتنىك گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنى ئازايتىش بىزنىڭ ئافغانىستان ۋە پاكىستاندىكى ئەل قائىدەگە قانداق تاقابىل تۇرۇشىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

پاكىستاننىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى بىزنىڭ پاكىستاندىكى جىھاد كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇشىمىزغا، ھەمدە ئامېرىكىنىڭ شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيادىكى مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

پاكىستاندىكى ئەل قائىدە ئۇستىقۇرۇلمىسىنى يوقىتىش بىزنىڭ پاشتۇن قەبىلىسى، ۋە ئەل قائىدەنى ماكان بىلەن تەمىنلەۋاتقان ۋە پاشتۇندىن بولغان تالىبان لىدېرلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ھازىر قىلىۋاتقىنى پاشتۇنلارنىڭ ئەل قائىدەگە قاراتقان ياردىمىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋاتىدۇ.

پەنجاب ئەسكەرلىرى ۋە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانلار بىلەن پاشتۇن زېمىنلىرىدا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردە ئېغىر دەرىجىدىكى پۇقرالار ئۆلۈمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش پاشتۇنلارنى ئەل قائىدە بىلەن تالىبانلارغا يېقىنلاشتۇرۇۋاتىدۇ. شۇنداقلا بۇ پاشتۇنلارنى تېخىمۇ ئىسلاملاشتۇرۇش ۋە تېخىمۇ رادىكاللاشتۇرۇش رولىنى ئويناۋاتىدۇ. مېنىڭچە بۇ ئىشنىڭ پايدىسى تۆلەيدىغان سىياسىي بەدەلدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ.

مەن ئامېرىكىنىڭ پاشتۇنلار زېمىنىدا ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان بىلەن ھۇجۇم ئېلىپ بېرىش ئىشلىرىنى توختىتىشىنى، پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ پاشتۇنلار زېمىنىغا پەنجاب ئەسكەرلىرىنى كىرگۈزۈپ ئۇرۇش قىلىشنى توختىتىشىنى، ھەربىي ئىشلارنى تالىبانلار بىلەن ئەل قائىدەگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلغان ئاساستا جىمجىت ۋە مەخپىي ھالدا ئېلىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

## پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


[1] Will Pakistan Break Up?
https://www.youtube.com/watch?v=iqnnikx-NUY

[2] Selig S. Harrison
https://en.wikipedia.org/wiki/Selig_S._Harrison

[3] Center for International Policy
https://www.ciponline.org/images/uploads/publications/pakistan_the_state_of_the_union.pdf

[4] Why Pakistan Is Considered To Be A Failed State?
http://www.indiatimes.com/news/india/why-pakistan-is-considered-to-be-a-failed-state-here-are-9-major-decisions-which-brought-this-reputation-263913.html

[5] Kalashnikov culture
http://www.urbandictionary.com/define.php?term=Kalashnikov%20culture

# جۇڭگو «يۇمشاق كۈچ» تە دۇنيادىكى 1-ئورۇنغا چىقالامدۇ؟

**2017-يىلى 14-ئىيۇل**

مەن ئالدىنقى بىر قانچە پارچە يازمىلىرىمدا جۇڭگو ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردە دۇنيادىكى ياكى ئاسىيادىكى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقالايدىغان-چىقالمايدىغانلىقى ھەققىدە توختالدىم. دۇنيادا ئىقتىسادىي كۈچ بىلەن ھەربىي كۈچتىن باشقا يەنە «يۇمشاق كۈچ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۈچمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ھازىر جۇڭگو ئاشۇ ساھەدىمۇ ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ مەبلەغ بىلەن قاتتىق تىرىشىۋاتىدۇ. جۇڭگو ھازىرغىچە دۇنيادىكى 380 دىن ئارتۇق داڭلىق ئالىي مەكتەپلەردە قۇرغان «كۇڭزى ئەتتىقات مەركىزى» ئەنە شۇ يولدىكى تىرىشچانلىقلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مەن كۆرگەن بىر ماتېرىيالدىن ئېسىمدە قېلىشىچە، جۇڭگو چەت ئەللەردە جۇڭگو ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، كۇڭزى ئەتتىقات مەركەزلىرىنى ماڭدۇرۇش، جۇڭگوغا قارشى ھەر خىل سىياسىي كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش، ۋە چەت ئەللەردىن ھەر خىل ئۇچۇرلارنى توپلاش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن 2014-يىلى جەمئىي 15 مىليارد دوللار پۇل خەجلىگەن.

مەن بۇ قېتىم ئامېرىكىدىكى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور جوسېف ناي (**Joseph Nye**) نىڭ «جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە ئامېرىكىنىڭ كۈچى» دېگەن تېمىدىكى بىر مەيدان ئىلمىي دوكلاتىنىڭ ئۆزۈم تاللىغان مەزمۇنلىرىنى تونۇشتۇرىمەن. بۇ دوكلات 2012-يىلى 20-ئاۋغۇست كۈنى «كەمبرىج سەھنىسى» دېگەن بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن. تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى مەنبەگە تەۋە بولۇپ، پەقەت كىچىك تېمىلارنىلا مەن ئۆزۈم قويدۇم. ئەگەر تۆۋەندىكى مەزمۇنلارغا ئۆزۈمنىڭ سۆزىنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى «ئىلاۋە» سۆزى بىلەن باشلانغان بىر ئايرىم ئابزاس قىلىپ قىستۇرۇپ قويىمەن.

پروفېسسور ناي 1970-يىللىرى باشقا بىر مۇتەخەسسىس بىلەن بىرلىكتە خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى ئىنگلىزچە «**Neoliberalism**» دەپ ئاتىلىدىغان نەزەرىيىنى ئىجات قىلغان بولۇپ، بۇ نەزەرىيە ئۇلارنىڭ 1977-يىلى نەشر قىلىنغان «كۈچ ۋە ئۆز-ئارا يۆلىنىش» (دۆلەتلەرنىڭ كۈچى ۋە بىر-بىرىگە تايىنىشى، دېگەن مەنىدە) دېگەن كىتابىدا بايان قىلىنغان. ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «يۇمشاق كۈچ» ساھەسىدە دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان مۇتەخەسسىس، دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان «ئەقىللىق كۈچ» (**smart power**) ئۇقۇمى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ كلىنتون ۋە ئوباما دەۋرلىرىدە ناھايىتى كۆپ پايدىلىنىلغان. ئۇ بىر مەزگىل خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ھۆكۈمەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 2011-يىلىدىكى بىر قېتىملىق باھالاشتا ئۇ 1700 نەپەر خەلقئارا مۇناسىۋەت مۇتەخەسسىسلىرى ئىچىدىن 6-ئورۇندا تۇرىدىغان «تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك مۇتەخەسسىس» بولۇپ تاللانغان. ئامېرىكىنىڭ چەت ئەل سىياسىتىدىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك مۇتەخەسسىس بولۇپمۇ باھالانغان. مەزكۇر دوكلاتنى بېرىشتىن سەل بۇرۇن ئۇ جۇڭگو رەھبىرى شى جىنپىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشكەن. ئۇ 2014-يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى چەت ئەل سىياسىتى كومىتېتى ۋە دۆلەت مۇداپىئە سىياسىتى

**كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن.**

**تۆۋەندىكىسى پروفېسسور نايىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈم تاللىغان مەزمۇنلار.**

## 1. ئامېرىكا-جۇڭگو مۇناسىۋىتىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر

**يەنە 10 يىلدەك ۋاقىتتىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ ئەھۋالى قانداقراق بولىدۇ؟ جۇڭگو خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە يىلىغا 10 پىرسەنت ئەتراپىدا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ ئىقتىسادى يىلىغا 7.5 پىرسەنت ئۆسۈۋاتقانلىقى پەرەز قىلىنىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىز جۇڭگونىڭ كەلگۈسى ھەققىدە نېمىلەرنى كۆرەلەيمىز؟ جۇڭگونىڭ ھەربىي خىراجىتى ئالدىنقى 10 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە يىلىغا 13 مىليارد دوللاردىن توغرا كەلدى.**

**جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ كۈچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟ بەزى مۇتەخەسسىسلەر 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، بىر دۆلەت كۈچىيىپ، بۇرۇن ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ كەلگەن يەنە بىر دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا تەھدىت بولۇپ قالغاندا چوقۇم بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلايدۇ، دەپ قاراۋاتىدۇ. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، دۇنيانىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەن ياۋروپا پارچىلىنىپ، گېرمانىيە ھۆكۈمران ئورۇندىكى دۆلەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيەدە ئەندىشە پەيدا بولدى.**

**شۇڭلاشقا بەزىلەر 21-ئەسىردىمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش چوڭ توقۇنۇشلار يۈز بېرىدۇ، دەپ قاراۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۇ توقۇنۇش جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشى، ۋە شۇ سەۋەبتىن ئامېرىكىدا ئەندىشە پەيدا بولۇشى بىلەن يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل كۆز-قاراشتا بولۇۋاتقانلار ئىچىدە چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جون مىئېرشايمېرگە ئوخشاش تونۇلغان سىياسەت ئالىملىرىمۇ بار. جون مىئېرشايمېرنىڭ دېيىشىچە جۇڭگو تىنچ يول بىلەن تەرەققىي قىلالمايدۇ. ئەگەر بۇ ئىش راست بولىدىكەن، بىزنى بىر ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بىر يېڭى ئەسىر كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بولىدۇ. مېنىڭچە بۇ راست ئەمەس. مەن بۇنى يەنە بىر ئازدىن كېيىن چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. شۇنداقتىمۇ بىز بۇ ئەندىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.**

**ئالدىنقى 2 – 3 يىل ئىچىدە يۇقىرىدىكى نەزەرىيىگە ئىسپات بولىدىغان بەزى ئىشلار يۈز بەردى. ئۇ بولسىمۇ جۇڭگونىڭ ئۆزىگە بەك ئىشىنىدىغان چەت ئەل سىياسىتىدىن ئىبارەت. كۆپلىگەن جۇڭگولۇقلار 2008-يىلى ئامېرىكا ئىقتىسادىدا يۈز بەرگەن چوڭ چېكىنىشكە، ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئاستا ئەسلىگە كېلىشتەك بىر ئەمەلىيىتىگە قاراپ، ھەمدە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يىلىغا 10 پىرسەنتتىن ئۆسۈشىگە ئاساسلىنىپ، «ئامېرىكا ئارقىغا چېكىنىپ، بىز ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىۋاتىمىز. شۇڭلاشقا بىز بۇ خىل شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز كېرەك» دەۋاتىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تېز كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۈچتە مەغرۇرلىنىش پەيدا بولۇش بىلەن بىرلىكتە، بۇرۇن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن كۈچتە ئەندىشە پەيدا بولىدۇ. 2008-يىلدىن 2011-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكا-جۇڭگو مۇناسىۋىتى بۇرۇنقىدىن ناچارلاشتى. ئۇنىڭ بىر سەۋەبى جۇڭگولۇقلاردا ھازىر بار بولغان ھېلىقىدەك «ئامېرىكا چېكىنىۋاتىدۇ» دېگەن كۆز-قاراشتىن ئىبارەت بولۇپ، بىر قىسىم ئامېرىكىلىقلاردىمۇ ھازىر ئاشۇنداق كۆز-قاراش پەيدا بولۇۋاتىدۇ. يېقىندا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق راي سىناشنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، كۆپ ساندىكى ئامېرىكىلىقلار ھازىر جۇڭگو ئامېرىكىدىن ئېشىپ كەتتى، دەپ قارايدىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خاتا چۈشەنچە بولۇپ، ئۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان**

ئەندىشىنىڭ بىر نامايەندىسىدۇر.

## 2. ئامېرىكا راستىنلا چېكىنىۋاتامدۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «چېكىنىش» نىڭ مۇتلەق چېكىنىش ياكى نىسپىي چېكىنىش ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسىدە يۈز بەرگەن ئىش مۇتلەق چېكىنىش ئىدى. ئۇ چاغدا باشقا بىر ئىمپېرىيە تەرەققىياتتا رىم ئىمپېرىيىسىدىن ئۆتۈپ كەتمىدى. ئۇ چاغدا رىم ئىقتىسادى دۆلەت ئىچىدە زادىلا ئۈنۈمى يوق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ، رىملىقلار كۆپلىگەن ئۇرۇشقا ۋە سىرتتىن كەلگەن ھۇجۇملارغا دۇچ كېلىپ، شۇنىڭ بىلەن رىم ئىمپېرىيىسى ۋەيران بولدى.

بۈگۈنكى ئامېرىكىنىڭ ئەھۋالى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. دۇنيا ئىقتىسادىي مۇنبىرى دۆلەتلەرنى دۇنيادىكى رىقابەت كۈچى بويىچە تىزغاندا ئامېرىكا 5-ئورۇنغا قويۇلۇپ، جۇڭگو 27-ئورۇنغا قويۇلدى. رىقابەت كۈچى جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ ئالدىغا ئۆتكەن دۆلەتلەر شىۋېتسىيە، شىۋېيتسارىيە ۋە سىنگاپور قاتارلىق كىچىك دۆلەتلەردىن تەركىب تاپتى. ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتار ئىچىدە تۇرىدۇ. تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا پۇل ئاجرىتىش جەھەتتىمۇ ئامېرىكا باشقىلارنىڭ كۆپ ئالدىدا بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ بۇ ئىشلارغا ئاجراتقان پۇلى جۇڭگو، جەنۇبىي كورېيە ۋە گېرمانىيە ئاجراتقان پۇللارنى قوشقان ۋاقىتتىكىدىنمۇ كۆپ. ھازىر پۈتۈن دۇنيا تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا خەجلەيدىغان پۇلنىڭ 31 پىرسەنتىنى ئامېرىكا چىقىرىدۇ. يېڭى تېخنولوگىيىلەر يېڭى ئەسىر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىئو-تېخنولوگىيىسى ۋە نانو-تېخنولوگىيىسى قاتارلىقلار بار. بۇ ساھەلەردىمۇ ئامېرىكا باشقىلارنىڭ كۆپ ئالدىدا مېڭىۋاتىدۇ.

شۇڭلاشقا «ئامېرىكىدا مۇتلەق چېكىنىش يۈز بېرىۋاتىدۇ» دېگەن كۆز-قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. نىسپىي چېكىنىش جەھەتتە بىز دىققەت بېرىشكە تېگىشلىك ئەھۋاللار بار. نىسپىي چېكىنىشتە ئامېرىكا مۇتلەق ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا چېكىنگەن بولماستىن، باشقا ئەللەر ئامېرىكىدىن تېزرەك تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. ھازىر مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردىن جۇڭگو، ھىندىستان، بىرازىلىيە ۋە باشقا دۆلەتلەر بار. باشقىلار تېزرەك تەرەققىي قىلىدىكەن، ئۇلار بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق كىچىكلەپ ماڭىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ئامېرىكىنىڭ كەينىگە چېكىنىشى بولماستىن، باشقىلارنىڭ ئامېرىكىغا يېتىشىۋېلىشى بولىدۇ. باشقا ئەللەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۇلارنىڭ ئامېرىكىدىن ئېشىپ چۈشكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئوتتۇرىدىكى ئارىلىقنىڭ كىچىكلىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

نىسپىي چېكىنىشنى كىشىلەر ئاسانلا خاتا چۈشىنىپ قېلىپ، ئۇنى «باشقىلارنىڭ بىزدىن ئۆتۈپ كەتكىنى» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ئامېرىكىلىقلاردا مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئەندىشىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

## 3. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچلىرى

ئومۇمىي كۈچ جەھەتتە جۇڭگو ئامېرىكىنى بېسىپ چۈشەلەمدۇ؟ مېنىڭچە ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئەمما، ئىقتىسادنىڭ كۆلىمى جەھەتتە ئۇلار ئامېرىكىدىن ئېشىپ چۈشۈشى مۇمكىن. ئەگەر 1.3 مىليارد نوپۇسقا ئىگە بىر ئىقتىساد يىلىغا 10 پىرسەنتتىن تەرەققىي قىلىپ، 350 مىليون نوپۇسقا ئىگە يەنە بىر

ئىقتىساد يىلىغا ئىككى پىرسەنتتىن ئۆسۈپ ماڭىدىكەن، بۇ ئىككى ئىقتىسادقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىككى سىزىق مەلۇم بىر ۋاقىتتا كەلگەندە ئۆز-ئارا كېسىشىدۇ. ئەنگلىيەدىكى بىر ئىنستىتۇت جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ مىقدارى (**size**) 2019-يىلى ئامېرىكىنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، دېگەن مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بانكىلارنىڭ بىرى بولغان گولدمەن سەكس (**Goldman Sacks**) جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ مىقدارى 2027-يىلىغا بارغاندا ئامېرىكىنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، دەپ مۆلچەرلىدى. ئەمما، كالىفورنىيەدىكى بىر ئىنستىتۇتنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ئالماشتۇرۇش قىممىتى بويىچە قارىغاندا، جۇڭگو ئىقتىسادى 2025-يىلىغا بارغاندا ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ئاران 50 پىرسەنتىگە باراۋەر كېلىدىغان بولىدۇ.

جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ مىقدارى ئامېرىكىنىڭكىدىن ئېشىپ كېتەمدۇ، دېگەن مەسىلە بىر مۇھىم مەسىلە ئەمەس. ئىككى دۆلەتنىڭ نوپۇس ئۆلچىمى بويىچە قارىغاندا يۇقىرىدىكى ئىش بىر مۇقەررەرلىك، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە، ئومۇمىي دۆلەت كۈچى جەھەتتە جۇڭگو ئامېرىكىنى بېسىپ چۈشەلەمدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بۇ مەسىلىگە كەلگەندە بىز كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم قاتارلىق باشقا ئامىللارغىمۇ قاراپ چىقمىساق بولمايدۇ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم بىر ئىقتىسادنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر مۇشۇ بويىچە قارايدىغان بولساق، جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن، دەپ قارالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنداق ئىش مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىگە كەلگۈچە يۈز بەرمەيدۇ. بۇ يەردىمۇ نېمىنى ئۆلچەم قىلىش ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىقتىسادىي كۈچ مەسىلىسىدە كىشىلەر ھازىر جۇڭگو بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇرۇنقىدەكلا تەرەققىي قىلىپ ماڭىدۇ، دەپ قاراۋاتىدۇ. ئۇنداق بولۇشى ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ مۇنداق بىر قانچە سەۋەبلىرى بار. ئۇنىڭ بىرى، بىر دۆلەت باي بولغانسېرى، ئۇنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستىلاپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، جۇڭگونىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ سانى 2015-يىلىدىن باشلاپ ئازلاپ ماڭىدۇ. ھازىر جۇڭگولۇقلار ئەندىشە قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ بىرى، ئۇلار باي بولۇپ بولغۇچە، ئۇلارنىڭ قېرىپ كېتىشىدۇر. شۇڭلاشقا جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى بۇنىڭدىن كېيىنكى 10 – 15 يىل ئىچىدە بۇرۇنقىدەك 10 پىرسەنت ياكى 7.5 پىرسەنت بولۇپ ماڭالمايدۇ.

دۆلەت كۈچى ئىچىدە ئىقتىسادىي كۈچتىن باشقا يەنە ھەربىي كۈچ ۋە يۇمشاق كۈچمۇ بار. ھەربىي كۈچ جەھەتتىمۇ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇۋاتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەربىي ساھەگە ئاجراتقان پۇلى ئۇلارنىڭ GDP سىنىڭ ئاران 2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. جۇڭگو بۇ يىل ئۆزىنىڭ تۇنجى ئاۋىئاماتكىسىنى سۇغا سالدى. ئەمما پەقەت بىرلا ئاۋىئاماتكىسى بار بولۇش بىلەن بىر 11 ئاۋىئاماتكىلىق چوڭ ھەربىي قوشۇننىڭ بار بولۇشى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق بار.

## 4. جۇڭگو يۇمشاق كۈچتە دۇنيادىكى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتەلەمدۇ؟

جۇڭگو ھازىر ئۆزىنىڭ يۇمشاق كۈچىنى ئۆستۈرۈشكە ناھايىتى قىزىقىۋاتىدۇ. جۇڭگو رەھبىرى خۇ جىنتاۋ 2007-يىلىدىكى 17-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا «جۇڭگو يۇمشاق كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ مەبلەغ سېلىشى كېرەك» دېگەن ئىدى. بۇ جۇڭگو ئۈچۈن بىر ناھايىتى ئاقىلانە ئىستراتېگىيە. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىسادى بىلەن ھەربىي كۈچىڭىزنى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدۇرىدىكەنسىز، سىز قوشنىلىرىڭىزنى قورقۇتۇپ قويىسىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەمكارلىق

ئورنىتىپ، سىز بىلەن تەڭپۇڭلۇق ساقلاشقا تىرىشىدۇ. ئەمما، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ يۇمشاق كۈچىنىمۇ باشقا ئىككى خىل كۈچ بىلەن بىللە ئۆستۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق قوشنىلىرىڭىزنى ئۆزىڭىزگە جەلپ قىلىدىكەنسىز، قوشنىلىرىڭىز سىز بىلەن تەڭپۇڭلۇق ساقلاشقا ئۇنچىۋالا كۆچىمەيدىغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا خۇ جىنتاۋنىڭ سۆزى بىر ناھايىتى ياخشى ئىستراتېگىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردىكى مەسىلە، يۇمشاق كۈچنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جۇڭگو ئۈچۈن ئانچە ئاسان ئەمەس. جۇڭگو ھازىر نەچچە مىليارد دوللار پۇل خەجلەپ، ئۆزىنىڭ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە شىنخۇا ئاخبارات ئىدارىسى قاتارلىقلارنى چەت ئەلگە كېڭەيتىپ، ئەلجەزىرەگە ئوخشاش بىر خەلقئارالىق خەۋەر تورىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرىنى قۇرۇپ، جۇڭگو مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تارقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئىشلار. ئەمما جۇڭگولۇقلار دۇچ كېلىدىغان بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ، دۇنيادىكى كۆپىنچە ئەللەر يۇمشاق كۈچنى دۆلەت ھاكىمىيىتى ئارقىلىق يۈكسەلدۈرمەي، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ گىراژدان جەمئىيەتلىرى (**civil society**) ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ يۇمشاق كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۇنىڭ تەشۋىقاتلىرى ئانچە چوڭ رول ئوينىماي، ئامېرىكىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە كەڭ تارقالغان ئامېرىكا مەدەنىيىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. جۇڭگو ئاممىۋى مەدەنىيەت ۋە گىراژدان جەمئىيەتلىرىگە ھېچ قانداق ئەركىنلىك بەرمەيدۇ. مەسىلەن، جۇڭگو 2009-يىلى شاڭخەيدە خەلقئارا كۆرگەزمە ئۆتكۈزگەندە، مەن ئۇنىڭغا قاتنىشىپ، ناھايىتى ياخشى ئىجابىي تەسىرات بىلەن قايتىپ كەلگەن ئىدىم. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىنلا جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۇنياغا داڭلىق «2008 خىتابنامىسى» نى يازغان ليۇ شاۋبونى سولاپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۇسلوغا بېرىپ، نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشىغا يول قويمىدى. خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يۇمشاق كۈچنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان گىراژدان جەمئىيەتلەرگە ئەركىنلىك بېرىش ئىشىنى يولىدا ئورۇنلىيالمايۋاتىدۇ.

قىسقىسى، جۇڭگونىڭ يۇمشاق كۈچى يۈكسىلىۋاتىدۇ. ئەمما، ئامېرىكىنىڭ يۇمشاق كۈچ سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا جۇڭگو تېخى كۆپ ئارقىدا. جۇڭگو ئۆزىنىڭ ئاممىۋى جەمئىيەتلىرىنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرمەي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يۇمشاق كۈچىنى ئۈنۈملۈك يۈكسەلدۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

## 5. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئامېرىكا-جۇڭگو مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

جۇڭگو ئىقتىسادىي كۈچ، ھەربىي كۈچ ۋە يۇمشاق كۈچ جەھەتتە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. ئەمما، مېنىڭچە جۇڭگونىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ئاشۇ 3 خىل كۈچ بويىچە ئامېرىكىنى بېسىپ چۈشىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى توغرا چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ كۈچىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەيدىكەن، ئۇ ئۆزىدە ھاكاۋۇرلۇقنى يېتىلدۈرىدۇ. ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرۇپ كەلگەن ئەلدە بولسا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك ئەندىشىنى پەيدا قىلىدۇ.

بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئۆزلىرىنىڭ نىسپىي كۈچلىرىنى توغرا چۈشىنەلەمدۇ، ياكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئىچىدە بۇ ئىككى دۆلەت بىر-بىرىگە بولغان مۇئامىلىنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، شۇنىڭ بىلەن بىر چوڭ توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، 1-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياۋروپادا يۈز بەرگەندەك ئەھۋالنى قايتىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرامدۇ، دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، مېنىڭ بۇ سوئالغا بېرىدىغان جاۋابىم: ئۇنداق بولمايدۇ. 1914-يىلدىكى 1-دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشتىن خېلىلا بۇرۇن، يەنى 1900-يىللىرى ئومۇمىي ئىقتىسادىي كۈچ جەھەتتە گېرمانىيە ئەنگلىيەدىن ئېشىپ كەتكەن. مەن

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكۈنۈمدەك، جۇڭگونىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ئامېرىكىنى بېسىپ چۈشىشى مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگونىڭ كۈچلىنىشىگە مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇش، ۋە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىش ئۈچۈن بىزنىڭ نەچچە ئون يىلدەك ۋاقتىمىز بار. بۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب بىز هازىردىن باشلاپلا قورقۇپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى فرانكلىن روزۋېلت (Franklin Roosevelt) نىڭ سۆزى بويىچە ئېيتساق، بىزنىڭ هازىردىن باشلاپ ئەنسىرىشىمىزگە تېگىشلىك نەرسە ئاشۇ ئەندىشىنىڭ ئۆزىدۇر. هەددىدىن زىيادە قورقۇپ كېتىش ئامېرىكا-جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا پايدىسىز. ئامېرىكا-جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا چوڭ زىددىيەتلەر مەۋجۇت ئەمەس. بۇرۇن ناتسىست گېرمانىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەمئىيەتلىرى بىلەن دۆلەت هاكىمىيەتلىرى بىزنى ۋەيران قىلىۋەتمەكچى بولغان. ئەمما هازىر جۇڭگو ئۇنداق بىر ئىشقا ئۇرۇنۇۋاتمايۋاتىدۇ. جۇڭگو ئىستەيدىغان كۆپلىگەن نەرسىلەر بىزنىڭ ئىستەيدىغىنىمىز بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. خېلى كۆپ ساهەلەردە بىز جۇڭگو بىلەن هەمكارلاشقان ئاساستا بىللە ياشىيالايمىز.

يەنە بىر تەرەپتىن، بىز ئاشۇنداق بىللە ياشاشقا مەجبۇرمىز. ئەگەر بىز 21-ئەسىردىكى چوڭ قىيىن ئۆتكەللەرگە قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەر ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. هازىر دۇنيالىشىش ۋە تېخنولوگىيە جەهەتتىكى ئۆز-ئارا سىڭىپ كىرىش ئەهۋاللىرى ئومۇمىيۈزلۈك يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ۋە هاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلىشىنى كونترول قىلىشتا كۆپلىگەن دۆلەتلەر هەمكارلاشمىسا بولمايدىغانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالى. هاۋادا CO2 (كاربون تۆت ئوكسىد) پەيدا قىلىشتا هازىر جۇڭگو بىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇپ، ئۇ پەيدا قىلغان بۇلغىنىش دۇنيادىكى هەممە ئادەملەرگە زىيان سېلىۋاتىدۇ. كەڭ تارقالغان كېسەللىك ۋە دۆلەتلەر ئارا تېرروررىزملىققا ئوخشاش ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشتا بىز ئۆزىمىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپلا ئۈنۈم قازىنالمايمىز. بۇنداق مەسىلىلەرنى يالغۇز ئامېرىكا، يالغۇز جۇڭگو، ياكى يالغۇز ياۋروپالا ئۆز ئالدىغا هەل قىلالمايدۇ. بىز چوقۇم هەمكارلىشىپ ئىش ئېلىپ بارىدىغان مۇناسىۋەتنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىز بۇنىڭدىن كېيىن كۈچ هەققىدە توختالغاندا، باشقا دۆلەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كۈچنى ئەمەس، باشقا دۆلەتلەر بىلەن تەڭ پايدىلىنىدىغان كۈچنى كۆزدە تۇتىشىمىز كېرەك. بەزىدە مۇشۇنداق ئىككى خىل كۈچنىڭ مۇهىملىق دەرىجىسى ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

بۇ دېگەنلىك كلاسسىك هەربىي مەسىلىلەر ۋە دىپلوماتىك مەسىلىلەر مۇهىم ئەمەس، دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنداق مەسىلىلەر بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدىكى نېفت بايلىقىنى تالىشىش مەسىلىسى. ئەمما، بەزى مەسىلىلەرنى هەربىي كۈچ بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ. دۇنياغا كەڭ تارقالغان كېسەللەر، ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە هاۋانىڭ ئىسسىپ كېتىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى باشقىلارنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كۈچلەر بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنداق مەسىلىلەرنى باشقىلار بىلەن تەڭ پايدىلىنىدىغان كۈچلەر ئارقىلىق هەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇنداقتا ئامېرىكا جۇڭگوغا قارىتا قانداق تاشقى سىياسەت قوللىنىشى كېرەك؟ مېنىڭچە سەۋرچانلىق سىياستى قوللىنىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، هەم بەك ئىسسىق ئەمەس، هەم بەك سوغۇق ئەمەس بىر سىياسەتنى قوللىنىشى كېرەك. بىز جۇڭگو بىلەن هەم هەمكارلىشىدىغان، هەم رىقابەتلىشىدىغان بىر ئۇسۇلنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن بۇ بىر ئاسان ئىش ئەمەس.

يەنى، ئامېرىكا بىرسىگە مۇئامىلە قىلىشتا «دۈشمەن» ۋە «دۈشمەن ئەمەس» دەپ ئېنىق ئايرىشقا ئۈگىنىپ قالغان. بىز «جۇڭگو ھەم ھەمكارلاشقۇچى، ھەم رىقابەتلەشكۈچى» دېگەن ئۇقۇمنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز ئۇنداق قىلالمايدىكەنمىز، 21-ئەسىر بىز ئۈچۈن بىر ئازابلىق ئەسىر بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بىز بۇ مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالايدىكەنمىز، مېنىڭچە جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشى بىر ئانچە يامان ئىشمۇ ئەمەس. بىز شۇ ئارقىلىق بىر ئەسىردىن بۇرۇن يۈز بەرگەن ئەھۋالنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ساقلىنالايمىز.

**ئىلاۋە: پروفېسسور نايىنىڭ نۇتقى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سوئال-جاۋاب سۆھبىتى ئېلىپ بېرىلدى. تۆۋەندىكىسى شۇ جەرياندىن مەن ئۆزۈم تاللىغان مەزمۇنلار.**

## 6. سوئال-جاۋابلار

### بىرىنچى سوئال: ئامېرىكىنىڭ يۇمشاق كۈچى جۇڭگوغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

**جاۋاب**: يۇمشاق كۈچ ئادەتتە مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ قورالى بولالمايدۇ. مەسىلەن، يۇمشاق كۈچ شىمالىي كورىيە كرىزىسىنى ھەل قىلالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ بەزى ساھەلەردە بەلگىلىك رول ئوينىيالايدۇ. مەسىلەن، ھازىر ئامېرىكىدا 125000 دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېلى كۆپلىرى ئوقۇش پۈتكەندە جۇڭگوغا قايتىدۇ. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپلىرى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ۋە ئامېرىكا مەدەنىيىتىدىن مىننەتدار. شۇڭلاشقا جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىش جەھەتتە بىز خېلى ياخشى ئاساستا ئىگە. بۇ يۇمشاق كۈچ بىلەن ھەممە مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بۇ ئۆز چۈشىنىش ھاسىل قىلىشتا ئامېرىكا بەلگىلىك ئاساستا ئىگە، دېگەنلىك.

مەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ۋاڭ ئىسىملىك بىر پروفېسسور بىلەن بىللە بىر پارچە ئىلمىي ماقالە يازدىم. بىز ئۇ ماقالىدە مۇنداق بىر نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. جۇڭگونىڭ يۇمشاق كۈچىنىڭ ئامېرىكىدا ئۆسۈشى بىلەن جۇڭگو ئامېرىكىلىقلارنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇرىدۇ. ئامېرىكا يۇمشاق كۈچىنىڭ جۇڭگودا ئۆسۈشى بولسا ئامېرىكا جۇڭگولۇقلارنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھەر ئىككى دۆلەت پايدا ئالىدۇ. يۇمشاق كۈچنى مۇشۇنداق چۈشىنىش ئەقىلگە بىرقەدەر مۇۋاپىق، دەپ ئويلايمەن.

### ئىككىنچى سوئال: ئامېرىكىنىڭ يۇمشاق كۈچى جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا تەسىر كۆرسىتەلەمدۇ؟

**جاۋاب**: مېنىڭچە بۇنىڭغا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. ھازىر جۇڭگودا بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ يۇمشاق كۈچى ب د ت دا جۇڭگونى سۈرىيەگە قارشى بىلەت تاشلاشقا ئېلىپ بېرىشتەك ئىشلارنى قىلالمايدۇ. جۇڭگونىڭ ئىچىدە ھازىر جۇڭگولۇقلار كىشىلىك ھوقۇقتا بۇرۇنقىدىن ياخشىراق دىققەت قىلىشقا باشلىدى. جۇڭگو باي بولغانسېرى مۇشۇنداق ئىشلارغا كۆڭۈل بولىدىغان كىشىلەرنىڭ سانىمۇ يۇقىرىلاپ ماڭىدۇ. جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ كۆزلىرىدىكى يۇمشاق كۈچىگە ناھايىتىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەن ھەر قېتىم جۇڭگوغا بارغاندا كىشىلەر مېنى مۇشۇنداق تېمىدا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. مەندىن «جۇڭگو قانداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ يۇمشاق كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ؟» دەپ سورايدۇ. مەن ئۇلارغا «لىۋ شياۋبونى تۈرمىدىن قويۇۋەتسەڭلار، ياكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە تېخىمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلسەڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ يۇمشاق كۈچىنى تەرەققىي

قىلدۇرالايسىلەر»، دەپ جاۋاب بېرىمەن. مېنىڭ بۇنداق جاۋابىم يىغىن مەيدانىدىكىلەرنىڭ بەك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئەمما دوكلات ئاخىرلاشقاندا كىشىلەر مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ: «دېگىنىڭىز توغرا، بىز ئاشۇ نىشانغا قاراپ تىرىشىۋاتىمىز»، دەيدۇ. بۇ يىل (2012-يىلى) 2-ئايدا شى جىنپىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر زىياپەتكە قاتنىشىۋاتقاندا، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى بايدىن ئۇنى جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە قىستىدى. شۇ چاغدا شى جىنپىڭ «بۇنىڭ سىلەر بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى يوق»، دېمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا «بىزنىڭ بۇ ئىشتا يەنە ئۇزۇن مۇساپىمىز بار، ئەمما بىز ئاشۇ يولدا تىرىشىۋاتىمىز»، دېدى. دېمەك، بۇ جەھەتتە بىز ئازراق-ئازراقتىن ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىۋاتىمىز.

**ئۈچىنچى سوئال: بىز ھازىر ئامېرىكىنىڭ 237 يىللىق تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ چېكىنىشنى ئۆز بېشىمىزدىن كەچۈرۈۋاتىمىزمۇ؟ جۇڭگو 5 مىڭ يىلدەك تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇ جەريانىدا ھەر خىل دەۋرلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. مېنىڭچە بىز ھازىر بىر چوڭ خەتەر ئاستىدا قالدۇق. ئەگەر جۇڭگونىڭ پۇلى بولمىغان بولسا، ئامېرىكا ئىقتىسادى ۋەيران بولغان بولاتتى. شۇڭلاشقا بىز ھازىر ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆز-ئارا باغلىنىپ قالدۇق. جۇڭگو ھازىر بىز زور كۆلەمدىكى ئوتتۇراھال سىنىپنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى خالاپ كەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ. سەۋەبى، ئۇنداق ئوتتۇراھال سىنىپنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى شۇ پېتى ساقلاپ مېڭىش ئاسانغا توختىمايدۇ. بىز ھازىر قايسى يۆنىلىشكە كېتىۋاتىمىز؟ پەلسەپە نۇقتىسىدىن قارىغاندا جۇڭگو ھازىر قايسى تەرەپكە كېتىۋاتىدۇ؟**

جاۋاب: ھەقىقەتەنمۇ ھازىر ئامېرىكا بىر قانچە قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. بىز ھەل قىلمىساق بولمايدىغان باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى، دۆلەت قەرزى، ۋە تېخنولوگىيىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن كېلىپ چىققان باراۋەرسىزلىك مەسىلىسى قاتارلىق بار. ئەمما جۇڭگو دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. مېنىڭچە ئامېرىكا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر جۇڭگو دۇچ كەلگەن مەسىلىلەردەك ئېغىر ئەمەس. جۇڭگو كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ باقمىدى. مەسىلەن، ھىندىستان قۇرۇلغاندىلا بىر دېموكراتىك ئاساسىي قانۇن بىلەن قۇرۇلغان. جۇڭگودا خەلق ئاممىسىنى سىياسىيغا قاتناشتۇرۇش قۇرۇلمىسى مەۋجۇت ئەمەس. كىشىلەرنىڭ كىرىمى كۆپەيگەنسېرى ئۇلارنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىش ئىستىكىمۇ كۈچىيىپ ماڭىدۇ. بۇ يەردە مەن جۇڭگونىڭ دېموكراتىيىلىشىشنى كۆزدە تۇتمىدىم. ھازىر جۇڭگودا 500 مىليوندىن كۆپرەك نوپۇس ئىنتېرنېت ئىشلىتىدۇ. جۇڭگونىڭ ئۇچۇر كونتروللۇقى بۇرۇنقىدىن كۆپ قىيىنلىشىپ كەتتى. شۇڭلاشقا جۇڭگومۇ بىر قىسىم مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئامېرىكىمۇ ھەم شۇنداق. ئەمما مېنىڭچە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ھازىر ئامېرىكا ياخشىراق چارە-تەدبىرلەرگە ئىگە.

**تۆتىنچى سوئال: سىزچە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرغىچە جۇڭگو يەنىلا بىر دۆلەت بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامدۇ؟ جۇڭگو بىر ناچار ئىمپېرىيىگە ئايلىنىپ قالامدۇ؟**

جاۋاب: مېنىڭچە جۇڭگو شۇنداق بولۇپ تۇرالايدۇ. ھازىر جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەتچىلىكى ناھايىتى كۈچلۈك. ج ك پ مىللەتچىلىككە تايىنىپ، ئۆزىنى بىر ھوقۇقلۇق قۇرۇلما سۈپىتىدە ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى «كوممۇنىستىك پارتىيە» دېسىمۇ، ھازىر كوممۇنىزملىقى ئاساسىي جەھەتتىن قالمىدى. ئۇلار ھازىر ئاساسىي جەھەتتىن يۇقىرى سۈرئەتلىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مىللەتچىلىككە تايىنىپ

ئۆزىنى ساقلاپ مېڭىۋاتىدۇ. ھازىر جۇڭگونى يېقىندىن كۆزىتىپ باقسىڭىز، ئۇ يەردە مىللەتچىلىكنىڭ ناھايىتىمۇ بەك باش كۆتۈرگەنلىكىنى بايقايسىز. بۇنداق بولۇشىدا رول ئوينىغان بىر تەرەپ ھۆكۈمەت، يەنە بىر تەرەپ بولسا ئوتتۇراھال سىنىپتىكى كىشىلەر سانىنىڭ ناھايىتى تېز كۆپىيىشى. مېنىڭچە جۇڭگو ئۆزىنى بىر دۆلەت سۈپىتىدە تۇتۇپ تۇرالايدۇ.

جۇڭگونىڭ بىر ناچار ئىمپېرىيىگە ئايلىنىپ قېلىش ۋە سىياسىي مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىش ئېشىغا كەلسەك، بۇ جەھەتتىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ناھايىتىمۇ تەس. جۇڭگونىڭ رەھبەرلىك قوشۇنى مۇددەتلىك ھالدا ئالمىشىپ ماڭىدۇ. ھازىرقى رەھبەرلەر 4-دەۋر رەھبەرلىك قوشۇنىغا تەۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇددىتى بۇ يىل (2012-يىلى) نىڭ ئاخىرى توشىدۇ. كېلەر يىلدىن باشلاپ ھوقۇق تۇتىدىغانلار «5-دەۋر رەھبەرلىرى» گە تەۋە بولىدۇ. بەزىلەر «جۇڭگودىكى ھەقىقىي ئۆزگىرىش 6-دەۋر رەھبەرلىرىنىڭ قولىدا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ»، دەپ پەرەز قىلىشىۋاتىدۇ. 6-دەۋرلىك رەھبەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى چەت ئەلدە ئوقۇغانلاردىن تەركىب تاپىدىغان بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە دۇنيا ھەققىدە مول بىلىملەرگە ئىگە كىشىلەردىن بولىدۇ. 6-دەۋرلىك رەھبەرلەر 2024-يىلى ھوقۇققا ئولتۇرىدىغان بولۇپ، جۇڭگودىكى چوڭ ئۆزگىرىشلەر شۇ چاغدا يۈز بېرىشى مۇمكىن. شۇ ۋاقىتقا بارغاندا جۇڭگودا سىياسىي جەھەتتە چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى مۇمكىن.

ھازىرقى گەپ ج ك پ شۇ ۋاقىتقىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامدۇ-يوق، دېگەندىن ئىبارەت. بىز ئامېرىكىدا تەڭسىزلىك ئەھۋالى مەۋجۇت، دەيمىز. جۇڭگودىكى تەڭسىزلىك تېخىمۇ ئېغىر. جۇڭگودا چىرىكلىك ناھايىتىمۇ ئېغىر. جۇڭگودا دېھقانلار ۋە باشقىلارغا قىلىنىۋاتقان ئادالەتسىزلىكلەر ناھايىتىمۇ ئېغىر. شۇڭلاشقا ج ك پ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ئورنىنى ساقلاپ، ھەمدە پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا قاتنىششىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شۇ ئاساستا 2020-يىللىرىغىچە ئۆزىنى ساقلاپ مېڭىشى كېرەك. ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ھازىرچە بۇ ئىشنى قانداق قىلىشنى بىلمەيدىغان بولۇپ، بىزمۇ ئۇلارنىڭ 2020-يىللىرىغا ئۇلىشالايدىغان-ئۇلىشالمايدىغانلىقىنى بىلمەيمىز.

**بەشىنچى سوئال: سىز «جۇڭگو بىز بىلەن ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىستەيدۇ»، دېدىڭىز. جۇڭگو ھازىر تەبىئىي بايلىقلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئافرىقىغا يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ. بىزمۇ ئۇ يەرلەرگە يۈرۈش قىلىۋاتىمىز. سىزچە مۇشۇنداق ئىشلار تۈپەيلىدىن بىرەر چوڭ توقۇنۇش پەيدا بولامدۇ؟ مىئېرشايمېر ئوتتۇرىغا قويغان توقۇنۇشلار يۈز بېرەمدۇ؟ بىز ھازىردىن باشلاپ جۇڭگونى چەكلىشىمىز كېرەكمۇ؟**

جاۋاب: «جۇڭگو بىز بىلەن ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىستەيدۇ»، دېگىنىمدە مەن ئاساسلىقى پۇل تېپىپ باي بولۇش، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئىشلارنى كۆزدە تۇتقان. مېنىڭچە تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرى ئۈستىدىكى رىقابەت تەشۋىقاتلاردا سەل كۆپتۈرۈلۈپ بايان قىلىنىدى. جۇڭگو ئافرىقىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن نېفت ۋە مىنېراللارنى سېتىۋالسا، ئافرىقىلىقلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسىدۇ. مېنىڭچە بۇ بىر ياخشى ئىش. «ئافرىقىدىكى نېفتلەرگە جۇڭگو ئىگە بولىۋالسا، بىزگە نېفت قالمايدۇ»، دېگەنگە ئوخشاش ئىدىيىلەر نېفت بازىرىنى چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىققان. نېفت مەنبەلىرى دۇنياغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، بىزگە بىر جايدىكىسى تەگمىسە يەنە بىر يەردىكىسى تېگىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ھەرگىزمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قالمايدۇ.

پروفېسسور مىئېرشايمېرنىڭ قارىشىچە بىر دۆلەت ناھايىتى كۈچىيىپ كەتسە، بۇرۇندىن تارتىپ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن دۆلەتتە ئەندىشە پەيدا بولۇپ، يېڭىدىن ئۆسۈپ چىقىۋاتقان دۆلەتنى

چەكلەشكە ئۇرۇنۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولۇشى مۇمكىن. مەن كلىنتون ھۆكۈمىتىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا بىز بۇ مەسىلىگە، ھەمدە جۇڭگونى چەكلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار-يوقلۇقىغا ناھايىتى ئەستايىدىل قاراپ چىققان ئىدۇق. بىزنىڭ قارارىمىز «ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق»، دېگەندىن ئىبارەت بولغان ئىدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە پەقەت جۇڭگولا ئۆز-ئۆزىنى چەكلىيەلەيدۇ. يەنى، ئەگەر جۇڭگو بىر زومىگەردەك ئىش تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ قوشنىلىرى ئۇنىڭغا قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇشقا باشلايدۇ. ئۇلار قايتۇرىدىغان ئىنكاسلارنىڭ بىر قىسمى ئامېرىكىنىڭ ئاسىيادا تېخىمۇ كۆپ قوشۇن تۇرغۇزۇپ، شۇ ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن تەڭپۇڭلۇق ساقلاش بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىز 1990-يىللىرى تۈزگەن، ھەمدە شۇنىڭدىن بېرى ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ئىستراتېگىيە جۇڭگونى چەكلىمەسلىك، يەنى جۇڭگونى سوغۇق ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلىگەنگە ئوخشاش چەكلىمەسلىك بولدى. بىز جۇڭگو بىلەن سودا قىلىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز جۇڭگودىن ناھايىتى كۆپ مىقداردا پۇل قەرز ئالدۇق. بىز بۇرۇن سوۋېتلىقلار بىلەن سودا قىلمايلا قالماي، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھېچ قانداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولمىغان. ھازىر ئامېرىكىدا 125000 نەپەر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بار. شۇڭلاشقا بىز سوغۇق ئۇرۇشى مەزگىلىدىكىگە ئوخشاش جۇڭگونى چەكلەش سىياسىتىنى يولغا قويمىدۇق. ئەمما بىز جۇڭگونى بىر زومىگەردەك ئىش تۇتمايدىغان قىلىشقا شارائىت ھازىرلاش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز.

پەقەت ئامېرىكا ياپون ۋە ھىندىستان بىلەن ھازىرقىدەك ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، ئۆزىنىڭ ئاسىيادىكى ھازىرقىدەك بىر قوغدىغۇچى بولۇش، ۋە جۇڭگونىڭ قوشنىلىرى تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىش ئورنىنى ساقلاپلا ماڭىدىكەن، ئۇ ھالدا مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك پەقەت جۇڭگو ئۆز-ئۆزىنى چەكلەيدىغان بىر ھالەت شەكىللىنىدۇ.

ئالدىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىغا قاراپ باقايلى. 2009 – 2011-يىللىرى جۇڭگو جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزى، شەرقىي جۇڭگو دېڭىزى، ۋە ياپونىيە سېنكاكۇ ئاراللىرى رايونلىرىدا بىر قىسىم كېڭەيمىچىلىك ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ ھەممە قوشنىلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناچارلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ ياخشىلاندى. بۇنداق ئەھۋال بىزنىڭ ئاسىياغا بېرىپ بىر يېڭى NATO قۇرغانلىقىمىزدىن ۋۇجۇدقا كەلمىدى. بەلكى جۇڭگونىڭ قوشنىلىرىنىڭ بىزنى تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىشى، ياكى بىزنىڭ ئاشۇ يەردە تېخىمۇ كۆپ ئەسكەر تۇرغۇزۇشىمىزنى تەلەپ قىلىشى بىلەن بولدى.

قىسقىسى، بىزنىڭ جۇڭگونى چەكلىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بىز پەقەت ئۇنىڭ ئاسىيادىكىلەرگە مۇش تەڭلەپ يۈرۈشكە يول قويمايدىغان بىر خىل ھالەتنى ساقلاپ ماڭساقلا كۇپايە قىلىدۇ. بۇ بىز ھازىرغىچە يولغا قويۇپ كەلگەن ئىستراتېگىيە بولۇپ، مېنىڭچە بۇ ئىستراتېگىيە ياخشى ئۈنۈم بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇ بويىچە ئىش تۇتساق، مىنېرشايمېر ئوتتۇرىغا قويغان توقۇنۇشلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**ئالتىنچى سوئال: سىز جۇڭگولۇقلار ھەربىي تەرەققىياتتا ناھايىتى كۈچەۋاتقان بولسىمۇ، ئامېرىكا بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇلار كۆپ ئارقىدا، دېدىڭىز. ئەمما جۇڭگو ھازىر ئىنتېرنېت ئۇرۇشى جەھەتتە تېز تەرەققىي قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇلار ئىنتېرنېت ئۇرۇشىدىكى ئۈستۈنلۈكى ئارقىلىق ئامېرىكا بىلەن تەڭلىشەلەمدۇ؟ ئەگەر تەڭلىشەلىسە، ئۇلارنىڭ ئامېرىكىغا مۇش ئېتىش ئېھتىماللىقى بارمۇ؟**

**جاۋاب: ئىنتېرنېت ساھەسى بىر ناھايىتى مۇھىم ساھە بولۇپ، جۇڭگو ھازىر ئۇ ساھەدىمۇ ناھايىتى ئاكتىپلىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بەزىلەر «جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ ئېلېكتر توكى تورلىرىغا لوگىكىلىق بومبا سېلىپ قويۇپ، شۇ ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ»، دەيدۇ. ئەمما، جۇڭگو ئۇنداق قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىپ كېلىۋاتىدۇ. سەۋەبى، ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىگىمۇ چوڭ زىيانلارنى سالىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن جۇڭگو قولىدىكى دوللارلارنى بازارغا بىراقلا سېلىۋېتىشتىن ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار قولىدىكى دوللارنىڭ ھەممىسىنى بازارغا سېلىۋەتسە، ئۇلار ئامېرىكىنى يوقىتالىيدۇ، قويۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرى يېتىپ قالىدۇ. يەنى ھازىر بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر-بىرىگە يۆلىنىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەت جۇڭگونى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇپ تۇرىدۇ.**

**ھازىرقى مەسىلە جۇڭگونىڭ ئىنتېرنېتتا ئامېرىكا بىلەن بىر چوڭ ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشى ئەمەس. ھازىرقى مەسىلە جۇڭگو ئىنتېرنېتتىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكىدىن ئىنتايىن زور مىقداردىكى ئەقلىي مۈلۈكلەرنى ئوغرىلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر سىز جۇڭگولۇق بولسىڭىز، سىزمۇ شۇنداق قىلىدىغان بولۇپ، بۇ ھەممە ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان بىر ئىش. بۇرۇن كىشىلەر جاسۇس تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ئۆز دۆلەتلىرىدىن يەنە بىر دۆلەتكە ئەۋەتىپ، شۇلار ئارقىلىق ئۇچۇر ئوغرىلايتتى. ھازىر ئۇچۇر ئوغرىلاش ئېلېكترونلۇق ۋاستىلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئەگەر بىر قېتىم ئېلېكترونلۇق ھۆججەت ماڭدۇرۇپ مەغلۇپ بولسىڭىز، ئۇنى قايتا ماڭدۇرسىڭىزلا بولىدۇ. ھازىر سىز ئەۋەتكەن جاسۇسلار تۇتۇلۇپ قېلىپ تۈرمىگە قامىلىدىغان، ئاندىن سىز بېرىپ ئۇلارنى قۇتقۇزمىسىڭىز بولمايدىغان ئىشلار مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا بىز ھازىر جۇڭگولۇقلار بىلەن مۇشۇنداق ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقىنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بارىدىغان بىر يولنى تېپىشىمىز كېرەك. بۇ ئىش ئىنتېرنېت ئۇرۇشى يۈز بېرىشتىن ئەنسىرەپ يۈرۈشتىن كۆپ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر ئىنتېرنېت ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئېغىر ۋەيرانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۇرۇش پارتلاپ قالىدىغان ئىش بولسا، ئۇنىڭدا ھازىر جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا سالالايدىغان زىيىنىغا قارىغاندا، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا سالالايدىغان زىيىنى جىق كۆپ بولىدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما ھازىر ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئۇنداق ئىشتىن ساقلانمىسا بولمايدىغان ئامىللار بار. ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئوغرىلىق قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنىڭغا تۆلەيدىغان مەلۇم بەدەللەر بار بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بەدەللەر مەۋجۇت بولمايدىكەن، جۇڭگو بۇ ئىشنى قىلىشنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا داۋاملاشتۇرىدۇ. ھازىر ئامېرىكا-جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا «ئىستراتېگىيىلىك ئىقتىسادىي دىئالوگ» دېگەن بىر ئىش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ ھەر يىلى بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ يىغىن ئۆتكەن يىل تۇنجى قېتىم ئىنتېرنېت ئوغرىلىقى مەسىلىسىنى بىر مۇزاكىرە تېمىسى قىلدى. مېنىڭچە بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەھەتتە يەنىمۇ تىرىشمىساق بولمايدۇ.**

**يەتتىنچى سوئال: سىز بۇگۈنكى سوئال-جاۋاب ۋاقتىدا «تېخنولوگىيە جەھەتتىكى يۈكسىلىشلەر ئامېرىكىدىكى تەڭسىزلىكنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى»، دېدىڭىز. مېنىڭ قارىشىمچە ئامېرىكىدىكى ئەڭ باي بىر پىرسەنتتەك كىشىلەر ھازىر ھەممە ھوقۇقلارنى ئىگىلىۋېلىپ، ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيىسىگە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. ئۇلار يېقىنقى 30 يىل جەريانىدا بارغانسېرى كۆپ بايلىقلارغا ئىگە بولۇۋالدى. ھازىر ئۇلارنىڭ كىرىمى ئامېرىكىنىڭ يېرىم ئاھالىسىنىڭ كىرىمىدىن ئېشىپ كەتتى. سىز بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟**

**جاۋاب: ئىقتىسادىي تەڭسىزلىكنىڭ ھەر خىل سەۋەبلىرى بار. بەزى كىشىلەر «بۇنىڭ سەۋەبى دۇنيالىشىش، مەسىلەن، جۇڭگولۇق ئىشچىلار بىلەن رىقابەتلىشىش ئۈچۈن شىركەتنى چەت ئەللەرگە يۆتكەش»، دەپ قارايدۇ. بۇلار ھەقىقەتەنمۇ سەۋەبلەرنىڭ بىر قىسمى بولالايدۇ. خەلقئارا سودا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ دېيىشىچە، كىرىم جەھەتتە ھازىرقىدەك چوڭ پەرقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ تاشقى سودا بىلەن ھېچ بىر مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، ئەگەر جۇڭگو مەۋجۇت بولمىغان بولسىمۇ ھازىرقىدەك كىرىم جەھەتتىكى تەڭسىزلىك پەيدا بولۇۋەرگەن بولاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: كومپيۇتېر ۋە ئۈچۈر تېخنولوگىيىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، ئاشۇنداق يېڭى تېخنولوگىيىلەرنى ئۆگەنمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلىمۇ كۆپ ئۆسۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن 30 – 40 يىللار بۇرۇن سىز تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، بىر ماشىنا ياساش شىركىتىدە بىر ياخشى خىزمەتكە ئېرىشكەن بولسىڭىز، ئامبۇر-بولقا قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپلا خىزمىتىڭىزنى قىلالىغان بولاتتىڭىز. ئەمما ھازىر سىز كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان قوراللارنى ئىشلىتىشنى بىلمىسىڭىز بولمايدۇ. ئوتتۇراھال سىنىپ قاتارىغا كىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئوقۇشتا بۇرۇن بىلەن ھازىرنىڭ پەرقى ناھايىتىمۇ زور. بۇنداق پەرقنى جۇڭگو كەلتۈرۈپ چىقارغان بولماستىن، ئۇنى ئۈچۈر تېخنولوگىيىسى بىلەن ئىقتىساد كەلتۈرۈپ چىقارغان. تەڭسىزلىكنىڭ ھەممىسى مۇشۇلا ئەمەس. تەڭسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئامىللار ئىچىدە ئىقتىسادىي سىستېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئامىللارمۇ كۆپ. ئەمما بۇنىڭدىن 30 ـ 40 يىل ئىلگىرىكى ئەھۋاللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھازىرقى كىرىم تەڭسىزلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئۈچۈر تېخنولوگىيىسىدىكى تەرەققىيات مۇھىم رول ئوينىدى.**

**سەككىزىنچى سوئال: ھازىر ئامېرىكا دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدا 6 ـ7 چوڭ ھەربىي بازا ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي رىقابەت كۈچىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ بىزنىڭ بۇ بازىلارنى داۋاملىق ساقلاپ مېڭىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟**

**جاۋاب: مېنىڭچە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ پايدىسى بار بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ بولسا پايدىسى يوق. مەسىلەن، بىز ئافغانىستاندىن چىقىپ كېتىشىمىز كېرەك. ئىراق بىلەن ئافغانىستان ئامېرىكا ئۈچۈن بىر چوڭ خاتالىق، ھەمدە بىر چوڭ پۇل ئىسراپچىلىقى بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ياپونىيەنى ئالىدىغان بولساق، ھازىر ياپونىدا 50 مىڭ ئامېرىكا ئەسكىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىقىمىنى ياپون تۆلەيدۇ. ياپونىدىكى ئامېرىكا ھەربىي بازىسى ئۈچۈن بىز ئۆزىمىز پۇل خەجلىمەيمىز. ئۇنىڭ چىقىمىنى ياپونلارنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىدىكى سەۋەب، ئۇلار ئۆزلىرىنى جۇڭگونىڭ زومىگەرلىكىدىن قوغدايدىغان بىر كاپالەتكە ئېھتىياجى بار. دېمەك، بىز بەزى جايلاردىكى ھەربىي بازىلارنى قىسقارتىشىمىز كېرەك، يەنە بەزى يەرلەردىكىنى، مەسىلەن، ياپونىيەدىكىنى بولسا قەتئىي ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك. ئۇ بازا بىزگە پۇل چىقىمى ئېلىپ كەلمەيدۇ، ئەمما ئامېرىكىنىڭ ئاشۇ رايونلاردىكى تەسىرىنى كۈچەيتىپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ جەھەتتە بىز ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇشىمىز كېرەك.**

### پايدىلىنىش مەنبەسى:

**Joseph Nye: The Rise of China and American Power**
**https://www.youtube.com/watch?v=BwWT0kbYSZs&t=6s**

# زېرەك كۈچ (Smart Power) ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

**2017-يىلى 11-ئاۋغۇست**

مەن ئالدىنقى يازمامدا «يۇمشاق كۈچ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۈچ ھەققىدە توختىلىپ، ھازىر جۇڭگو ئاشۇ ساھەدىمۇ ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ مەبلەغ بىلەن قاتتىق تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇم. ھەمدە ئەگەر جۇڭگو ئۆزىنىڭ ھازىرقىدەك سىياسىي تۈزۈمىنى ساقلاپ ماڭىدىكەن، ئۇ يۇمشاق كۈچ جەھەتتە دۇنيادىكى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى شەرھلەپ ئۆتتۈم.

خەلقئارا مۇناسىۋەتتە ھەربىي كۈچ، ئىقتىسادىي كۈچ ۋە يۇمشاق كۈچتىن باشقا يەنە «زېرەك كۈچ» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر كۈچمۇ بار بولۇپ، بۇ كۈچ ھەققىدىكى ئۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىغا چىققىنىغا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت بولمىدى. مەن بۇ قېتىم ئاشۇنداق «زېرەك كۈچ» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمەن. مېنىڭ بۇ قېتىم پايدىلانغىنىم ئامېرىكىدىكى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور جوسېف ناي (Joseph Nye) نىڭ «دۇنياۋى كۈچلەرنىڭ يۆتكىلىشى: قاتتىق كۈچ، يۇمشاق كۈچ، ۋە زېرەك كۈچ» دېگەن تېمىدىكى بىر مەيدان ئىلمىي دوكلاتى بولۇپ، مەن مەزكۇر يازمىدا ئاشۇ دوكلاتنىڭ ئۆزۈم تاللىغان مەزمۇنلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. بۇ دوكلاتنىڭ سىن ھۆججىتى 2014-يىلى 18-نويابىر كۈنى يۇتيۇبتا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە دۇنياغا داڭلىق تېلېۋىزور نۇتقى پروگراممىسى «تېخنولوگىيە، كۆڭۈل ئېچىش، ۋە لايىھە» (Technology, Entertainment, Design, TED) دە سۆزلەنگەن ئىكەن. تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى مەنبەگە تەۋە بولۇپ، پەقەت كىچىك تېمىلارنىلا مەن ئۆزۈم قويدۇم. ئەگەر تۆۋەندىكى مەزمۇنلارغا ئۆزۈمنىڭ سۆزىنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى «ئىلاۋە» سۆزى بىلەن باشلانغان بىر ئايرىم ئابزاس قىلىپ قىستۇرۇپ قويىمەن.




1-رەسىم: جوسېف ناي 2014-يىلى 18-نويابىردىكى «TED» پروگراممىسىدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.

پروفېسسور نايىنى مەن ئالدىنقى يازمىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنى بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمەن. تۆۋەندىكىسى پروفېسسور نايىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزۈم تاللىغان مەزمۇنلار.

مەن سىلەرگە 21-ئەسىردىكى كۆچلەر ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمەن. مېنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن دەپ قويىدىغىنىم، ھازىر كۈچلەر ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزگىرىشلەرنى 2 تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىرى كۈچلەرنىڭ يۆتكىلىشى بولۇپ، ئۇ كۈچلەرنىڭ ئۇخشىمىغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىماتىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، ھازىر كۈچلەر غەربتىن شەرققە يۆتكىلىۋاتىدۇ. يەنە بىرى بولسا كۈچلەرنىڭ تارقىلىشى (diffusion) بولۇپ، ھازىر كۈچلەر دۆلەتلەردىن بىرەر دۆلەتكە تەۋە ئەمەس تەشكىلاتلارغا تارقىلىۋاتىدۇ. مانا بۇلار مۇشۇ ئەسىردە يۈز بېرىۋاتقان كۈچلەر ھەققىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىشلەردۇر. مەن يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئايرىم-ئايرىم توختىلىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆز-ئارا قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ، ئەڭ ئاخىرىدا بەزى ياخشى خەۋەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1. كۈچلەرنىڭ يۆتكىلىشى

بىز داۋاملىق ئاسىيانىڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆزلىشىمىز. ئەسلىدە بىز ئۇنى «ئاسىيانىڭ ئەسلىگە كېلىشى، ئاسىيانىڭ ئەسلىگە قايتىشى» دېسەك توغرىراق بولىدۇ. ئەگەر بىز 1800-يىلىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا دۇنيا نوپۇسىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئاسىيادا ياشاۋاتقانلىقىنى، ھەمدە دۇنيادىكى مەھسۇلاتلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنىمۇ ئاسىيالىقلار ئىشلەپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەگەر ئالدىمىزغا 100 يىل مېڭىپ، 1900-يىلىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، دۇنيا نوپۇسىنىڭ تەڭدىن تولىسى يەنىلا ئاسىيادا ياشاۋاتقانلىقىنى، ئەمما دۇنيادىكى مەھسۇلاتنىڭ ئاران 20 پىرسەنتىنى ئاسىيالىقلار ئىشلەپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئارىلىقتا نېمە بولدى؟ «سانائەت ئىنقىلابى» بولدى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا دۇنيانىڭ ھۆكۈمران ئورنىدا تۇرىدىغان يېڭى مەركەزگە ئايلاندى. بىز 21-ئەسىردە ئاسىيانىڭ تەدرىجىي ئۆز ئەسلىگە قايتىپ، دۇنيا نوپۇسىنىڭ تەڭدىن كۆپىنى ئىگىلەيدىغان، ھەمدە دۇنيا مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ناھايىتى مۇھىم، ھەمدە ئۇ بىر ناھايىتى مۇھىم ئۆزگىرىش ياكى يۆتكىلىش.

## 2. كۈچلەرنىڭ تارقىلىشى

ئەمدى مەن يەنە بىر ئۆزگىرىش ياكى كۈچلەرنىڭ يۆتكىلىشى ئۈستىدە توختىلىمەن. ئۇ بولسىمۇ كۈچلەرنىڭ تارقىلىشى. بۇ مەسىلىنى چۈشىنىش ئۈچۈن كۆڭلىڭىزدە مۇنداق بىر ئىشنى چېڭ ساقلاڭ: 1970-يىللىرىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە كومپيۇتېر ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەننەرخى 1000 ھەسسە تۆۋەنلىدى. بۇ بىر ئابستراكت سان. ئەگەر يولۇچى ئاپتوموبىلىنىڭ باھاسىمۇ ئاشۇنداق تېز چۈشكەن بولسا، بۈگۈن سىز بىر ماشىنىنى 5 دوللارغا سېتىۋالالايتتىڭىز. ئەگەر بىر مەھسۇلاتنىڭ باھاسى ئاشۇنداق تېز چۈشۈپ كېتىدىكەن، «بۆسۈپ كىرىش توسالغۇسى» (barrier of entry) مۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. يەنى، ئۇ مەھسۇلاتنى ھەممە ئادەم ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. 1970-يىلى سىز بىرلا ۋاقىتتا دۇنيانىڭ بىر قانچە جايلىرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشمەكچى بولغان بولسىڭىز، سىز شۇنداق قىلالايتتىڭىز. ئاشۇنداق قىلىش ئۈچۈن زۇرۇر بولغان تېخنىكا ئۇ چاغدىمۇ بار ئىدى. ئەمما سىز ناھايىتى باي بولمىسىڭىز بولمايتتى. ھازىر ھەممە ئادەمنىڭ ئاشۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتى بار. ھازىر ھەممە

ئادەمنىڭ بۇرۇن باھاسىنىڭ يۇقىرى بولۇش چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان ئىشلارنى قىلىش ئىمكانىيىتى بار. مەن يېقىندا بىر «ئىنتېرنېت چايخانىسى» غا كىرسەم، ئىنتېرنېتنىڭ بىر سائەتلىك ھەققى ئەنگلىيە پۇلىدا بىر فوند ستېرلىڭ بولۇپ، سكايپ (Skype) بولسا ھەقسىز ئىكەن.

دېمەك، بۇرۇن چەكلەنگەن ئىمكانىيەتلەر ھازىر ھەممە ئادەم ئۈچۈن تەييار. بۇ «دۆلەت دەۋرى ئاخىرلاشتى» دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ. دۆلەت ھازىرمۇ مۇھىم بولۇپ، ھازىر پېشىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەھۋال خەلقئارا سەھنىلەرنىڭ ئويۇن ئوينايدىغانلار بىلەن بەك توشۇپ كېتىشى، بەك قىستا-قىستاڭ بولۇپ كېتىشىدۇر. سەھنىلەرگە بىرەر دۆلەت ھۆكۈمىتىگە تەۋە ئەمەس كىشىلەرنىڭ چىقىشىدۇر. مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ بىر ياخشى ئىش. يەنى، سىياسىيغا بىرەر ھۆكۈمەتكە تەۋە ئەمەس كىشىلەرنىڭمۇ قاتنىششى بىر ياخشى ئىش. يەنە بەزى جەھەتتىن بۇ بىر يامان ئىش. مەسىلەن، ئەل-قائىدە. ئۇمۇ بىرەر ھۆكۈمەتكە تەۋە بولمىغان رول ئالغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر.

ئەنئەنىۋى كۆز-قاراش بويىچە بىز «ئۇرۇش» دېسەك، كاللىمىزغا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار كېلىدۇ. مەسىلەن، 1941-يىلىدىكى ئۇرۇش ياپوننىڭ ئامېرىكىنىڭ پېئارل خاربور پورتىغا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن باشلانغان. 2001-يىلى بىرەر دۆلەت ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولمىغان ئەل-قائىدە ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىپ، 1941-يىلىدىكى پېئارل خاربور پورتى ئۇرۇشىدا ئۆلگەن كىشىلەردىنمۇ كۆپ ئادەمنى ئۆلتۈردى. بۇنى بىز «ئۇرۇشنىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇلۇشى» دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ. دېمەك، كۈچلەرنىڭ تارقىلىشى جەھەتتە بىز بىر چوڭ ئۆزگىرىشنى كۆرۈۋاتىمىز.

### 3. كۈچ (Power) دېگەن نېمە؟

كۈچ دېگىنىمىز باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزىڭىز ئىستىگەن نەتىجىگە ئېرىشىش دېمەكتۇر. بۇنداق قىلىشنىڭ 3 خىل ئۇسۇلى بار:

--1) تەھدىت، مەجبۇرلاش، ياكى «تاياق»

--2) پۇل بېرىش، پارا بېرىش، ياكى «سەۋزە»

--3) باشقىلارنىمۇ سىز ئىستىگەن نەرسىنى ئىستەيدىغان قىلىش

باشقىلارنى مەجبۇرلىماي، ياكى باشقىلارغا پۇل تۆلىمەي، ئۇلارغا سىز ئىستىگەن ئىشنى قىلغۇزۇشنى مەن «يۇمشاق كۈچ» دەپ ئاتايمەن. ھازىرغىچە كىشىلەر مۇشۇنداق يۇمشاق كۈچكە ئانچە ئەھمىيەت بەرمىدى، ھەممە ئۇنى توغرا چۈشەنمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ناھايىتىمۇ مۇھىم. ئەگەر سىز يۇمشاق كۈچتىن قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋالىدىكەنسىز، سىز تاياق ۋە سەۋزە جەھەتتىكى نۇرغۇنلىغان كۈچنى تېجەپ قالالايسىز.

ئىلاۋە: غەربتە «تاياق ۋە سەۋزە» دېگەن سۆزنى كۆپ ئىشلىتىدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ ياخشى ئىپادىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇكاپات بىلەن جازادىن تەڭ پايدىلىنىش چارىسىگە قارىتىلغان. ھەممە بۇ ئۇقۇم بىر ھارۋىكەشنىڭ ھارۋىنى سۆرەۋاتقان قېچىرغا ئالدى تەرەپتىن بىر سەۋزىنى تەڭلەش ۋە ئارقا تەرەپتىن بىر تاياقنى تەڭلەش ئەھۋالىدىن كېلىپ چىققان. قېچىر سەۋزىدىن ئىبارەت بىر مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ھارۋىنى ئالدىغا تارتىدۇ، شۇنداقلا تاياق يېيىشتىن ئىبارەت بىر جازاغا ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن يەنىلا ھارۋىنى ئالدىغا تارتىدۇ. «سەۋزە ۋە تاياق» ئۇقۇمى خەلقئارا مۇناسىۋەتتە «قاتتىق كۈچ» نىڭ ئەمەلىي ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى سەۋزە ئىقتىسادىي پايدىغا، تاياق بولسا تەھدىت ۋە

**پسىخولوگىيىلىك زوراۋانلىقتا ۋەكىللىك قىلىدۇ. «سەۋزە ۋە تاياق» ئۇقۇمى ئەڭ دەسلەپتە 1948-يىلى غەرب ئەللىرىدە قوللىنىشقا باشلىغان.**



Carrot and the stick

**2-رەسىم: «سەۋزە» ۋە «تاياق».**

**ئەنئەنىۋى كۆز-قاراش بويىچە ئېيتقاندا، «كۈچ» دېسە كىشىلەر پەقەت ھەربىي كۈچنىلا كۆزدە تۇتىدۇ. ئەمما 21-ئەسىردىكى كۈچلەرنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن كۈچلەرگە يېڭى ئېنىقلىما بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. 21-ئەسىردە ئۇرۇشلار يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئەمما «كۈچ» دېگىنىمىزدە پەقەت ئۇرۇشلاردا غالىب كېلىدىغان كۈچلەرنىلا كۆزدە تۇتساق بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار «كىمنىڭ ئارمىيىسى يەڭدى» دېگەندىن باشقا، يەنە «كىمنىڭ گېپى يەڭدى» دېگەن بويىچە بولىدۇ. بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ھېكايىمىز ياكى ئۆز گېپىمىز ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇرۇپ، ھېكايىمىزنى ئەڭ ئۈنۈم بېرىدىغان ھالەتكە ئەكەلمىسەك بولمايدۇ.**

## 4. كۈچلەرنىڭ دۆلەتلەر ئارا يۆتكىلىشى

**بىز ھازىر كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ يۈقىرىغا ئۆرلىشى ۋە تۆۋەنگە چۈشۈشى ھەققىدە كۆپ سۆزلىشىمىز. يەنى، جۇڭگونىڭ ئۆرلىشى ۋە ئامېرىكىنىڭ چۈشۈشى ھەققىدە كۆپ سۆزلەيمىز. 2008-يىلدىكى ئىقتىسادىي كرىزىستىن كېيىن كۆپلىگەن كىشىلەر «مانا بۇ دۇنياغا ئامېرىكا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دەۋرنىڭ ئاخىرلىششى» دېيىشكە باشلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق قاراش كۆپىنچە ۋاقىتلاردا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر بىز يېقىنقى نەچچە ئون يىللىق تارىختا قاراپ باقىدىغان بولساق، «ئامېرىكا تۈگەشتى» دېگەن كۆز-قاراشنىڭ ھەر 10 – 15 يىلدا بىر قېتىم پەيدا بولۇپ تۇرغانلىقىنى بايقايمىز. 1958-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى «Sputnik» ناملىق سۈنئىي ھەمراھنى قويۇپ بەرگەندە كىشىلەر «ئەمدى ئامېرىكا تۈگەشتى»، دېدى. 1973-يىلى نېفت سودىسى مەنئى قىلىنغاندا كىشىلەر «ئەمدى ئامېرىكا تۈگەشتى»، دېدى. 1980-يىللىرىدىكى رىگان پرېزىدېنت بولۇۋاتقان ۋاقىتتا ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ مەركىزى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا-غەرب رايونلىرىدىن كالىفورنىيەدىكى كرېمنىي**

جىلغىسىغا يۆتكەلگەندە كىشىلەر «ئەمدى ئامېرىكا تۈگەشتى»، دېدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قاراشلارنىڭ ھەممىسى خاتا بولۇپ چىقتى. 2000-يىللىرى كىشىلەر ئامېرىكىنىڭ كۈچىنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلەپ، «ئامېرىكا ھەر قانداق ئىشنى قىلالايدۇ» دېگەن قاراشتا ئىش ئېلىپ باردى. نەتىجىدە تاشقى ئىشلار سىياسىتىدە ئامېرىكا ناھايىتى ئېغىر بالايىئاپەتلەرگە دۇچ كەلدى. ھازىر بولسا كىشىلەر قايتىدىن «ئەمدى ئامېرىكا تۈگەشتى»، دېيىشكە باشلىدى. قىسقىسى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئامېرىكا ياكى يۇقىرىغا چىقىدۇ، ياكى بولمىسا تۆۋەنگە چۈشىدۇ. بۇ بىزگە كىشىلەردە ساقلىنىۋاتقان بىر خىل پسىخولوگىيىلىك ھالەتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ.

ئەگەر بىز ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمەكچى بولساق، ئامېرىكا ۋە جۇڭگوغا دائىر ھازىر قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا قارىشىمىز كېرەك. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بانكىدىن بىرى بولغان گولدمان ساكس «جۇڭگو ئىقتىسادى 2027-يىلىغا بارغاندا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادقا ئايلىنىدۇ»، دېگەن مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. نوپۇس سانى 1.3 ملياردتىن ئاشىدىغان جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى مەلۇم بىر ۋاقىتقا بارغاندا چوقۇم ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئەمما، گولدمان ساكسنىڭ مۆلچېرىگە ئوخشاش مۆلچەرلەر كۆچلەرنىڭ يۆتكىلىشى ھەققىدە ئەمەلىي ئەھۋالنى يورۇتۇپ بېرەلەمدۇ-يوق، مەسىلىسىدە بىز ناھايىتىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك.

ئۇنداق مۆلچەرلەر ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. بىرىنچىدىن، ئۇ مۆلچەر تۈز-سىزىقلىق ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى بويىچە كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان. يەنى، ئۇ مۆلچەر «ئامېرىكا ماۋۇ سىزىق بويىچە مېڭىپ، جۇڭگو ئاۋۇ سىزىق بويىچە ماڭسا، بۇ ئىككى سىزىق ماۋۇ جايدا ئۆز-ئارا كېسىشىدۇ»، دېگەن قاراش بىلەن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان. تارىخ تۈز-سىزىق بويىچە ماڭمايدۇ. تارىخىي يوللاردا ئويي-دوڭغۇللار كۆپ بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەگەر «جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ چوڭلۇقى 2030-يىلىغا بارغاندا ئامېرىكا ئىقتىسادىنى بېسىپ چۈشىدۇ»، دېسەك، بۇ ئىقتىسادنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئىقتىسادنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنى ئېچىپ بەرمەيدۇ. جۇڭگو ئىقتىسادىدا تەرەققىي قىلمىغان ساھەلەر يەنىلا ناھايىتى كۆپ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم بىر ئىقتىسادنىڭ مۇرەككەپلىك دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نەرسە بولۇپ، ئۇ جەھەتتە جۇڭگو ئامېرىكىغا 2050-يىللىرىدىن بۇرۇن يېتىشەلمەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، يۇقىرىدىكى مۆلچەر پەقەت بىرلا ئۆلچەم (one-dimension) بويىچە چىقىرىلغان. يەنى، ئۇنىڭدا ئىقتىسادىي كۈچ پەقەت GDP ئارقىلىقلا ئۆلچەنگەن. GDP ھەربىي كۈچ ۋە يۇمشاق كۈچ ھەققىدە ھېچ نېمىنى دەپ بېرەلمەيدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، مەن يۇقىرىدا ئاسىيانىڭ قايتىپ كېلىشى ھەققىدە توختالدىم. ئاسىيا پەقەت بىرلا دۆلەت ئەمەس. ياپونلارنىڭ نەزىرىدىكى ياكى ھىندىستانلىقلارنىڭ نەزىرىدىكى قەد كۆتۈرگەن جۇڭگو بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدىكى قەد كۆتۈرگەن جۇڭگو پۈتۈنلەي باشقا-باشقىچە ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ. ئامېرىكا كۈچىنىڭ بىر پايدىلىق تەرىپى ئاسىيادىكى كۆپلىگەن ئەللەر جۇڭگوغا تاقابىل تۇرۇشتا ئامېرىكىنىڭ كاپالىتىنى ئىستەيدۇ. جۇڭگونىڭ قوشنىلىرى جۇڭگوغا دۈشمەنلىك كۆزلىرى بىلەن قارايدۇ. دېمەك، گولدمان ساكسنىڭكىگە ئوخشاش مۆلچەرلەر كۈچلەرنىڭ يۆتكىلىشى ھەققىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

## 5. كۆچلەرنىڭ تەقسىماتى ۋە ئۇنىڭ كۆچلەرنىڭ تارقىلىشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

ھەقىقىي كۈچلۈك دۆلەتنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى توغرا چۈشىنىش تولىمۇ مۇھىم. ئەگەر سىز بۇ مەسىلىدە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولالمايدىكەنسىز، سىز تۈزگەن تاشقى ئىشلار سىياسىتى پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. نۇرغۇن كىشىلەر «21-ئەسىر ئىچىدە 20-ئەسىردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر قايتا تەكرارلىنىدۇ»، دەپ قاراۋاتىدۇ. 20-ئەسىردە ياۋروپادىكى ئەللەر ئۆزىنىڭ دۇنيانىڭ مەركىزى بولۇش سالاھىيىتىنى يوقاتتى. ئۇنداق بولۇشنى گېرمانىيەنىڭ كۈچلىنىپ كېتىشى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئەنگلىيەدە پەيدا بولغان ئەندىشە كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا كىشىلەر «ئاشۇنداق ئەھۋال بۈگۈن يەنە تەكرارلىنىدۇ»، دېيىشىۋاتىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە ئۇنداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ. ئۇ بىر ناچار تارىخ بولۇپ، ئۇنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب 1900-يىللىرىدىلا گېرمانىيە سانائەت كۈچى جەھەتتە ئەنگلىيەدىن ئېشىپ كەتكەن. مەن يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمدەك، جۇڭگو بۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىل ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر سىزدە يۇقىرىقىدەك چۈشەنچە بار بولىدىكەن، ئۇ سىزدە بىر ئەندىشە پەيدا قىلىپ، سىز ئۇنىڭغا قارىتا چارە قوللانغاندا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ. كۆچلەرنىڭ غەربتىن شەرققە يۆتكىلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئەڭ چوڭ خەتەر ئۇ پەيدا قىلىدىغان ئەندىشىدىن ئىبارەت. بىز جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ كېتىشىدىن ياكى ئاسىيانىڭ ئەسلىگە قايتىشىدىن قورقۇپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. ئەگەر بىز تارىختىكى ئەھۋاللارنى توغرا چۈشەنگەن ئاساستا ئىش ئېلىپ بارساق، ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ كېتەلەيمىز.

دۇنيادىكى كۆچلەرنىڭ بۈگۈنكى تەقسىملىنىش ئەھۋالىنى بىر 3 ئۆلچەملىك شاھمات تاختىسى (**3-dimensional chess game**) غا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئۇ تاختىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىگە دۇنيادىكى ھەربىي كۈچلەر تىزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئامېرىكىلا بىر دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ھەمدە بۇنداق ئەھۋال يەنە 20 – 30 يىل ئىچىدە ئۆزگەرمەي داۋاملىشىدۇ. بۇ ھەربىي تاختاينىڭ ئۈستىدە جۇڭگو ھەرگىزمۇ ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ.

ئوتتۇرا قەۋەتتىكى تاختايغا ئوخشىمىغان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچلىرى تىزىلغان. بۇ قەۋەتتە كۈچلەر كۆپ قۇتۇپلۇق ھالەتكە كىرگەن بولۇپ، ئامېرىكا، ياۋروپا، جۇڭگو ۋە ياپونىيە قاتارلىق ئوخشىمىغان قۇتۇپلار بىر-بىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

شاھمات تاختىسىنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە ئوخشىمىغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز-ئارا باغلانغان كۈچلەر تىزىلغان. مەسىلەن، ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى، زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى، ئىقتىسادىي جىنايى ئىشلار ۋە يۇقۇملۇق كېسەل قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كونتروللۇقى سىرتىدىكى ئىشلارغا كىرىدۇ. بۇ ساھەنى ھېچ كىم كونترول قىلمايدۇ. بۇ تاختايدا كۈچلەر قالايمىقان تارقالغان. بۇ تاختايدىكى مەسىلىلەر بىز مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە دۇچ كېلىدىغان ئەڭ چوڭ مەسىلىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇلى ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىش. بۇ دېگەنلىك يۇمشاق كۈچ ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا ئۆتىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

بىز 21-ئەسىردە كۈچلەر ھەققىدە ئويلىغان ۋاقتىمىزدا، «كۈچلەرنىڭ يىغىندىسى نۆل بولىدۇ؛ مەن ئۇتسام، سەن چوقۇم ئۇتتۇرىسەن» دېگەن ئىدىيىدىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك. كۈچلەرنىڭ يىغىندىسى بەزىدە ئىجابىي نەتىجىمۇ بولالايدىغان بولۇپ، ئۇنداق ئەھۋالدا سىزمۇ ئۇتۇپ، مەنمۇ ئۇتىمەن. ئەگەر

جۇڭگو ئېنېرگىيە يېتىشتۈرەلمەسلىك مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ھاۋانى بۇلغاشنى ئازايتسا، ئۇ بىز ھەممىمىز ئۇچۇن پايدىلىق. شۇڭلاشقا ئەگەر بىز جۇڭگونىڭ ھاۋاغا ئىس تارقىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم قىلساق، ئۇ ھەممىمىز ئۇچۇن پايدىلىق.

## 6. زېرەك كۈچ

بۇ دېگەنلىك 21-ئەسىردە دۆلەتلەر ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىش ئېلىپ بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق، دېگەنلىك ئەمەس. 21-ئەسىردىمۇ دۆلەت قوشۇنلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇرۇشلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. باشقىلار بىلەن تەڭپۇڭلۇق ساقلاش ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇندا تۇرۇۋېرىدۇ. قاتتىق كۈچمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ ماڭىدۇ. ئەمما، ئەگەر بىز قاتتىق كۈچلەر بىلەن يۇمشاق كۈچلەرنى «زېرەك كۈچلەر ئىستراتېگىيىسى» بويىچە بىرلەشتۈرۈپ ئىش كۆرمەيدىكەنمىز، بىز 21-ئەسىردىكى چوڭ مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلالمايمىز.

بىز بۇ يەردە ئويلانمىساق بولمايدىغان مۇھىم تېما، بىز دۇنياۋى دائىرە ئىچىدە قانداق ھەمكارلىقلارنى ئىشقا ئاشۇرساق، پۈتۈن دۇنياغا ياخشىلىق ئېلىپ كېلەلەيمىز، دېگەندىن ئىبارەت. دۆلەت مەنپەئەتىگە قانداق ئېنىقلىما بەرگەندە، كۈچلەرنىڭ يىغىندىسى نۆل بولماي، بەلكى ئىجابىي نەتىجە پەيدا قىلىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا بىز 21-ئەسىردە دۆلەت مەنپەئەتىگە ئېنىقلىما بەرگەندە، بىز چوقۇم ئۆزىمىزگىمۇ پايدىلىق، ۋە باشقىلارغىمۇ پايدىلىق بولىدىغان بىر يولنى تاللىشىمىز كېرەك. مانا بۇ بىز 21-ئەسىردە كۈچلەر ئۈستىدە ئويلانغاندا ئەستە چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. بىز بۇ ئەسىردە قاتتىق كۈچ ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قوغداش بىلەن بىرلىكتە، دۇنيانىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە پايدا يەتكۈزىدىغان ئىشلارنىمۇ تەڭ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ يۇمشاق كۈچىنىمۇ ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ھىلارى كلىنتون ئوباما ھاكىمىيىتىنىڭ تاشقى ئىشلار سىياسىتى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇلارنىڭ سىياستى زېرەك كۈچ سىياستى بولىدىغانلىقىنى، ئاشۇ سىياسەت بويىچە بولغاندا، ئۇلار ھەربىي كۈچ، ئىقتىسادىي كۈچ ۋە يۇمشاق كۈچلەر قاچىلانغان «تاشقى ئىشلار سىياستى سايمانلىرى ساندۇقى» دىكى سايمانلارنىڭ ھەممىسىدىن ئاقىلانىلىك بىلەن پايدىلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. مەن يۇقىرىدا 21-ئەسىردىكى كۈچلەر تەقسىماتىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۈچلەرنىڭ يۆتكىلىشى ۋە كۈچلەرنىڭ تارقىلىشىدىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىغا مەركەزلىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. شۇڭلاشقا بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، قاتتىق كۈچ بىلەن يۇمشاق كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشقا سالىدىغان بىر زېرەك كۈچ ئىستراتېگىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. مەن سىلەرگە دەپ قويماقچى بولغان ياخشى خەۋەر شۇكى، بىز ئاشۇنداق ئىشنى قىلالايمىز [1].

ئىلاۋە: دوكتور ناي ئەپەندىنىڭ مەزكۇر لېكسىيىسى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. ئۇ 2015-يىلى 10-مارتتا ئامېرىكىدىكى «بافېي ئىنستىتۇتى» (Buffett Institute) دا بەرگەن بىر دوكلاتىدا نېمە ئۈچۈن جۇڭگو يۇمشاق كۈچ جەھەتتە تەرەققىي قىلالمايدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈپتۇ. تۆۋەندە مەن ئاشۇ مەزمۇننى بايان قىلىپ ئۆتىمەن [2].




**3-رەسىم: جوسېف ناي 2015-يىلى 10-مارت كۈنى ئامېرىكىدىكى «بافېي ئىنستىتۇتى» دا نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.**

## 7. جۇڭگو نېمىشقا يۇمشاق كۈچتە تەرەققىي قىلالمايدۇ؟

**گەرچە خۇ جىنتاۋ «جۇڭگو يۇمشاق كۈچ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ سېلىشى كېرەك»، دېگەن بولسىمۇ، ھەمدە جۇڭگو ھازىر يۇمشاق كۈچ تەرەققىياتى ئۈچۈن مىليارد دوللارلاپ پۇل خەجلەۋاتقان بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ بۇ جەھەتتە ھەر خىل چەكلىمىلىرى بار. بۇ ئىش جۇڭگو سىياسىي تۈزۈمى ماھىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يۇمشاق كۈچنىڭ تەرەققىي قىلىشى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ تەشۋىقات قوراللىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەمەس بولۇپ، بۇ نۇقتىنى جۇڭگولۇقلار ئانچە چۈشەنمەيدۇ. يۇمشاق كۈچنى ئاساسىي جەھەتتىن ئاممىۋى جەمئىيەتلەر ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر سىز ئاممىۋى جەمئىيەتلەرنىڭ ئەركىن ھەرىكەتلىنىشىگە يول قويمايدىكەنسىز، سىز يۇمشاق كۈچ جەھەتتىكى ئىقتىدارىڭىزنى زور دەرىجىدە چەكلەپ قويىسىز.**

**مەن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر مەيدان دوكلات بەرگەندە، بىر ئوقۇغۇچى مەندىن «جۇڭگو قانداق قىلسا ئۆزىنىڭ يۇمشاق كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم: «مەن سىزگە ئۇنىڭ سىرىنى دەپ بېرەي، ئەمما سىز چوقۇم مېنىڭ جاۋابىمنى ياقتۇرمايسىز: ھەر خىل ئۇچۇرلارنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇڭ. ھوللىۋودنىڭ ئامېرىكا يۇمشاق كۈچى تەرەققىياتىدا ئويناۋاتقان رولىغا قاراپ بېقىڭ. ھىندىستاندىكى بالىۋۇد ئامېرىكىدىكى ھوللىۋودقا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپرەك كىنو ئىشلەپ چىقىرىدۇ. جۇڭگودىكى ئىقتىدارلىق دىرېكتورلار ۋە كىنو ئارتىسلىرىنىڭ سانى ھەرگىزمۇ ھىندىستاندىكىدىن ئاز ئەمەس. ئەمما جۇڭگودا ئۇچۇرلارنى تەكشۈرۈپ جازالاش (censorship) ئورۇنلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ. بۇ جەھەتتە جۇڭگونىڭ ئامېرىكا ۋە ھىندىستانغا يېتىشىۋېلىشى تولىمۇ قىيىن. سەۋەبى جۇڭگونىڭ سىياسىي تۈزۈمى ماركسىزم-لېنىنىزملىق تۈزۈم بولۇپ، ئۇ لېنىننىڭ كوممۇنىزم ئىدىيىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان. جۇڭگودىكى كىشىلەر كوممۇنىزمغا ئانچە ئىشەنمەيدۇ، ئەمما جۇڭگو كوممۇنىزم ئىدىيىسى بويىچە ئىدارە قىلىنىدۇ. ھازىر جۇڭگو يۇقىرى**

سىرتقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن مىللەتچىلىككە تايىنىپ ئاشۇنداق تۈزۈمنى قانۇنلۇق ئاساسقا ئىگە قىلىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال جۇڭگونىڭ دىكتاتورلىق تۈزۈمىدىكى ئەللەردىكى يۇمشاق كۈچنى ئۆستۈرگەن بىلەن، ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا ئۇنداق قىلالمايدۇ. »

دېمەك، جۇڭگونىڭ ئالدىدا قانداق قىلىپ يۇمشاق كۈچنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى بار. ئۇلارنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلار قاتارىدا قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزگەن دۇنيا ئولىمپىك مۇسابىقىسى ۋە شاڭخەيدىكى سودا يەرمەنكىسى قاتارلىقلار بار. مەن ئۆتكەن يىل ئاشۇ سودا يەرمەنكىسىگە قاتنىشىپ، ناھايىتىمۇ تەسىرلەندىم. ئەمما جۇڭگو ئۇنىڭدىن كېيىنلا لىۋ شاۋبونى تۈرمىگە قاماپ، ئۇنىڭ ئوسلودىكى نوبېل مۇكاپاتى مۇراسىمىغا بېرىپ مۇكاپات تاپشۇرۇپ ئېلىشىنى توسۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىكىدەك مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بارغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى يوق قىلدى. شۇڭلاشقا ئامېرىكىدىكى بىر ئورۇن ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى يۇمشاق كۈچ جەھەتتە ئامېرىكا جۇڭگودىن كۆپ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. مېنىڭچە جۇڭگونىڭ سىياسىي تۈزۈمدە ئۆزگىرىش بولمىغۇچە، بۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىپ مېڭىۋېرىدۇ.

## پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

**[1] Joseph Nye ـ Global power shifts: hard power, soft power and smart power**
**https://www.youtube.com/watch?v=JsE_1sY0lfU&t=2s**

**[2] Joseph Nye: The Future of Power**
**https://www.youtube.com/watch?v=rRd4mrxF3os&t=3s**

# پرېزىدېنت تىرامپ، مىللەتچى ئاق تەنلىكلەر ۋە مۇسۇلمانلار

2017-يىلى 1-سېنتەبىر

بۇ يىل 12-ئاۋغۇست (شەنبە) كۈنى ئامېرىكا ۋىرجىنىيە شتاتى چارلوتتىسۋىل (Charlottesville) شەھىرىدە مىللەتچى ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئۇلارغا قارشى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر قېتىملىق توقۇنۇش يۈز بەردى. توقۇنۇش جەريانىدا بىر مىللەتچى ئاق تەنلىك ماشىنىسىنى قارشى تەرەپ كىشىلەر توپى ئىچىگە ھەيدەپ، بىر ئايالنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە 19 كىشىنى ئېغىر يارىدار قىلدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپ ئوخشىمىغان كۈن ۋە ئوخشىمىغان جايلاردا ئاشۇ ۋەقە ھەققىدە 3 – 4 قېتىم سۆز قىلىپ، كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر قىسىم ئەھۋاللارنى دۇنيا ئالدىدا ئاشكارىلىدى. ئۇ ئاشكارىلىغان ئەھۋاللار ئىچىدە مۇنداقلىرى بار:

--1) ئامېرىكا ئادەتتە دۇنيادىكى كىشىلەر ئەڭ خاتىرجەم ياشىيالايدىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى مىللىي بۆلۈنۈش زىددىيەتلىرى ئانچە يېنىك ئەمەس ئىكەن.

--2) دونالد ترامپ بارلىق ئامېرىكىلىقلارنىڭ پرېزىدېنتى بولماستىن، بەلكى پەقەت مىللەتچى ئاق تەنلىكلەرنىڭ پرېزىدېنتى ئىكەن.


--3) ئەگەر ئامېرىكىدىكى مىللىي بۆلۈنۈش يەنىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ قالسا، ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلار ھەممىدىن ئېغىر زىيانلارغا ئۇچرايدىكەن.

يۇقىرىدىكى 1- ۋە 2-نۇقتىلار ۋەتەنداشلارغا بىر ئاز ئايدىڭ بولسىمۇ، 3-نۇقتا ئۇنچىۋالا ئايدىڭ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدىكى ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن تېلېۋىزور ۋە باشقا ھەر خىل ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كىشىلەر بۇرۇن ئانچە كۆپ ئاڭلىمايدىغان بىر قىسىم سۆزلەر ناھايىتى كۆپ تىلغا ئېلىنىشقا باشلىدى. مەسىلەن، «ئاق تەنلىكلەرنى ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ قارىغۇچىلار» (white supremacists)، «ئاق تەنلىك مىللەتچىلەر» (white nationalists)، «ئاق تەنلىك كەمسىتكۈچىلەر» (white racists)، «ك ك ك» (Ku Klux Klan, KKK)، «ئىتتىپاقداشلار» (confederates)، ۋە نېئو-ناتسىستلار ياكى يېڭى-ناتسىستلار (neo-Nazis) قاتارلىقلار [1، 2]. مەن مەزكۇر يازمىدا يۇقىرىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ بەزىلىرى، ھەمدە ئىشلار داۋاملىق يامانلىشىپ ماڭسا ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىدىغان خىرىسلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمەن. مېنىڭ بۇ قېتىم بايان قىلىدىغىنىم دوكتور ياسىر قازىنىڭ ئامېرىكا مېمفىس ئىسلام مەركىزىدە بۇ يىل 18-ئاۋغۇست (جۈمە) كۈنى سۆزلىگەن خۇتبە نۇتۇقىنىڭ ئۆزۈم تاللىغان مەزمۇنلىرى. تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدىكى مەنبەگە تەۋە بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۆزۈم سۆز قوشماقچى بولسام مەن سۆزۈمنى «ئىلاۋە» بىلەن باشلانغان بىر ئايرىم ئابزاس قىلىپ قىستۇرۇپ قويىمەن.

تۆۋەندىكىسى دوكتور ياسىر قازىنىڭ دېگەنلىرى.

بىر ھەدىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەپ بەرگەن مۇنداق بىر ئىش رىۋايەت قىلىنىدۇ: زامان ئاخىرى يېقىنلاشقاندا، مۇسۇلمانلار ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ھەر قېتىم بىر سىناق كەلگەندە، ئىمان ئېيتقۇچىلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ، «بىز بۇ سىناقتىن ئۆتەلمەيمىز»، دەپ قورقىدۇ. ئەمما ئاللاھ ئۇلارغا ئىشكىنى ئېچىپ بېرىدۇ، ۋە ئاللاھ ھېلىقىدەك ۋەھىمىنى يوق قىلىۋېتىدۇ.

بىز ھازىر ھەر كۈنى، ھەر ھەپتىسى ۋە ھەر ئايدا قانچىلىغان ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتقىنىغا، بىز قانچىلىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتقىنىمىزغا قاراپ باقايلى. ئارىمىزدىكى يېشى چوڭراق كىشىلەر 70-، 80- ۋە 90-يىللىرىدىكى ئەھۋاللارنىڭ ھازىرقىغا نەقەدەر ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار بۇرۇن كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. بىز ھازىر ئۆتكەن ھەپتە چارلوتسۇۋىلدە يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ تەسىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتىمىز. ئۆتكەن ھەپتىدىكى ۋەقە ئامېرىكىنىڭ بىر قاراڭغۇ تەرىپىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۆزلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ قارىغۇچىلار، ك ك ك ئەزالىرى ۋە يېڭى ناتسىستلار ئاپئاشكارا ھالدا، ۋە ھېچقانداق نومۇس ھېس قىلمىغان ھالدا دۇنياغا ئۆزلىرىنىڭ باشقىلارنى كەمسىتكۈچىلەردىن ئىكەنلىكىنى، ھەمدە ئۆزلىرى بۇنىڭدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بىز ئاشۇ بىر جايدىكى بىر ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆردۇق، يەنى، ئۇ يەردە بىر گۇناھسىز كىشى ئۆلدى. ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ئىسپانىيەدىمۇ بىر ۋەقە يۈز بېرىپ، ھازىر بىز ئۆزىمىزدىكى ئاشۇ ۋەقەدىن كېلىپ چىققان روھىي زەخمىنى ساقايتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز. بۈگۈنكى خۇتبىدە بىز ئاشۇ ۋەقەلەرنى ئىسلامىي ئۇقۇملار بىلەن چۈشەندۈرۈپ، مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا بىز مۇسۇلمانلار قانداق قىلىشىمىز كېرەكلىكى، ئاشۇنداق مىللىي ئۆچمەنلىك ھادىسىلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەكلىكى ئۈستىدە توختىلىمىز.




**1**-رەسىم: دوكتور ياسىر قازىنىڭ ئامېرىكا مېمفىس ئىسلام مەركىزىدە **2017**-يىلى **18**-ئاۋغۇست (جۈمە) كۈنى خۇتبە ئوقۇتۇقى سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.

قېرىنداشلار، مېنىڭ ئالدى بىلەن ئەسكەرتىدىغىنىم، بىز ئاشۇنداق قۇتراتقۇلۇق (rhetoric) ھەرىكەتلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خەتەرگە سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. تارىختىن خەۋىرى بارلار تارىختىمۇ ھازىرقىغا ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ قايتا-قايتىلاپ يۈز بەرگەنلىكىنى، كەڭ-كۆلەملىك ئىرقىي

كەمسىتىش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارنىڭ كۆپ قېتىم يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇنداق ئىشلار 1940 – 1950-يىللاردىمۇ يۈز بەرگەن. مەسىلەن، 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكىدىكى 250 مىڭ ئەتراپىدىكى ياپونلۇقلار ئۆز ئۆيلىرىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولاپ قويۇلغان. ئۇلار خىزمەتلىرىدىن ھەيدەلگەن. باللىرى مەكتەپكە بارالمىغان. ئاشۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى ھازىرمۇ ھايات.

ئاشۇنداق ۋەقەلەر بىر كۈن ئىچىدىلا يۈز بەرگەن ئەمەس. ئۇلار يۈز بېرىشتىن بۇرۇنقى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە سۆز بىلەن قۇتراتقۇلۇق قىلىش ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىلغان. 1930 – 1940-يىللىرى ناتسىست گېرمانىيە قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقى بىز ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە بار. ئۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ بىر قىسمىمۇ ھازىرمۇ ھايات. ئاشۇ چاغدىكى چوڭ قىرغىنچىلىق (**Holocaust**) تا جەمئىي 11 مىليون ئادەم ئۆلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 6 مىليون كىشى يەھۇدىيلار بولۇپ، قالغان 5 مىليون ئادەم باشقا مىللەتلەرگە تەۋە كىشىلەر. گېرمانلار ئۆزلىرى ياقتۇرمىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىش نىشانى قىلدى. بۇ 11 مىليون ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن 3 يىل ۋاقىت كەتتى. ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن بولسا ئاشۇ 3 يىلدىن بۇرۇنقى 10 يىل ۋاقىت كەتتى. ئاشۇنداق چوڭ ۋەقەلەرنى سادىر قىلىش ئۈچۈن سىز ئالدى بىلەن سۆز بىلەن قۇتراتقۇلۇق قىلمىسىڭىز، ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بارمىسىڭىز بولمايدۇ.

بىزنىڭ بۇگۈن كۆرۈۋاتقىنىمىز ئەنە شۇنداق ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنقى قەدەم-باسقۇچلىرىدۇر. ئاق تەنلىكلەرنى ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ قارىغۇچىلار، ك ك ك، ۋە يېڭى-ناتسىستلار ھەققەتەنمۇ ھېچ قانداق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ياقتۇرمايدۇ. ئەمما، شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىق بولسۇنكى، بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئۇلارنىڭ ھەممىدىن بەك قارشى تۇرىدىغىنى، ئۇلارنىڭ يوقىتىش تىزىملىكىدە 1-ئورۇندا تۇرىدىغىنى بىزلەر، يەنى مۇسۇلمانلار جامائەتلىرى. ئاللاھ بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. ئەگەر ئامېرىكىدا بۇرۇنقىدەك بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالىدىكەن، بىز ئۇلارنىڭ 1-نىشانىغا ئايلىنىمىز. شۇڭلاشقا بىزنىڭ ھازىر شەكىللىنىۋاتقان ئىرقىي ئۆچمەنلىك خاھىشلىرىغا پەرۋا قىلماي قاراپ تۇرۇشقا ھېچ قانداق ۋاقتىمىز قالمىدى.

ئۇنداقتا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بىر خۇتبىنىڭ ۋاقتىدا بىز ھەممە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بولالمايمىز. شۇڭلاشقا مەن بۇ يەردە بىزگە پايدىلىق بولغان 4 – 5 ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

## 1. بىلىم كۈچ دېمەكتۇر

ھەر بىرىمىز ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ھەققىدە تولۇق بىلىمگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. بىز دۇنيادىن بىخەۋەر ھالدا بىر ۋاكۇئۇمنىڭ ئىچىدە ياشىساق بولمايدۇ. بىز خەۋەرلەرنى كۆرۈشىمىز، ھېلىقىدەك گۇرۇھلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ تارىخىنى، ئۇلارنىڭ نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نېمىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ لىدېرلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ۋە ئۇلار بۇرۇن سادىر قىلغان ۋەقەلەرنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك.

بىز ئۆزىمىزنى ئۇلار بىلەن دىئالوگ ئېلىپ بېرىشقا ۋە باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە تەييار قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر سىز پەرۋا قىلمايدىكەنسىز، پەرۋا قىلمايدىغان باشقا بىر ئادەمگە تەسىر كۆرسىتەلمەيسىز. ئەگەر سىز تارىخنى بىلمەيدىكەنسىز، باشقىلارغا تارىختا يۈز بەرگەن خەتەرلىك ئىشلار ھەققىدە تەلىم بېرەلمەيسىز. بىز ئاشۇ گۇرۇھلارنىڭ ئىدىيىلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن

**ئۆزىمىزنى زۆرۈر بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇشىمىز كېرەك.**

**ك ك ك ئامېرىكىدا بىر يېرىم ئەسىردىن ئۇزۇنراق ۋاقىتتىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ 1860-يىللىرى ئامېرىكىنىڭ تېننېسسى (Tennessee) شتاتىدا بىر قانچە ئىتتىپاقداش (confederate) ئارمىيە ئوفىتسېرلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. ئامېرىكىدا ئىچكى ئۇرۇش بولغاندا، ئاشۇ ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى قۇللۇق تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان. ئۇلار ئاق تەنلىكلەرنى يۇقىرى ئورۇنغا، ۋە قارا تەنلىكلەرنى تۆۋەن ئورۇنغا قويىدىغان قۇللۇق تۈزۈمىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان. ئاخىرىدا ئۇلار ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، ئۇرۇشتا ئابراھام لىنكولىن (Abraham Lincoln) ئۇتتۇپ چىقتى. ئاشۇ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغان كونفېدېرېت (ئىتتىپاقداش) ئارمىيىسىنىڭ باشلىقلىرى ك ك ك نى قۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ك ك ك ئاق تەنلىكلەر ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دېگەن ئىدىيىنى تەرغىب قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ.**

**ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكىدا ك ك ك ئۆچمەنلىك قىلىدىغانغا مۇسۇلمانلار يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار كاتولىك دىنى مۇخلىسلىرى بىلەن يەھۇدىيلارغا 1-ئورۇندا ئۆچمەنلىك قىلغان ئىدى. گەرچە تېرىلىرىنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولسىمۇ، ك ك ك ئاشۇ دىنلارغا ئۆچمەنلىك قىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا ئافرىقىلىق ئامېرىكىلىقلار، ئۇنىڭدىن كېيىن كوممۇنىستلار قاتارلىق ك ك ك بىلەن ئىدىيە بىرلىكى يوق بارلىق كىشىلەر تۇرغان ئىدى. شۇنداقلا ئۇلار زوراۋانلىق ئىش-ھەرىكەتلەرگە تايانغان ئىدى. سەۋەبى، ئوتتۇراھال كىشىلەر ئىرقىي كەمسىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئەمەس بولۇپ، ك ك ك ئۈچۈن باشقىلارنى باش ئەگدۈرۈشتە زوراۋانلىققا تايىنىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. ئۇلار زوراۋانلىق ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يۈزلىرىنى ھېلىقىدەك ئاق خالتىلار بىلەن يېپىۋالغان ئىدى.**

**ئاق ئۇچلۇق خالتىدىن ياسالغان باش كىيىمى ئەسلىدە بۇنىڭدىن 500 يىللار بۇرۇن ئىسپانىيەدە ئىشلىتىلگەن. يەنى، ئەينى ۋاقىتتا ئىسپانىيەدە مۇسۇلمانلارنى تازىلاش ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ھېلىقىدەك ئاق ئۇچلۇق باش كىيىمنى شۇ ۋاقىتتىكى ئىسپانىيە ئەسكەرلىرى كىيگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باش كىيىمى باشقا ئىرقتىكىلەرنى تازىلىغۇچىلارنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. ئامېرىكىدىكى ك ك ك ئەزالىرى ئاق ئۇچلۇق باش كىيىمى ۋە ئاق كۆينىكىنىڭ قورسىقىدىكى قىزىل رەڭلىك قوشۇش بەلگىسى قاتارلىقلارنى ئاشۇ 500 يىلدىن بۇرۇنقى ئىسپانىيە تازىلىغۇچىلىرىنى دوراپ ياساپ چىققان.**



ئەگەر تارىختا قاراپ باقىدىغان بولساق، 1500-يىللىرى ئىسپانىيە ئۆزىنى «پەقەت كاتولىكلارنىڭ دۆلىتى» دەپ جاكارلاپ، ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىيلار ئۇستىدىن تازىلاش ئېلىپ بارغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ك ك ك ئەزالىرى كېيۇالغان كىيىم ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسپانىيە تازىلىغۇچىلىرىنىڭ كىيىمىدىن كەلگەن.

نېئو-ناتسىستىنىڭ مەنىسى «يېڭى ناتسىست» دىن ئىبارەت. ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ناتسىستلارنىڭ يادرولۇق ئىدىيىسى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. ئۇلار «خۇدا بىزگە باشقا بارلىق مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن؛ خۇدا بىزنى تاللىغان؛ بىز خۇدا تاللىغان مىللەت؛ بىز خۇدا ياخشى كۆرىدىغان مىللەت»، دەپ قارىغان. ئۇنىڭدىن 80 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئاشۇ كىشىلەرنىڭ پۈشتىدىن بولغانلارنىڭ «ئاق تەنلىكلەر ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ»، دېگەن ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر قىسىم ئىشلىرىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۇلار ھازىر «ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ، بىز ئايغا چىقتۇق، بىزدە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ بىنالار بار، بىزدە دۇنيا بويىچە ئەڭ كۈچلۈك قوراللار بار. بىزنىڭ ئاشۇنداق قىلالىشىمىزدىكى سەۋەب بىزنىڭ تېرىمىز ئاق-رەڭلىك بولغانلىقىدا»، دەۋاتىدۇ. يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى بىلەن باغلاۋاتىدۇ. ھەمدە ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان بارلىق رەزىل ئىشلاردىن پەخىرلىنىۋاتىدۇ.

بۇ ئەھۋاللارنى بىر قانچە نۇقتىغا پارچىلاپ چۈشەنگەندە ئۇنىۋمى ياخشى بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، ئاق تەنلىك مىللەت ۋە قارا تەنلىك مىللەت، دەيدىغان گەپ يوق. بىئولوگىيىلىك ۋە پەننىي نۇقتىدىن قارىغاندا ئۇنداق ئىش مەۋجۇت ئەمەس. ئادەم تېرىسىنىڭ رەڭگى بىلەن ئۇنىڭ ئەجدادى ۋە يادىكارلىقى ئوتتۇرىسىدا ھېچ بىر مۇناسىۋەت يوق. ھەمدە ھەر بىر ئىنسان كۆپلىگەن مەدەنىيەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل مەدەنىيەت ئىچىدە ياشايدۇ. ھازىر يۇتيۇبنى تەكشۈرسىڭىز، بىر ئاق تەنلىك ئۆزىنىڭ DNA سىنى تەكشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەجدادى ئافرىقىلىق بولۇپ چىققانغا ئوخشاش ئەھۋاللارنى ناھايىتى كۆپ بايقايسىز. ئاق تەنلىك مىللەت، دەيدىغان بىر مىللەت مەۋجۇت ئەمەس. ھەممىمىزنىڭ مىللىتى ئارىلىشىپ كەتكەن. ھازىر «ساپ مىللەت»، دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئوخشىمىغان مىللەت كىشىلىرىنىڭ بەدەنلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەزالىرىمۇ بىر-بىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئادەملەرنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئۇلار بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىئولوگىيىلىك ۋە باشقا پەننىي ئاساس مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭلاشقا سىز باشقىلارنى كەمسىتىدىغان بىرى بولۇش ئۈچۈن سىز چوقۇم ئوقۇمىغان بىر ئادەم بولۇشىڭىز كېرەك.

تارىخ ئاق تەنلىك مىللەتچىلەرنىڭ تەشەببۇسلىرىغا زىت كېلىدۇ. تارىختا ھەر بىر مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەن ۋە خارابلاشقان دەۋرلىرى بار بولغان بولۇپ، بۇنى تارىختىن ئازراقلا خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. ھازىرقى زامان دەۋرىدە غەرب مەدەنىيەتلىرى تېخنولوگىيە ساھەسىدە باشقا مەدەنىيەتلەرنى ھەقىقەتەنمۇ بېسىپ چۈشتى. بۇنىڭدىن 500 يىللار بۇرۇن باشقا مەدەنىيەتلەر ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان. مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا بولسا يەنە باشقا مەدەنىيەتلەر ئەڭ گۈللەنگەن. مۇسۇلمانلارمۇ دۇنيانى 700 يىلدەك ۋاقىت سورىغان. مەلۇم بىر مىللەت پۈتۈن تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىدە دۇنيانى سورىغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس. ھازىرقى دەۋردىكى غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىمۇ پەقەت تېخنولوگىيە ساھەسىدە نامايان بولۇۋاتىدۇ. ئەمما ئۇلار ھاياتنىڭ قىممىتى، ئەخلاق، مېھرىبانلىق، ياشانغانلاردىن خەۋەر ئېلىش، كەمبەغەللەرگە ساخاۋەتلىك قىلىش جەھەتلەردە

هازىرمۇ ئۈستۈن ئورۇندا ئەمەس. يېقىندا ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، يۇقىرىدىكى ساھەلەردە مۇسۇلمانلار باشقىلاردىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇلاردىن باشقا بىر تارىخنى ئۇنتۇلۇپ قالساقمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، ئەنگلىيە دۇنيانىڭ يېرىمىنى بېسىۋېلىپ، باشقىلارنى تالان-تاراج قىلىش بەدىلىگە دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك دۆلەت بولۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن. ئامېرىكىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى قۇل قىلىش بەدىلىگە بىر ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققان.

مىللەت بىر خىل ئىجتىمائىي يارالغۇ (social construct) دىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنىڭ مەنىسى ئاق تەنلىك، سېرىق تەنلىك ۋە قارا تەنلىك ئۇقۇمى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، ئۇنى ھەر خىل جەمئىيەتلەر ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ياساپ چىققان. ئۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. تېرىسىنىڭ رەڭگىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممە ئادەملەرنىڭ قېنى ئوخشاش، DNA سى ئوخشاش، ۋە ئىچكى ئەزالىرىمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ بىئولوگىيىلىك ۋە پەننىي ئاساسى يوق.

## 2. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ھازىر نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش

ھازىر يەھۇدىيلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىش، ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش خاھىشلىرى باش كۆتۈردى. ئەمەلىيەتتە ھازىر ئىسلامغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان بىر قىسىم سىياسىي ساناتئەت ۋە ئىقتىسادىي ساناتئەتلەر مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار قورقۇنچلۇق ۋە ئەندىشە پەيدا قىلىش بەدىلىگە پايدا كۆرىدۇ. ئۇلار بىر گۇرۇپپا كىشىلەر ئارقىلىق يەنە بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنى قورقۇتۇپ، شۇ ئارقىلىق پايدا ئالىدۇ. ئۇلار ھازىر مۇسۇلمانلاردىن باشقىلارنى قورقۇتۇش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىۋاتىدۇ.

گىتلېرنىڭ ئاساسلىق مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بىرى مۇنداق دېگەن: «تېررورلۇق ئەڭ ئۈنۈملۈك سىياسىي قورالدۇر.» سىز ئۆز خەلقىڭىزنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالسىڭىز، ئۇلار خۇددى قويلارغا ئوخشاش ھەر قانداق ئىشلارنى قىلىشقا ئۇنايدۇ. گىتلېرنىڭ بىر مەسلىھەتچىسى مۇنداق دېگەن: «بىز ئۆز خەلقىمىزنى قاتتىق ۋەھىمىگە سېلىشىمىز كېرەك. ئۇلارنى يەھۇدىيلاردىن، سىگانلاردىن، كوممۇنىستلاردىن، سوتسىيالىستلاردىن ۋە باشقىلاردىن قاتتىق قورقىدىغان قىلىشىمىز كېرەك. ئاندىن بىز يەھۇدىيلارنى ئۆيلىرىدىن تۇتۇشقا باشلىساق، ئۇنىڭغا ھېچ كىم گەپ قىلمايدۇ.» دىكتاتور تۈزۈمىدىكى ئەڭ ياخشى قورال تېررورلۇقتىن ئىبارەت. بىز بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشىنىشىمىز كېرەك. بىر قىسىم كىشىلەر بۇ ئۇقۇمنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ.

ناتسىستلارنىڭ بىر ئاساسلىق تەشۋىقاتچىسى مۇنداق دېگەن: «خەلق ئۇرۇشقا بېرىشنى ئەلۋەتتە خالىمايدۇ. خەلق ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدۇ. ئەمما ئۇلارنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش ئىنتايىن ئاسان. سىز پەقەت ئۇلارغا دەپ، سىز تۇتقان يولغا قارشى چىققانلارغا دېگەن قالپاقنى كىيدۈرسىڭىز، ھەممە خەلققە، دېسىڭىزلا كۇپايە قىلىدۇ.»

ئەمدى بىز 80 يىل ئالدىمىزغا مېڭىپ، ھازىر ئامېرىكىدا تارقىتىلىۋاتقان فوكس خەۋەرلىرىنى كۆرۈپ باقايلى. ئۇلارنىڭ دېيىدىغانلىرى بىلەن ناتسىستلارنىڭ تەشۋىقاتلىرىنىڭ ھېچ قانداق پەرقى يوق. ئۇلار سولچىلارنى بۇزۇپ تەشۋىق قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپنى مەسخىرە قىلىدۇ. ۋەتەنپەرلەرنىڭ ۋەكىلى، دەپ خاتا ئادەملەرنى كۆككە كۆتۈرىدۇ.

تارىختا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن: ئامېرىكىلىقلار فىلىپپىننى بېسىۋېلىپ، ئۇنى بىر مۇستەملىكىگە

ئايلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن فىلىپپىنلىقلار ئامېرىكىلىقلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا فىلىپپىن نوپۇسىنىڭ زور بىر قىسمى مۇسۇلمانلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مۇسۇلمانلارمۇ ئامېرىكىلىقلارغا قارشى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. مۇشۇ ۋەقەلەر ھەققىدە توقۇلغان بىر ھېكايىمۇ بار بولۇپ، بۇ ھېكايىدە «گرېگورىئو دېل پىلار» (**Gregorio del Pilar**) ئىسىملىك بىر ئامېرىكىلىق گېنېرال چوشقا قېنىغا چىلانغان ئوقلار بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەرگە كۆمۈلگەن مۇسۇلمانلار چوشقا قېنى بىلەن بىللە كۆمۈلىدۇ. بۇ بىر يالغان ھېكايە بولسىمۇ، يېقىندا ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترامپ ئاشۇ گېنېرالنى تىلغا ئېلىپ ماختاپ، رادىكال ئىسلام تېرروررىستلىرىغا ئاشۇ گېنېرالغا ئوخشاش زەربە بېرىش كېرەك، دېدى. بۇ كىشلەرنى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۈندەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. فىلىپپىندا يۈز بەرگەن ئاشۇ تارىخىي ۋەقەلەردە ئامېرىكا تاجاۋۇزچى بولۇپ، فىلىپپىنلىقلار بولسا ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئەركىنلىك جەڭچىلىرى ئىدى.

**ئىلاۋە: فىلىپپىن – ئامېرىكا ئۇرۇشى 1899 – 1902-يىللىرى يۈز بەرگەن [4].**

يۇقىرىقىغا ئوخشاش پسىخولوگىيە ئۇرۇشىغا چېتىشلىق كىشلەرنى مۇنداق ئىككى خىل ئادەملەرگە ئايرىش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىرى مەقسەتلىك ھالدا يالغان سۆز تارقىتىدىغانلار. فوكس خەۋەرلىرى بۇنىڭ بىر مىسالى. ئۇلار «ھازىر ئىسلام تەھدىتى مەۋجۇت»، دېگەنگە ئوخشاش يالغان سۆزلەرنى تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىر توپ كىشلەر بار يەرگە ماشىنىسىنى ھەيدەپ بېرىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشى بىلەن بىر دۆلەت گۇمران بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما پۈتۈن خەلق ئاممىسى ئىچىدە ۋەھىمە پەيدا قىلسىڭىز، ئۇلار ئۆز-ئارا سوقۇشۇشقا باشلاپ، كەڭ-كۆلەملىك قىرغىنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۆلەتنى ۋەيران قىلىدۇ. بۇنداق يالغانچىلارنىڭ كۈچلۈك ھوقۇقلىرى بار، ھەممە ناھايىتى كۆپ پۇلىمۇ بار. بىز بۇنداق كىشلەرگە قارىتا ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، ئاللاھتىن ياردەم تىلەشتىن باشقا ئىش قىلالمايمىز.

ئۇ كىشلەرنىڭ يەنە بىر خىلى ئەتراپىمىزدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت. بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئادەتتىكى ئامېرىكىلىقلار تېخىچە بىرەر مۇسۇلماننى كۆرۈپ باققان ئەمەس. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلار ھەققىدىكى يالغان تەشۋىقاتلارغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئىشلار گىتلېرنىڭ ۋاقتىدىمۇ يۈز بەرگەن. گېرمانىيە خەلقى يالغان تەشۋىقاتلارغا ئىشىنىپ، گېرمان ساقچىلىرى ئۆيمۇ-ئۆي ئىزدەپ يەھۇدىيلارنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىغاندا، گېرمان خەلقى بىر تەرەپتە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرغان. شۇڭلاشقا بىز ئامېرىكا خەلقىگە مۇسۇلمانلارنىڭ قانداق كىشلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. ئۇلارغا مۇسۇلمانلار ھەققىدە توغرا چۈشەنچە بېرىشىمىز كېرەك. بۇ ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش. بۇ جەھەتتە ئامېرىكا خەلقى گۇناھكار ئەمەس، ئەمما گۆدەك. ئۇلار سەممىي، ئەمما خاتا يېتەكلەنگەن. بىز ئاشۇ كىشلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىمىز. ئۇلار «بىز تەھدىت ئاستىدا تۇرۇۋاتىمىز»، دېگەنگە راستلا ئىشىنىدۇ. ئۇلار «بىزنى مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرۈپ، ئامېرىكىنى تارتىۋالىدۇ»، دېگەنگە راستلا ئىشىنىدۇ. ئۇلارنى ئاشۇنداق خاتا چۈشەنچىلەردىن قۇتۇلدۇرۇش بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسى. بۇ ئىشتا ھەر بىر مۇسۇلمان ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىيالايدۇ.

**ئىلاۋە: دوكتور ياسىر قازى بىر ئىسلام ئۆلىماسى ياكى ئىسلام دىنى ئالىمى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن ساھەسىدىمۇ كەڭ بىلىمگە ئىگە. شۇنداقلا مۇشۇنداق بىر خۇتبە نۇتقى**

سۆزلەشتىن بۇرۇن، ئۇ سۆزلىمەكچى بولغان مەزمۇنغا ئائىت باشقا پەننىي بىلىملەرنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، ۋە ئۆگىنىپ، ياخشى تەييارلىق قىلىدۇ. ئۇ مەزكۇر خۇتبىنى سۆزلەشتىن بۇرۇن خېلى كۆپ تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقىپتۇ. يەنە بىر نۇقتىدا، مەن ئوقۇرمەنلەرگە ئەينى ۋاقىتتا گېرمانىيەدە يۈز بەرگەن ئەھۋال، ۋە ھازىر ئامېرىكىدا يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋال بىلەن 2009-يىلىدىن باشلاپ ۋەتەنىدىكى ئۇيغۇرلارغا يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنى باغلاپ تەھلىل قىلىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

## 3. ئىسلام ئىرقىي كەمسىتىشكە قانداق قارايدۇ؟

ئىسلامنىڭ قارىشىچە، تارىختىكى تۇنجى ئىرقىي كەمسىتكۈچى بولسا ئىبلىستۇر. شۇڭلاشقا ئىرقىي كەمسىتىش بىلەن شۇغۇللانغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شەيتانلىق خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئىرقىي كەمسىتكۈچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئورنى شەيتاننىڭ ئورنى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. ئىبلىس «مېنىڭ قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىم مېنى باشقىلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ»، دەپ قارىغان. بىز كىشىلەرگە بۇنداق باھا بەرسەك بولمايدۇ.

ئىرقىي كەمسىتىش ئىنسانىيەت تارىخى باشلانغاندىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئەمما ئىسلام ئىرقىي كەمسىتىشنى قۇرۇتۇپ تاشلىدى. تارىختىكى ھېچ قانداق بىر جەمئىيەت ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكى ھەققىدە تەلىم بېرىپ باقمىغان بىر ۋاقىتتا، ئىسلام ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەچچە يۈز مىڭ ئادەم ھەج ئۈچۈن يىغىلغان بىر سورۇندا سۆز قىلىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى بىكار قىلدى. ئۇ، ئىنسانلارنى ئىرقىي كەمسىتىش ۋە تەبىقىلەر ئارا بىر-بىرىنى كەمسىتىش ياكى چەتكە قېقىشنى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىشكە چاقىردى.

بىز ھازىر باشقىلارنىڭ ئىرقىي كەمسىتىش قىلمىشلىرىنى تەنقىد قىلىۋاتىمىز. ئەمما ئۇنداق قىلمىش ھازىر ئۆزىمىزدىمۇ مەۋجۇت. شۇڭلاشقا بىز باشقىلارنى تەنقىد قىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىشىمىز كېرەك.

## 4. ھەمكارلىشىش ۋە ئىتتىپاقلىشىش

بىز ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. ئاندىن باشقا گۇرۇپپىلار بولغان ھەمكارلىقنى ياخشىلىشىمىز كېرەك. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ھەممىدىن مۇھىم. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن، باشقا گۇرۇپپىلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش يولىدا تىرىشىشىمىز كېرەك.

ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلار پۈتۈن ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ ئاران بىر پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ سان ھەرگىزمۇ بىر چوڭ سان ئەمەس. بىز قۇرۇلتاي ئاچقاندا ناھايىتى كۆپ مۇسۇلمانلارنى كۆرىمىز. شۇنچە چوڭ زالنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسچىتلەردىمۇ ھەم شۇنداق. ئەمما بىزنىڭ نوپۇسىمىز ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ بىر پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدۇ. بۇ بىر خەتەرلىك ئەھۋال. ئەگەر قالغان 99 پىرسەنت ئادەم خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قالىدىكەن، بىزنى پەقەت ئاللاھلا قوغداپ قالالايدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئۇششاق ئىشلار بىلەن ئۆز-ئارا زىددىيەتلىشىشنى توختىتىپ، چوقۇم ھەممىمىز قاتتىق ئىتتىپاقلىشىشىمىز كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھالقىلىق پەيتلەردە قۇرەيشلەر بىلەنمۇ ھەمكارلىق تۈزگەن. بىزمۇ شۇنىڭدەك قىلىشىمىز كېرەك.

تارىخنى ئۆگىنىپ باققان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن بىر ئاز چۆچۈيدۇ.

**شۇڭلاشقا بىز پاسسىپ ھالدا ياخشى كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرماي، يۇقىرىدا تەۋسىيە قىلىنغان جەھەتلەردە ئۆزىمىز ئاكتىپلىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.**

## پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

**[1] Charlottesville White Nationalist Rally Violence Prompts State of Emergency**
**https://www.nbcnews.com/news/us-news/torch-wielding-white-supremacists-march-university-virginia-n792021**

**[2] Mike Muse Discusses President Trump's Comments Against the Media and His Failure to Fully Condemn KKK Riots**
**http://swaysuniverse.com/mike-muse-discusses-president-trumps-comments-against-the-media-and-his-failure-to-fully-condemn-kkk-riots/**

**[3] The Rise of the Far Right - Shaykh Dr Yasir Qadhi**
**https://www.youtube.com/watch?v=jli8FulUjA8**

**[4] Philippine–American War**
**https://en.wikipedia.org/wiki/Philippine%E2%80%93American_War**

# ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە ئوقۇش ۋە خىزمەت تارىخى

- 1958: ئاقسۇدا تۇغۇلغان
- 1965-1971: ئاقسۇ شەھەرلىك 4-باشلانغۇچتا ئوقۇغان
- 1971-1976: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان
- 1976-1978: ئونسۇ ناھىيىسىدە «قايتا تەربىيە» ئالغان
- 1978-1983: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكلاۋۇرلۇقتا ئوقۇغان
- 1983-1984: شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان
- 1984-1985: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان
- 1985-1988: ياپونىيەدە ئوقۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان
- 1988-1990: ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان
- 1990-1995: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (Davis) تە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان
- 1995-1997: كالىفورنىيەدىكى «ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى» دا دوكتور-ئاشتى بولغان
- 1997-2004: كالىفورنىيە كىرىمنىي جىلغىسىدىكى ئۈچ شىركەتتە ئىشلىگەن
- 2004-ھازىرغىچە: كالىفورنىيە لوس ئانژېلىس رايونىدىكى NASA مەركىزى JPL دە ئىشلەۋاتىدۇ